
# تارىم

6

1993

## بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز



ئۇ (ئوڭدىن بىرىنچى كىشى) مەرھۇم ئەھمەد زىيائى بىلەن بىللە.

ھاجى مىرزاھىد كېرىمى كۆزگە كۆرۈنگەن شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرى 1956 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان. ھازىرغىچە ئۇنىڭ «ئالتۇن ئاچقۇچ»، «قاناتلانغان تىلەك»، «ھېيتگاھتا ھېيت كۈنى»، «سۈزۈك تاراملار» قاتارلىق شېئىر ۋە داستانلار توپلىمى نەشر قىلىندى. 3 قىسىملىق «جۇدالىق» ناملىق رومانىنى يېزىپ پۈتتۈردى. بۇ رومانىنىڭ 1 ـ قىسمى نەشىردىن چىقتى. ھازىر «زەرەپشان تۇمانلىرى» ناملىق رومانى ئۈستىدە ئىشلىمەكتە.



ئۇ قەلەمداشلار بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھىدا.



ئۇ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە.

# ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

43-يىل نەشرى

6

1993


باش مۇھەررىر

مۇھەممەت شاۋۇدۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر

ئارسلان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

تەھرىر ھەيئەتلەر

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇسالام توختى، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، ئابدۇراخمان ئەبەي، ئارسلان، ئالىمجان ئىسمائىل، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن، خالىدە ئىسرائىل، زوردۇن سابىر، قەييۇم تۇردى، مۇھەممەت شاۋۇدۇن، مۇختار مەخسۇت، ئوسمانجان ساۋۇت، ئىمىن تۇرسۇن.

## بوستاندا

### نەسري ئەسەرلەر


سەيپىدىن ئەزىزى ........ نەسىرلەر ........ 24
ھەسەن ئوسمان ........ ئاھ، ئاق پەرىشتە (نەسىر) ........ 28
ئابدۇللا ساۋۇت ........ تۇمان باسقان مەھەللە (ھېكايە) ........ 35
مۇھەممەت باغراش ........ جەزىرە (پوۋېست) ........ 60


### شېئىرلار


توختى سابىر ........ ماناس تۈيغۇلىرى ........ 48
ئابدۇكېرىم مەخسۇت ........ ئىككى شېئىر ........ 50
ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر ........ يۈرەك كۈيلىرى ........ 51
ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن ........ شېئىرلار ........ 53
زۇمرەت قېيۇم ........ چۇشۇمدە يەنىلا شۇ «تەقدىر» كۈيى ........ 55
ئۇرگۈل يۇنۇس ........ شېئىرلار ........ 56
ئالىم تۇرسۇن ........ ئىككى شېئىر ........ 58
ھوشۇر روزى ........ بەخت ھەققىدىكى خىيال ........ 59


### بالىلار ئەدەبىياتىدىن


سۇلتان ھاشىم ........ يىلانلىق قورۇق (فانتازىيىلىك پوۋېست) ........ 4
تۇرسۇنمەھەممەت پەخرىدىن ........ شېئىرلار ........ 20
مەھەممەت روزى ........ بالىلار شېئىرلىرى ........ 22


### گۈلىستاندىن گۈل دەستە


ماھىرە ئابلاجان ........ ئاھ، تەقدىر شۇنداقمىدۇ (ھېكايە) ........ 81
بەختىيار پازىل ........ موماەنىڭ كالچى (ھېكايە) ........ 90
نۇرمەھەممەت ئىسمايىل ........ توزاق (ھېكايە) ........ 93
نۇرمەھەممەت سايىم ........ شېئىرلار ........ 97
دىلشات ئابلىز ........ شېئىرلار ........ 99

مۇسا ئەھەد ......... شېئىرلار ......... 100
تۇرسۇن ئىمىن......... سەن پۇتمەس بىر سۆيگۈ، مۇقەددەس قىبلە (شېئىر) ......... 103
ئابدۇكېرىم ئەھەت ......... سەندىن (شېئىر)......... 105
ئابدۇغېنى ئوسمان ......... ئىككى شېئىر ......... 107

## مۇھاكىمە

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ......... «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ شېئىرىي قىممىتى توغرىسىدا ......... 108

## ئەسەر ۋە باھا

ئابدۇللا مەتقۇربان ......... بالىلىرىمىز مۇشۇنداق ئەسەرگە موھتاج ......... 131

## كۇرسانتلار ئەسەرلىرىدىن

مەريەم تۇردى ......... يوقاپ كەتكەن ئايال (ھېكايە)......... 136
ئابلىكىم ئابلىمىت ......... يېتىملىك (ھېكايە)......... 146
ئەھەد ئابدۇراخمان ......... تەھرىر تاغامغا خەت (ھېكايە) ......... 148
ئايمەمەت سايىپ ......... دوپپا (ھېكايە)......... 151
پاشاگۇل ئىسمايىل، ئالىم ياۋا، گۇلباھار مۇسا، ئابابەت روزى، ھۇرمەتلى، ئامانگۇل ئىلى، رەيھانگۇل غوجابدۇل، چوپانى، ئەنۋەر ياقۇپ، تۇرسۇنتوختى مەتتوختى (شېئىرلار)
شۇكۇر يالقىن ......... يېڭى لەتىپىلەر ......... 160

رەسسام ۋە خەتتات: مەھەممەت ئايۇپ




(فانتازىيىلىك پوۋېست)

1

زېمىن كۆيمەكتە، دەھشەتلىك گۈرۈلدەپ قاراسلاپ يېرىلغان يېرىقلاردىن فون-تاندەك ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ئوت تۈۋرۈكلىرى ئاسمانغا يالىشاتتى ۋە چېچىلىپ، ئېگىلىپ غايەت زور ئوت قاينىمىنى ھاسىل قىلاتتى؛ ئاسماننى قاپلىغان قويۇق تۈتۈن ھەممىلا ياقنى يالماپ كېلىۋاتقان شىددەتلىك يانغىننىڭ شولىسىدىن قىزىرىپ، گويا ئاسمانمۇ كۆيۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئاسمان-زېمىن گۈركىرەيتتى، ھەممە ياق قانغا بويالغاندەك قىزىرىپ كەتكەنىدى.

ئۇ قارا تەرگە چۆمۈپ، جان ھەلقۇمغا كەلگەندە پەيدا بولىدىغان تەلۋىلىك بىلەن ئالدىدا غۇۋا كۆرۈنگەن چوققىغا قاراپ جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈرەيتتى. ھەيۋەتلىك ھەم غەزەپلىك يانغىن ھەر تەرەپكە سوزۇلغان ئۇزۇن قىزىل تىللىرى بىلەن ئۇچرىغان نەر-سىنى كۆلگە ئايلاندۇرۇپ بوسۇپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ جان-جەھلى بىلەن چوققىغا ياماشتى. ئۇنىڭ يۈز-كۆزى، پۇت-قولى قانغا بويالدى، لېكىن ئۇ ئاغرىقنى سەزمەيتتى، ئۇ پەقەت چوققىغا چىقىۋېلىپ، يانغىننىڭ كۆيدۈرۈپ كۆل قىلىۋېتىشىدىن ساقلىنىپ قېلىشنىلا ئويلايتتى.

ئۇ چوققىغا چىقىۋالدى ۋە ھالسىراپ كەتكەنلىكتىن ئۆرە تۇرالماي ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ ئوڭدا ياتتى، لېكىن شۇ ھامان بەدىنىنىڭ قىزىپ كېتىۋاتقانلىقىغا چىدىيالماي، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى؛ يانغىن چوققىغا يامىشىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا قويۇندەك ئايلىنىۋاتاتتى. ئۇ بارغانسېرى تارىيىۋاتقان ئوت مۇھاسىرىسىگە قاراپ ئۈمىدسىزلەندى. «ئاھ خۇدا، ماڭا رەھىم قىل» دېدى ئۇ قوللىرىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قاراپ. شۇ ئەسنادا نېمىدۇر ئۇنىڭ قولتۇقلىرىدىن يېنىككىنە قىسىپ تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى كۆتۈرۈپ ساماغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ يۇقىرىغا قارىيالمايتتى، ئەمما بىر تۇرۇپ قېقىلغان قانات ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك، بىر تۇرۇپ چىرايلىق بىر قىزنىڭ سىماسىنى كۆرگەندەك بولاتتى. ھېلىلا يەر-جاھاننى قاپلىغان يانغىندىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ئۇنىڭ ئاستىدا يېشىللىققا پۈركەنگەن كەڭ ۋادا نامايان بولدى. «قۇتۇلدۇم،— دېدى ئۇ ئىچىدە،— لېكىن مېنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان نەرسە نېمىدۇر.» ئۇ ئاخىرىنى ئويلاشقا ئۈلگۈرمىدى، ئۇنى قىسىپ تۇتۇپ تۇرغان قول بوشاپ كەتتى. ئۇ يەرگە قاراپ ئېتىلغان ئوقتەك چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ۋارقىرايتتى، جارقىرايتتى، پۇتى يۇمشاق چىملىققا يېنىك تەگكەندىمۇ، خۇدىنى بىلمەي تىپچەكلەيتتى...

ئوسمان ئەپەندى ئىككى قولى مەيدىسى ئۈستىدە كىرىشتۈرۈلگەن، بېشى ياستۇقتىن چۈشۈپ كەتكەن ھالەتتە چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ دەرھال ئۆزىنگە كېلەلمەي تورۇسقا تىكىلگىنىچە بىردەم ياتتى، يۈرىكى قاتتىق سوقۇۋاتاتتى. ئۇ ئۆز ئۆيىدە— كارىۋىتىدا ياتقانلىقىنى بىلىپ، دوزاخ ئازابىدىن قۇتۇلغاندەك چوڭقۇر ئۇھ تارتتى، ئاندىن جەينەكلىرىگە تايىنىپ كۆتۈرۈلۈپ ئولتۇردى.

— قارا بېسىپتۇ، قولۇم يۈرىكىمنىڭ ئۈستىدە بولۇپ قاپتۇ،— دېدى ئۇ ئۆي ئىچىدىكى غۇۋا قاراڭغۇلۇققا قاراپ،— زاۋال ۋاقتىدا ئاسان قارا باسىدۇ دەپ ئاڭلىۋېدىم، ئۆزۈممۇ بىمەھەل ئۇخلاپ قاپتىمەن.

ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ چىراغنى ياقتى. پۇت-قوللىرى ھېلىھەم تىترەپ تۇراتتى، پۈتۈن ئەزايى تەرلەپ كەتكەنىدى. ئۇ يۇيۇنۇش ئۆيىگە كىرىپ، سۇنى شارقىرىتىپ قويۇۋېتىپ يۇيۇندى. سوغۇق سۇ ئۇنىڭ نېرۋىلىرىنى سەگىتىپ ئەسلىگە كەلتۈردى. ئۇ كۆڭلىكىنى كىيىپ، يېزىق ئۈستىلىنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى.

ئۇ ئۈستەلنىڭ بىر چېتىدە رەتلىك دەستىلەپ قويۇلغان دەپتەرلەرنىڭ ئەڭ ئۈستىدىكىسىنى ئېلىپ ۋاراقلاپ، كېرەكلىك بەتنى تاپقاندىن كېيىن تەكشىلەپ، ئەمدىلا كۆز يۈگۈرتۈپ تۇرۇشىغا ئىشىك ئاستا چېكىلدى. ئۇ دەپتەردىن كۆز ئۈزۈپ، ئاۋاز چىقارماستىن مېڭىپ ئىشىك تۈۋىگە كەلدى ۋە كۆزىتىش ئەينىكىدىن قارىدى، لېكىن كۆزىگە ئالە-يېشىللىقتىن باشقا نەرسە كۆرۈنمىدى؛ ئىشىك يەنە چېكىلدى. ئۇ، ھازىر ھەممىلا ئادەمگە ساقايماس كېسەلدەك يېپىشىۋالغان ئېھتىياتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن زەنجىرنى تۆت ئىلىنىڭ ئېچىلىدىغان قىلىپ توغرىلاپ ئىشىكنى قىيا ئاچتى.

— سىز ئوسمان ئەپەندى بولسىڭىزغۇ دەيمەن،— دېدى بەدىنىنىڭ يېرىمىلا كۆرۈن-

گەن بىر ئايال.

— شۇنداق، مەن ئوسمان ئەپەندى بولىمەن، خانىم.

— كەچۈرىسىز، خانىم ئەمەس خېنىم، — دەپ تۈزەتتى بىر قىز. ئۇنىڭ ئاۋازى يېقىملىق ئىدى، — سىز بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىدىم، كىرسەم بولامدۇ؟

— ئەلۋەتتە بولىدۇ، قېنى، مەرھەمەت.

ئوسمان ئەپەندى ئايال كىشىدىن شۇنچە ئېھتىيات قىلىپ كەتكەنلىكىگە ئىچىدە ئۆزىدىن رەنجىدى، خىجىللىقىنى بىلىندۇرمەسلىك ئۈچۈن ئىشىكنى ئىتتىك ئېچىپ، ھۆرمەت بىلەن بىر چەتكە ئۆتۈپ تۇردى.

زىلۋا قامىتى يېشىل گۈللۈك رەختە ئەڭ يېڭى مودىدا تىكىلگەن يارىشىملىق كۆڭلەككە لىسسىدە كەلگەن قىز كۈلۈمسىرەپ كىرىپ كەلدى. ئوسمان ئەپەندى ئالدىراپ قالدى، لېكىن جايىدىن قىمىرلىيالمىدى. قىزنىڭ ئاجايىپ گۈزەللىكى ئۇنى ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويغۇدەك ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغانىدى.

— سىزنى ئاۋارە قىلىپ قويدۇم، ئوسمان ئەپەندى، — دېدى قىز ئۇنىڭ بېشىدىن - ئايىغىغىچە ئىتتىك كۆز يۈگۈرتۈپ. ئۇنىڭ شېشىدەك پارقىراپ تۇرغان يۈزىگە ئۆزىدىن قانائەتلەنگەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان تاتلىققىنا بىر كۈلۈمسىرەش قوندى، — كەچۈرىسىز، ئۆزۈمنى تونۇشتۇرماپتىمەن. ئىسمىم زەمىرە، «قىزىقارلىق خەۋەرلەر» گېزىتىنىڭ مۇخبىرى بولىمەن.

قىز قولىدىكى ئالىقانچىلىك قاپچۇقتىن يېشىل كىنىشكىنى چىقىرىپ سۇندى. ئوسمان ئەپەندى قىزنىڭ پۈتۈن تەقى - تۇرقى ئۇنىڭ مۇخبىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرغاندەك، كىنىشكىغا قارىماستىنلا تەكەللۇپ قىلدى:

— ھاجەت ئەمەس، زەمىرە خېنىم... ئۇنىڭسىزمۇ ئىشىنىمەن... مەن «قىزىقارلىق خەۋەرلەر» نى ئەڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغانلارنىڭ بىرى...

— ئولتۇرسام بولامدۇ، ئوسمان ئەپەندى.

— كەچۈرۈڭ، تامامەن ئۇنتۇپتىمەن... قېنى، مەرھەمەت زەمىرە خېنىم.

زەمىرە خېنىم ئوسمان ئەپەندى تەكلىپ قىلغان ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى.

— ئېھتىمال سىز، بۇ خېنىم كەچ كىرىپ قالغاندا مېنى قانداق ئىش بىلەن ئىزدەپ كەلگەندۇ، دەپ ئويلاۋاتقانسىز، شۇنداقمۇ؟ — دېدى قىز مۇخبىرلىق كىنىشكىسىنى قاپچۇققا سېلىۋېتىپ.

ئوچۇق - يورۇقلۇق بىلەن ئېيتىلغان بۇ سۆز ئوسمان ئەپەندىدىكى ھودۇقۇشنى كۆتىرىۋەتكەندەك بولدى.

— ئۇنداق ئەمەس خېنىم، ئەكسىچە ناھايىتى خۇشالمەن. سىزنى بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان بولساممۇ، سىز بىلەن تونۇشۇپ قېلىش شەرىپىگە ئىگە بولغىنىمغا ئىنتايىن مىننەتدارمەن، — دېدى ئۇ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇۋېتىپ.

— سىزدىن ئىلتىماسىم، مېنى خېنىم دېمەي ئاددىيلا قىلىپ زەمىرە دەپ ئاتىسىڭىز.

— ئەگەر شۇنداق ئاتاش سىزنى خۇشال قىلسا، ئىلتىماسىڭىزنى رەت قىلالمايمەن. ئەمما مېنىمۇ ئاددىيلا قىلىپ ئوسمان دەپ ئاتىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

— شۇنداق بولغىنى ياخشى، كىشى ئۆزىنى ئەركىن چاغلايدۇ، ئەمسە كېلىشۋالدۇق - ھە.

— كېلىشۋالدۇق.

— كەچۈرسىز ئوسمان، — دېدى قىز خۇشاللىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ، — بىز مۇخ-بىرلار مانا مۇشۇنداق ھەرقانداق يەرگە — مەيلى قارشى تەرەپ قارشى ئالسۇن-ئالمىسۇن — ئوسۇپ كىرىشكە ئادەتلىنىپ كەتكەنمىز. كىرىۋالساقلا مۇخبىرلىق كېسىلىمىز قوزغىلىپ ئارام بەرمەيدۇ، مېنى بۇ نەرسىلەر، — قىز ئېگىكى بىلەن ئۈستەلدىكى دەستىلەك-لىك دەپتەرلەرنى ئىما قىلدى، — قىزىقتۇرۇپ قالدى. مېنىڭچە، سىز چوڭراق بىر ئەسەر يېزىۋاتقاندەك تۇرىسىز. سوئالىم ئارتۇقچە بولسا جاۋاب بەرمىسىڭىزمۇ رەنجىمەيمەن.

— سىز مېنى خاتا چۈشىنىپ قاپسىز، زەمىرە. مەن يازغۇچى ئەمەس، ئوقۇتقۇچىمەن.

— بۇنى بىلىمەن، لېكىن يازغۇچىلىقمۇ قولىڭىزدىن كېلىدۇ. «سىرلىق سىگنال» نى ئوقۇغانمەن، بۇ ھېكايە ھەجمى جەھەتتىن كىچىك بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەسىرىڭىز بىلەن پەن - تېخنىكا ساھەسىگە ھەقىقەتەنمۇ بىر سىگنال بەردىڭىز.

— مەن بىرلا قېتىم يېزىپ باقتىم، بەلكىم ئاخىرقىسىمۇ شۇ بولۇپ قېلىشى مۇم-كىن. خىيالىمغا كەلگەن بىر پىكىر قولۇمغا قەلەم ئېلىشقا مەجبۇر قىلغانىدى. سىز قىزىققان بۇ دەپتەرلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇق دەپتىرى.

— تاپشۇرۇق دەپتەر؟!

— خاتا ئاڭلىمىدىڭىز، زەمىرە.

— تاپشۇرۇق دەپتەر! — زەمىرە ھەيران قالغانلىقتىن ئورنىدىن تۇرۇپ دەپتەرلەرنى بېسىپ قويدى، — قىزىق، ناھايىتى قىزىق. ئىلىم - پەن كامالەتكە يەتكەن 21 - ئەسىردە ياشاۋاتقان ئادەمگە 19 -، 20 - ئەسىرلەردىكى ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرىغا سېلىپ كەتكەن ئادەتنى ئۇچرىتىش ناھايىتى قىزىق بىلىنىدىكەن. ھازىر بىزدىكى ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىش-لىرى تېلېۋىزور، ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. يۈز-لىگەن ئوقۇغۇچى - ئوقۇتقۇچىنى بىر يەرگە يىغىۋالىدىغان، يەنى ئۈنۈمى تۆۋەن، ۋاقىتمۇ ئىسراپ بولىدىغان ئىشلارنىڭ تۈگىگىنىگە ئۇزۇن يىللار بولدى. ئەجەبا، سىز يەنە كەي-نىگە چېكىنمەكچى بولسىڭىز ...

— چېكىنىش دېدىڭىزمۇ، ياق، مەن بۇ پىكرىڭىزگە قوشۇلالمايمەن، — ئوسمان ئەپەندى ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ، سەل قىزىشقان ھالەتتە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى، — ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى ھازىر يۇقىرى سەۋىيىدە تەرەققىي قىلىپ ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىشقا باشلىدى. بۇنى بىزنىڭ ھازىرقى ئىلىم - پەن تاكامۇللاشقان دەۋرىمىزنىڭ غولى دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما ماتېرىيالشۇناسلار ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ، بولۇپمۇ باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى-نىڭ زېھنىنى ئېچىشقا توسالغۇ بولۇۋاتىدۇ، دەپ قاراپ، ياشلار، ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا بۇ ماشىنىنى ئىشلەتمەسلىكنى، ئۇلارنىڭ قول - مېڭىسىنى ئىشلىتىپ ئوقۇتۇش زۆرۈرلۈكىنى تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، بۇ خۇددى مەشىق قىلمايلا ئېلېكترونلۇق ھېساب-لاش ماشىنىسىغا تايىنىپ سەييارىلەر ئارا ئۇچىمەن دېيىش بىلەن ئوخشاش ئەمەسمۇ.

ئەكسىچە، بىزنىڭ ئالەم ئۇچقۇچىلىرىمىز قاتتىق مەشىق ۋە سىناقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزىدۇ.

زەمىرە كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسى يۈرەكنى لەرزىگە سالىدىغان يېتىملىق مۇزىكىغا، كۈلكىدىن ئېچىلىپ كەتكەن نۇرلۇق چىرايى گۈللەر بۈككىدە ئېچىلىپ كەتكەن گۈلزارلىققا ئوخشايتتى. ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپ قالغان ئوسمان ئەپەندى كۈلكىدىن بىلىنەر - بىلىنمەس تەۋرەنگەن ئەۋرىشىم قامەتتىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قالدى.

— مەن سىز بىلەن مۇنازىرىلەشمەكچى ئەمەسمەن، ئوسمان. مېنىڭ بۇ ساھەدە بىلىدىغانلىرىم ناھايىتى ئاز، — دېدى زەمىرە كۈلكىدىن توختاپ، — مېنىڭ ئېسىمدە قېلىشىچە، دۇنيادا بىرىنچى ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى 1946 - يىلى ئامېرىكىدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ھەجمى 300 كۇب ئىنگىلىز چىسى، ئىگىلىگەن يېرى 170 كۋادرات مېتىر، ئېغىرلىقى 30 توننا بولغان، ئۇنىڭغا 18800 دانە ۋاكۇئۇم لامپا ئورنىتىلغان. ئەمدى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈپ بېقىڭ، شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە بۇ ماشىنىنىڭ سىڭىپ كىرمىگەن ساھەسى قالمىدى. ئۇ جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇردى. بىزگە ھازىر 20~30 يىل بۇرۇنقى ئىشلار ئىپتىدائىي نەرسىلەردەك تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى. مەن كۆرگەن ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ ئەڭ كىچىكى قوناقتەك كېلىدۇ، ئېھتىمال ئۇنىڭدىن كىچىكلىرىمۇ باردۇر. ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىدىكى بۇ تەرەققىياتنى تېلېۋىزور ھەم ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىلىرى ئارقىلىق ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلاردىن يېتىشىپ چىققان ئالىملار ۋۇجۇدقا چىقاردى. دېمەكچى بولغىنىم شۇكى، ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارىنىڭ، سىزنىڭ كېيىنكى ئىبارىڭىز بويىچە ئېيتقاندا، ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ زېھنىي كۈچىنىڭ ئېچىلىشى، تەرەققىي قىلىشىنى توسۇيالمىدى.

ئوسمان ئەپەندى مېڭىشتىن توختاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە مودىلىق كىيىم تاللاش، گۈزەللىكى بىلەن يىگىتلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشتىن ھوزۇرلىنىش، بوش ۋاقىتنى ئالىي دەرىجىلىك تانسىخانىلاردىكى رەڭدار چىراغلار ئاستىدا تولغىنىپ ئويناپ ئۆتكۈزۈشتىن باشقىنى بىلمەيدىغاندەك كۆرۈنىدىغان بۇ قىزنىڭ ئۆتكۈر گېپى، ئەستە ساقلاش خاتىرىسى ئۇنى ھەيران قالدۇرغانىدى.

— جىم بولۇپ قالدىڭىزغۇ ئوسمان، — دېدى قىز ئۇنىڭغا قىيا بېقىپ، — ياكى سۆزۈمنى سىزنى خاپا قىلىپ قويدىمۇ؟

ئوسمان ئەپەندى زەمىرەنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆزلىرىگە تىكىلدى:

— مەن سىزدىن مۇنداق گەپلەرنىڭ چىقىشىنى زادىلا كۈتمىگەن ئىكەنمەن، سۆزلىرىڭىز قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولسىمۇ، مەن بۇنىڭلىق بىلەن ئۆزۈمنى مۇتازىرىدىن لىرىڭىز قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولسىمۇ، مەن بۇنىڭلىق بىلەن ئۆزۈمنى مۇتازىرىدىن قاچۇرۇش نىيىتىگە كەلگىنىم يوق. مېنىڭچە، بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىمىزنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇرراق تونۇشۇپ ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىشىمىزغا مۇشۇ ماۋزۇنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. بىز يەنە كۆرۈشۈپ تۇرىمىزغۇ زەمىرە، مېنىڭدىن بىزارلىق ھېس قىلمىسىڭىز.

— سىز ناھايىتى كەمتەر ئىكەنسىز، قىزلاردىكى كەمتەرلىك كىشىنى ئۆزىگە تېخىمۇ

جەلپ قىلىدۇ. ئەمدى سورىسام كۆڭلىڭىزگە كەلمەس، سىز بۇ يەرگە تاپشۇرۇق دەپتەر-لىرىنى كۆرۈشكە كەلمىگەن بولسىڭىز كېرەك.

— «سىرلىق سىگنال» نى ئوقۇغىنىڭىزدىن كېيىن، سىز بىلەن تونۇشۇشنى ئويلاپ يۈرەتتىم. ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىر مېنى قىزىقتۇرۇپ قالغانىدى. مانا، تونۇشۇپمۇ قالدىم، ھازىر ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئويلىغاندىنمۇ ئارتۇق كۆڭۈللۈك چاغلاۋاتىمەن. چۈنكى سىز مېنى يەنە يېڭى بىر پىكىر — تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىگە ئىگە قىلدىڭىز.

— پەقەت قىزىقىش يۈزىسىدىنلا ...

— ھەممە ئىش قىزىقىشتىن باشلىنىدۇ.

— كەچلىك تاماق يېمىگەنسىز؟

— بىر پارچە تورت بولغان بولسا ياق دېمەيتتىم.

— ناھايىتى ئەپسۇس، بويتاقمەن. ئادەتتە كەچلىك تاماقنى ئاشخانىدىن يەيمەن. شۇڭا بىللە تاماقلانساق، قارشى ئەمەسسىز.

— ...

— ناھايىتى ياخشى، بىر مىنۇت كۈتۈپ تۇرۇڭ، كىيىمىمنى ئالماشتۇرۇۋالاي.

2

ئۇزۇن كارىدورنى بويلاپ كېتىۋاتقان كۆزەتچى تۇيۇقسىز قەدىمىنى ئاستىلىتىپ، كۆزىگە چېلىققان يوچۇققا قادىلىپ قالدى. ئۇ بۇ يەردە ئىشىك بارلىقىنى بىلەتتى. ئارى-سىغا قېلىنلىقى 50 مىللىمېتىرلىق پولات تاختا ئېلىنىپ، ئالدى-ئارقىسى قاتتىق بېتون-لانغان بۇ ئىشىك بەكمۇ مۇستەھكەم ئىدى. سىرتتىن قارىغاندا قاپارتما گۈل چىقىرىپ سۇۋالغان كارىدور تېمى بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ، ئادەتتە يوچۇقنى پەرق قىلغىلى بولمايتتى.

كۆزەتچى كارىدورنىڭ باش-ئاخىرىغا تەشۋىشلىنىپ قاراپ قويۇپ، يانچۇقىدىن خەۋەرلىشىش ئاپپاراتىنى ئالدى.

— سىز پروفېسسورمۇ، بۇ مەن — يەر ئاستى ئۆيى ئىككىنچى قەۋىتىنىڭ كۆزەت-چىسى. 3-نومۇرلۇق ئۆينىڭ ئىشىكى ماڭا ئاجراپ قالغاندەك كۆرۈنىدى، يوچۇق 2~3 مىللىمېتىرچە بار. ياق، قول تەگكۈزگىنىم يوق. بولىدۇ، سىز كەلگىچە بۇ يەردىن ئايرىلمايمەن.

پروفېسسور كېچىكمىدى. ئۇنىڭ يېنىدا تەتقىقات ئورنىنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋەزى-پىسىگە تەيىنلەنگەن، يېقىندىن كەلگەن ھەربىي باشلىق نۇرۇل شاكۇپىمۇ بار ئىدى. يوچۇقنى كۆرگەن پروفېسسورنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى.

— سىز بۇنى ھازىرلا بايقىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ كۆزەتچىدىن.

كۆزەتچى سائەتكە قاراپ قويۇپ جاۋاب بەردى:

— نۆۋەت ئالماشتۇرغىنىمىزغا توققۇز مىنۇت بولدى، سىز يېتىپ كەلگىچە بەش مىنۇت

ئۆتتى. دېمەك، مەن بۇنى نۆۋەتچىلىكنى ئۆتكۈزۈپ ئالغان تۆت مىنۇت ئىچىدە بايقىغان بولىمەن. ئېخى كارىدورنىڭ ئۇ بېشىغا يېتىپ بارغۇدەك بولمىدىم.

— جاۋابىڭىزدىن گۇمانلانمايدىغانسىز؟

— مەن ئۆز ۋەزىپەمنى ئېنىق بىلىمەن، ھۆرمەتلىك پروفېسسور.

— بۇنى كېچىلىك نۆۋەتچىدىن ئېنىقلىغىلى بولىدۇ، — دېدى پۇقراچە كىيىنگەن، قەددى - قامىتى كېلىشكەن نۇرۇل شاكۆيى ئېغىز ئېچىپ، — ئەگەر، ھۆرمەتلىك پروفېسسور، سىز بۇ ئۆيدە چوقۇم بىرەر ئەھۋال يۈز بەرگەن دەپ قارىسىڭىز، ئەڭ ياخشىسى بىز ئىشىكنى ئېچىپ كۆرەيلى.

— مەن كېسىپ ئېيتالايمەن شاكۆيى، ئەھۋال يۈز بەرگەن، يەنە كېلىپ ناھايىتى ئېغىر ئەھۋال يۈز بەرگەن، — پروفېسسور ئىشىك يوچۇقىغا بارمىقىنىڭ ئۇچىنى تىقىپ كۆرسەتتى، — ئېغىرلىقى 3 ~ 4 توننا كېلىدىغان، تام بىلەن ھەم جىپسىلىشىپ تۇرىدىغان مۇنداق مۇستەھكەم ئىشىكنى بىر تەرەپكە كۆزگە چېلىققۇدەك قوزغىتىش ئۈچۈن ناھايىتى زور كۈچ كېتىدۇ. بۇ يەردە قوزغىتىش دېگەن سۆزنى قوللىنىش مۇۋاپىق ئەمەس، ياكى ئىشىك قىسىلغان، ياكى تام.

— سىزنىڭ دېگىنىڭىزچە بولغاندا، نېمە ئۈچۈن ئىشىك ياكى تام سۇۋاقلىرى چۈشۈپ كەتمىگەن؟

— مۇنداق بولۇشى ئىشىك ياكى تامنىڭ زىچلىقىغا مۇناسىۋەتلىك. يوچۇق بۇنىڭدىن چوڭراق بولغان بولسا، ئېھتىمال، بىز يەرگە چۈشكەن سۇۋاقلارنى كۆرگەن بولاتتۇق، — پروفېسسور يانچۇقىدىن بەكىسىنى ئېلىپ ئېچىپ، يوچۇقنىڭ قىرىغا تىقىپ قوزغاتتى. دەرۋەقە، بىرنەچچە پارچە سۇۋاق ئىشىكتىن ئايرىلىپ توكۇرلاپ چۈشتى، — كۆردىڭىزمۇ، مەن ھېچقانچە كۈچىمىدىم. يوچۇقنىڭ يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئوخشاشلىقىغا قاراپ، تەسىر كۆرسەتكەن زەربە كۈچىنى تەكشى تەسىر قىلغان ۋە مەلۇم چەككە بارغاندا كونترول قىلىنغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئىنتايىن مۇرەككەپ تېخنىكا...

پروفېسسور گېپىنىڭ ئاخىرىنى چۈشۈرمەيلا شارتتىدە بۇرۇلۇپ، «ئىنتايىن مۇرەككەپ ...»، «ناھايىتى قورقۇنچلۇق» دېگەن سۆزلەرنى تەكرارلىغىنىچە بىرىنچى قەۋەتكە چىقىدىغان پەلەمپەي تەرەپكە قاراپ مېڭىپ كەتتى. نۇرۇل شاكۆيى ئۇنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ئىشىك ئاچىدىغان مەخپىي نومۇر قۇرۇلمىسى بىرىنچى قەۋەتتىكى ئايرىم خانىدىكى بىخەتەر ئىشكاپقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى.

پروفېسسور ناھايىتى تېزلا قايتىپ كەلدى، ئۇنىڭ تۇرقىدىن قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ قالغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ بىردەم قوللىرىنى ئۇۋۇلايتتى، ئېڭىكىنى سىلايتتى، كاستۇمىنىڭ پەشلىرىنى تارتىپ قوياتتى. تاقەتسىزلەنگەن نۇرۇل شاكۆيى ئېھتىيات بىلەن سورىدى:

— ئېچىلمايدىغۇ، ئىشىك بۇزۇلغانمۇ نېمە؟

— يەنە 25 سېكۇنتتىن كېيىن ئېچىلمىسا سىز دېگەن خۇلاسىگە كەلسەك بولىدۇ، — دېدى پروفېسسور ئۇنىڭغا قارىماي.



ۋاقىت توشتى. ئىشىك ئاۋازسىز قوزغىلىپ، ئۈستى تەرىپى تامدىن ئاجرالدى. بىر پارچە قېلىن پولات بېتون تاختا خۇددى يەرگە كىرىپ كېتىۋاتقاندەك پەسلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستى تەرىپى پول يۈزى بىلەن تەكشىلەشكەندە، ئىشىك پەسلەشتىن توختىدى.

ئىشكتىن بىرىنچى بولۇپ كىرگەن پىروفېسسور قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ تۆت ئەتراپىغا چەكسىز ئەجەبلىنىش ۋە قورقۇنچ بىلەن نەزەر تاشلايتتى. تامغا تاقاپ قويۇلغان ئوتتۇز چىدامىلىق بىخەتەر ساندۇق ـ ئىشكاپلارنىڭ بىرسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۆي ئىچى بۇرۇنقىدەكلا پاكىز بولۇپ، پەقەت ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئادەم ئەتەي سۈپۈرۈپ يىغىپ قويغاندەك، ئىككى ـ ئۈچ ئوچۇم كەلگۈدەك كۈل دۆۋىسى تۇراتتى.

ـــ ئاھ خۇدا، بۇ نېمە كارامەت، بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈش، ـــ پىروفېسسور ئەقلىدىن ئېزىپ قالغاندەك ئۇ تامدىن ـ بۇ تامغا يۈگۈرەيتتى، تامنى سىلايتتى، تورۇسقا تىكىلەتتى. ئاخىرى ئۇ كۈل دۆۋىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ زوكۇزىيىپ ئولتۇردى، ـــ كۈل، ھەممىسى كۈلگە ئايلىنىپ كېتىپتۇ، بىزگە قالغىنى مانا شۇ. مۇشۇنداق زور پاجىئەنى بىزنىڭ شۇنچە سەزگۈر ئاپپاراتلىرىمىز سېزەلمىگەن بولسا!

ئىشكتىن كىرىپلا ئۆرۈلگەن ئىشكاپ ـ ساندۇقلارنى، قالايمىقان چېچىلغان ماتېرىيال-لارنى كۆرىمەن دەپ ئويلىغان نۇرۇل شاكۆپې پىروفېسسورنىڭ زارلىنىشىدىن جىددىيلىشىپ قالدى.

ـــ سىز بۇ ئىشنى يۇقىرى تېخنىكا بىلەن قوراللانغان ئادەملەر قىلغان دەپ ئويلامسىز، ـــ دېدى ئۇ پىروفېسسورنىڭ تاقىر بېشىدا پەيدا بولغان تەر تامچىلىرىغا قاراپ.

ـــ ئادەملەر ئەمەس، مۇنداق ئىش ئىنسان بالىسىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، ـــ پىروفېسسور كۈلدىن بىر چىمدىم ئېلىپ ئالىقىنىغا تۆكتى، ـــ ئۆي ئىچىدىكى شۇنچىۋالا نەرسىنى، تام ـ تورۇسلارنىڭ بىر قىسمىنى شەپە چىقارماي، ئىس ـ تۈتەكمۇ تارقاتماي ئىككى ئوچۇم كۈلگە ئايلاندۇرۇپ قويۇش ـــ تېخى بىزدە كۆرۈلۈپ باقمىغان ھادىسە. قاراڭ، ئۇلار ئىشككە چېقىلمىغان، ئەمما كۈچىنى نامايىش قىلغاندەك تەكشى يوچۇق ئېچىپ قويغان، ـــ

پروفېسسور ئالقىنىدىكى كۆلنى تۆكۈۋېتىپ ئورنىدىن تۇردى، — لابوراتورىيىدىكىلەر كۆلنى تەكشۈرۈپ، خۇلاسىسىنى ئەكىلىپ بەرسۇن. ئىككىمىز قوشنا ئىككى ئۆيگە قاراپ باقايلى. خۇدا بىلىدۇ، يەنە نېمە ئىشلارنى كۆرۈمىزكىن. بۇرنىمىزنىڭ ئۇچىدا يۈز بەرگەن ھادىسىنى سەزمىگەن بىزگە ئەمدى بۇ يەردە تۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالمىدى. ئادەملىرىڭىزگە ئېيتىڭ، بىز بىر خۇلاسىگە كەلگىچە ھېچكىمنى بۇ يەرگە يولاتمىسۇن.

پروفېسسور ئىشخانىسىغا كىرگەندىن كېيىنمۇ خېلىغىچە تىنچلىنالمىدى. ئۇنىڭ تاقىر بېشى ۋە پېشانىسىدىكى قويۇقلىشىپ قالغان تەر تامچىلىرى ئەتىگەنكى قۇياش نۇرىدا پارقىرايتتى. ئۇ، پۇت-قوللىرىنىڭ تىترىشىنى بېسىش ئۈچۈن دىۋانغا كېلىپ ئولتۇردى، لېكىن يەنە بەدىنىگە بىر نېمە سانجىلغاندەك تەرىنى تۇرۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ياش بولۇشىغا قارىماي كۆپ ئىشلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن، ئۆزىنى كەسپىگە مۇناسىپ ھالدا تەمكىن تۇتۇشنى بىلىدىغان نۇرۇل شاڭۋېي ئۇنىڭ تىنچلىنىشىنى كۈتۈپ جىمغىنا ئولتۇردى.

— مەن سىزگە مۇنداق تېۋىشسىز پارتلىتىش، يەنى ۋەيران قىلىش ئادەم بالىسىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ دېدىم. شۇنداقمۇ، — دېدى پروفېسسور شاڭۋېينىڭ ئالدىدا توختاپ. شاڭۋېي، شۇنداق دېگەندەك قىلىپ باش لىڭشىتتى، — بىز مۇنداق زەربىگە ئىككىنچى قېتىم دۇچ كېلىۋاتىمىز. مەن ئۆز پەرىزىمنى ئېيتىشتىن ئاۋۋال، سىزگە بىر ماتېرىيال بېرىمەن. سىز يېڭىدىن كەلگەچكە، بۇ يەردىكى ئىشلاردىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ كېتىشكە تېخى ئۈلگۈرەلمىدىڭىز. ماتېرىيال سىزنى بىز بىرىنچى قېتىم يولۇققان ۋەقەنىڭ جەريانى بىلەن تەمىنلەيدۇ، — پروفېسسور ئىش ئۈستىلىنىڭ تارتمىسىنى تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن تارتىپ ئاچتى، — مەڭ، ئوقۇپ چىقىڭ، كۆپ ۋاقتىڭىزنى ئالمايدۇ.

نۇرۇل شاڭۋېي 12 بەت كېلىدىغان بۇ ماتېرىيالنى بىر دەمدىلا كۆرۈپ بولدى. لېكىن ئۇنىڭ چىرايى تۇيۇقسىز كۈچلۈك رەقىبىگە دۇچ كېلىپ قالغاندەك بىردىنلا ئۆزگىرىپ كەتتى.

— مانا ئەمدى سىز بىلەن مېنىڭ نېمىدىن گۇمانلانغانلىقىم ئۈستىدە بىمالال سۆزلەشكىلى بولىدۇ، — دېدى ئۆزىنى بىرئاز بېسىۋالغان پروفېسسور، — بىرىنچى قېتىمقى ۋەقەنىڭ سادىر بولغىنىغا بىر ئايچە بولۇپ قالدى، شۇ چاغدا تەتقىقات ئورنىمىز مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ چىققان قولغىنىزدىكى «شەپەق—301» نىڭ لايىھىسى ئوغرىلىنىپ، شەھەر سىرتىدىكى «يىلانلىق» دەپ ئاتىلىدىغان تاشلاندۇق قورۇققا يوشۇرۇپ قويۇلغان. لايىھە باشقىلار تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلىشتىن ئاۋۋال، تاسادىپىي بىر ئەھۋالدا يەنە بىزنىڭ قولىمىزغا قايتىپ كەلدى، لېكىن شۇنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇكى، لايىھە ئوغرىلىنىپ يەنە قولىمىزغا كەلگىچە، بىز بۇ ئوغرىلىنىش ئەھۋالىنى سەزمىدۇق. بىخەتەرلىك ئىشكاپىغا قول تەگكەن ئىزمۇ كۆرۈنمىدى. بۇ ئىش بىز ئۈچۈن يەشكىلى بولمايدىغان سىر بولۇپ قالدى. بۈگۈن ئىككىنچى قېتىم شۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئەھۋالغا يەنە ئۇچرىدۇق.

— نۇرۇل شاڭۋېينىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى. ئۇ بىر نېمىنى ئەسلەشكە ئۇرۇنغاندەك بار-

ماقلىرى بىلەن پېشانىسىنى سىلاپ ئويلىنىپ قالدى. بىرئاز جىملىقتىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ سورىدى:

— ھۆرمەتلىك پروفېسسور، ماتېرىيال ھەم سىزنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرىڭىز بىر ئىشنى ئېسىمگە چۈشۈرۈۋاتىدۇ. مەن يېقىندا باللار ژۇرنىلىغا بېسىلغان بىر فانتازىيىلىك ھېكايىنى ئوقۇپ قالدىم، ھېكايىنىڭ نامى — «سىرلىق سىگنال». ئۇنىڭدا، ئىسمى يادىمدا قالماپتۇ، بىر بالىنىڭ كونا بىر رادىئونى رېمونت قىلىۋېتىپ، كۆتۈلمىگەندە باشقا بىر دولقۇننى قوبۇل قىلىپ گۇمانلىق گەپلەرنى ئاڭلىغانلىقى، شۇ گۇمان بويىچە «يىلانلىق» دېگەن يەرگە بېرىپ، تەتقىقات ئېمىسى بىزنىڭكى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان ناھايىتى مەخپىي بىر ماتېرىيالنى تېپىۋالغانلىقى، كېيىن ھېلىقى «يىلانلىق» نىڭ ئاسمانىدىن چۈشكەن غەيرىي ئادەملەر تېرىپىدىن پارتلىتىۋېتىلگەنلىكى سۆزلەنگەن. بۇ بىر تاسادىپىي ئوخشىشىپ قالغانلىقمۇ ـ قانداق؟ سىزمۇ ھازىر «يىلانلىق» دەيدىغان جاي ئىسمىنى ئاتىغانىدەك قىلىدىڭىز. ماتېرىيالدىمۇ...

پروفېسسور سىپايىلىق بىلەن «ئالدىرىماڭ» دېگەندەك قىلىپ قولىنى كۆتۈردى:

— بۇ ھېكايىنى فانتازىيە دېگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭدا سۆزلەنگەن ۋەقەلىك بەلكىم توقۇلمىلار بىلەن ئانچە - مۇنچە ئۆزگەرتىلگەن بولسىمۇ، ماھىيەتتە شۇ قېتىمقى سىرلىق ۋەقە ئەينەن بايان قىلىنغان. تاسادىپىي ئەھۋالدا ماتېرىيالنى قولغا چۈشۈرگەن بالا مېنىڭ ئوغلۇم بولىدۇ.

— ئوغلۇم - دېدىڭىزمۇ؟! — ھەيرانلىقىنى يوشۇرالمىغان نۇرۇل شاكۆپىي ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— شۇنداق، مېنىڭ ئوغلۇم، — پروفېسسور شاكۆپىينىڭ ھەيرانلىق قىلىشىدىن ئوڭايسىزلىنىپ ئىزاھ بەردى، — 52 ياشتا ئۆيلەنگەنمەن، ئوغلۇم ھازىر 14 كە قاراپ ماڭدى...

نۇرۇل شاكۆپىي كۈلۈمسىرىدى.

— مېنىڭ ئورنىمدىن تۇرۇپ كەتكىنىمنى باشقىچە چۈشىنىپ قاپسىز، ئۇنداق ئەمەس ھۆرمەتلىك پروفېسسور. ھازىر ئالىملىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى كېچىكىپ تويى قىلىۋاتىدۇ، ئۆيلەنمەي ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلارمۇ ئاز ئەمەس، مېنىڭچە بۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئوغلىڭىزنىڭ شۇ ئىشقا ئارىلىشىپ قالغانلىقى ماڭا ناھايىتى تۇيۇقسىزلىق ھېس قىلدۇردى.

— بۇمۇ بىر تاسادىپىيلىق. ئەمما بۇ تاسادىپىيلىق بىزنى ئىنتايىن زور يوقىتىشتىن ساقلاپ قالدى.

— ھېكايىنىڭ ئاپتورى سىلەرگە تونۇشلۇقمۇ؟

— ئۇ ئوغلۇمنىڭ مۇئەللىمى، ئىسمى ئوسمان.

— دېمەك، ئوغلىڭىز بۇ ۋەقەنى ئوسمان ئەپەندىگە ئېيتىپ بەرگەن، شۇنداقمۇ دەيمەن.

— مەخپىيەتلىك ئىدارىسى شۇ كۈنى سەھەردىلا «يىلانلىق» قا بېرىپ، يۈز بەرگەن ۋەقەدىن ئىز قالدۇرمىدى، مەخپىيەتلىك قاتتىق ساقلاندى. كېيىن ئوغلۇم بالىلىق قىلىپ بۇ ئىشنى مۇئەللىمىگە ئېيتىپ قويغان. بىز بۇنى ھېكايە ئېلان قىلىنغاندىن

كېيىنلا بىلدۇق.

— ئۇسمان ئەپەندى بىلەن سۆزلىشىپ باقتىڭلارمۇ؟

— ھاجەتسىز ئىدى. سۆزلەشسەك گەپ كۆپىيىپ مەخپىيەتلىكنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىغا يوچۇق ئېچىلىپ قالغان بولاتتى. مۇخبىرلارنى بىلسىز، ئۇلارنىڭ «پۇراش» سېزىمى ئالاھىدە يۇقىرى. بىز سۈكۈت قىلدۇق. فانتازىيە شەكلى بىلەن يېزىلغان بۇ رىۋايەت ۋەقە كىشىلەردە فانتازىيىلىك تەسىرلا قالدۇرالىدى. بۇ ھەقتە ھازىرغىچە باشقىچە ئوي-پىكىردە بولغان ئەھۋال سېزىلمىدى.

— ئەمما بۈگۈن...

— كەچۈرىسىز شاگۇيى، گېپىڭىزنى بۆلۈۋەتتىم. مۇنداق شەپسىز ھەرىكەت، ئۇنىسىز پارتلىتىش، — پروفېسسور دېرىزە ئارقىلىق ئاسماننى ئىشارەت قىلدى، — پەقەت شۇلارنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ. مېنىڭچە، بۈگۈن سادىر بولغان ۋەقە «يىلانلىق» تا يۈز بەرگەن ۋەقەنىڭ داۋامى، ھەر ئىككى ۋەقەنىڭ يىلتىزى بىر. لېكىن ئۇلار يەنە يېڭىلىندى. 3 - نومۇرلۇق ئۈيگە قويۇلغىنى «شەپەق — 301» نىڭ ئەسلى نۇسخىسى ئەمەس، ئۆزگەرتىپ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى. ئەسلى لايىھە دەسلەپكى ۋەقەدىن كېيىنلا يۆتكەپ كېتىلگەن. ھازىر «بوغدا» نىڭ يەر ئاستى تەجرىبىخانىسىدا «شەپەق — 301» ياسىلىپ تەق قىلىنىپ قويۇلدى. بىز ئۇچار تەخسىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈۋاتىمىز.

نۇرۇل شاگۇيى ئويلىنىپ قالدى. پروفېسسورنىڭ كېيىنكى گەپلىرى ئۇنىڭ خېلىلا خاتىرجەم قىلغان بولسىمۇ، ئەگەر ئالدى ئېلىنمىسا بۇ خاتىرجەملىكنىڭ ئۇزۇن داۋاملاشمايدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان بولۇپ قالغانىدى. لايىھىنى ئوغرىلاشقا ئىككى قېتىم ئۇرۇنغان بۇ غايىب ئادەملەر ئۈچىنچى، تۆتىنچى قېتىممۇ ھەرىكەت قىلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇنىسى روشەنكى، ئۇلارمۇ خاتالىشىدىكەن، بۇ ئۇلارنىڭمۇ ئاجىزلىق تەرەپلىرى بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى.

نۇرۇل شاگۇيى كوچىنىپ ئويلايتتى، ئويلىرىنىڭ ئاخىرىغا يېتەلمەيتتى. ئۇنىڭغا پەقەت بىرلا نەرسە ئېنىق ئىدى. ئۇ بولسىمۇ، مۇندىن كېيىن، ياق، ھازىردىن باشلاپ ھوشيار بولۇش، ھەر بىر قەدەمنى ئويلاپ پۇختا بېسىش ئىدى.

3

ھەشەمەتلىك «سۇمۇرغ» مېھمانخانىسى كەڭ، دۈگىلەك كەلگەن تانىسا مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسى، ئەتراپى قۇشلارنىڭ سۇغا قونۇش ئالدىدىكى تەسۋىرى ھەيكەللىرى بىلەن تۇسۇلغان سۇنئىي كۆل بولۇپ، ئانچە ئېگىز بولمىغان فونتانلاردىن ئېتىلىپ شايىدەك يېيىلىپ ئېتىلىپ تۆرغان سۇ زال ئىچىدە سۇس يېنىپ تۇرغان رەڭدار چىراغلارنىڭ نۇرىدا ھاۋىيىدە ئېچىلىپ كەتكەن نىلۇپەرلەرنى ئەسلىتىپ، كىشىگە ھۇزۇر، ئارامىلىق بېغىشلايتتى.

دۇنياغا تۆرەلگىنىدىن بۇيان كىشىلەرنىڭ نازۇك ھېس-تۇيغۇلىرىنى ئويغىتىپ چەك

سىن لەززەتتىن بەھرىمەن قىلىپ كەلگەن «كۆك دۇناي»نىڭ يېقىملىق ئاھاڭى ئاخىرلىشىشى بىلەن ئوسمان ئەپەندى زەمىرەنىڭ تولۇق، ئاپئاق بىلىكىدىن يېنىككىنە تۇتۇپ، ئۆزلىرى تاماقلىنىۋاتقان خاس ئۆيگە قاراپ ماڭدى.

— كلاسسىك مۇزىكىلارنى ئاڭلاشنى ناھايىتى ياقتۇرىمەن، — دېدى ئوسمان ئەپەندى قىزغا بېشىنى سەل سىڭايان قىلىپ، — مۇنداق مەشھۇر مۇزىكىلارنىڭ يارىتىلىشى شۇ دەۋردىكى ئادەملەرنىڭ بۇلغانمىغان ساپ، تەبىئىي مۇھىتتا ياشىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

— مېنىڭچىمۇ شۇنداق، — قىز ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى، — مۇھىت، تەسەۋۋۇر، سېزىم مۇزىكا ئىجادىيىتىدە كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئامىل. كلاسسىك مۇزىكىلارنىڭ كىشى قەلبىنى لەرزان قىلىۋېتىدىغان سېھرىي كۈچكە ئىگە بولۇشىمۇ شۇنىڭغا باغلىق. ئەپسۇس، ھازىر مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى بىزنىڭ ھەرقانداق تەدبىرلەرنى قوللىنىشىمىزغا قارىماي مۆلچەردىكىدىن تېز بولماقتا. ئەگەر جەمئىيەت تەرەققىياتى مۇشۇ سۈرئەت بىلەن داۋاملاشسا، بىر ئەسىرگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، بىز تەبىئىي مۇھىتنى كۆرگەزمىخانىلاردىلا كۆرۈدىغاندەك تۇرىمىز. بۇنىڭ ئاقىۋىتى ئىنسانلارنىڭ ھالاكىتىنى تېزلەشتۈرىدۇ، قانداق، دەپ ئويلىنىپ قالىدۇ كىشى.

— قويۇڭ، كۆڭۈل خۇش چاغدا دىلنى غەش قىلىدىغان گەپلەرنى قىلىشمايلى، — ئوسمان ئەپەندى قىزنى خاس ھۇجرىغا باشلاپ كىرىۋېتىپ دېدى، — مەن بۈگۈن ناھايىتى خۇشالمەن. سىزنى جەز مۇزىكىلىق تانسىخانىلارغا تەكلىپ قىلماسلىقىمدىكى سەۋەب، ئۇ يەردە كىشىنىڭ مېڭىسى ئېلىشىپ قالىدۇ. بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرايدىغان ناخشىچىلار، كەچكىچە ئىچىپ مەست بولۇپ قالغان بىكارچىلار ئالدىڭىزغا كېلىۋېلىپ ئارامىڭىزنى قويمايدۇ. بۇ يەر ناھايىتى تىنچ، بولۇپمۇ يېڭىدىن تونۇشقانلار ئۈچۈن، — ئۇ قىزغا مەنىلىك قاراپ قويدى، — شۇنداق، يېڭىدىن تونۇشقانلار ئۈچۈن ئارامخۇدا سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇشقا ئەپلىك جاي.

زەمىرە گەپ قىلىشقا تەمشىلىپ تۇرۇشىغا نەقشلەنگەن تامغا ئەتىرگۈل دەستىسىدەك ئورنىتىلغان كانايدىن كۈتكۈچىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— خېنىم، ئەپەندىم، خىزمىتىڭلارغا تەييارمەن، بىرەر نەرسە لازىممىكىن؟!

ئوسمان ئەپەندى زەمىرەگە سوئال نەزەرى بىلەن قارىدى. قىز ئۈستەلدىكى يېمەكلىكلەرنى ئىما قىلىپ، ھېچنېمىنىڭ لازىملىقى يوقلۇقىنى بىلدۈرۈپ باش چايقىدى.

— رەھمەت، — دېدى ئوسمان ئەپەندى تامغا قاراپ، — لازىم بولغاندا ئۆزىمىز خەۋەر قىلىمىز.

— رەھمەت، ئەپەندى.

ئوسمان ئەپەندى زەمىرەنىڭ ئۈستەلنى ئىما قىلغاندىكى شوخ، ئويناق كۆزلىرىدىن، باش چايقىغاندا ئۇچۇق، ئاپئاق بويۇنلىرىغا يېيىلىپ چۈشكەن دولقۇنلۇق قوڭۇر چاچلىرىدىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قالدى. ئۇ ئۈچ كۈندىن بېرى مۇشۇ ساھىبجامال

قىز بىلەن كەچكى تاماقتا بىللە ئىدى. كېيىنىشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغان بۇ مۇخبىر قىزغا ھەرقانداق رەڭ ۋە ھەرقانداق مودىدىكى كىيىم ئاجايىپ يارىشاتتى. ئوسمان ئەپەندى قىز بىلەن ھودۇقۇش ئارىلاش خۇشاللىق بىلەن كۆرۈشكەندە، ئالدىدا يېڭىلا ئېچىلغان بىر تال لالە قىزىلگۈل تۇرغاندەك بىلىنەتتى. قىزدىن تارقىلىپ تۇرغان خۇش پۇراقتىن بېشى قېيىپ، كۆزلىرى خۇمارلىشاتتى. زەمىرە ئۇنى گۈزەللىكى بىلەنلا ئەمەس، گەپ - سۆزلىرىنىڭ ئورۇنلۇقلۇقى بىلەنمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغانىدى.

— نېمانچە تىكىلىپ قارايسىز، — دېدى زەمىرە ئۆزىگە ياراشقان بىر خۇلق بىلەن.

— سىزنى ماڭا يولۇقتۇرغان قىسمەت سىزگە شۇنداق قاراشنى بۇيرۇغان، — دېدى ئوسمان ئەپەندى كۈلۈمسىرەپ، — ئەگەر مۇشۇنداق قارىشىپ ئولتۇرىدىغان بولساق، بىز قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار قېلىپ قالارمىكىن.

— مەيلى، كېيىن تولدۇرۇۋېلىشقا ئۈلگۈرىمىز. ياق، مەن ئۇنداق قارىمايمەن، مەن توپەيلى سىزنىڭ ئىشلىرىڭىزنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىنى خالىمايمەن، — زەمىرە خاپا بولغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، چىرايىغا پاسال-سىما جىددىيلىك ئېلىپ چەتكە قارىۋالدى. قىزنىڭ خاپىخان چىرايىمۇ ئۆزىگە شۇنچە يارىشاتتى. «ئۇنىڭغا يىغلاشمۇ يارىشىدىغۇ دەيمەن» دەپ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى ئوسمان ئەپەندى.

— مېنىڭ سىزنى خاپا قىلىش ئويۇم يوق، مەيلى، ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە سىزگە تىكىلمەسلىككە تىرىشىمەن، — دېدى ئۇ قىزدىن بىردەملىك كۆزىنى ئۈزۈپ، ئاندىن سوغۇق ئىچىملىك قويۇپ قىزغا تەڭلىدى.

زەمىرەنىڭ يۈزىدىكى يالسىلىما جىددىيلىكنى تەبەسسۇم ئىگىلىدى:

— مەن سىزنىڭ بولۇپمۇ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئېلېكترونلۇق ھېساب-لاش ماشىنىسى ئىشلىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدىكى قاراشلىرىڭىزنى رەتلەپ يېزىپ چىقتىم.

— شۇنداق تېز-ھە!

— مەن ھەرقانداق ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن.

— يارايسىز، — ئوسمان ئەپەندى رازىمەنلىك بىلەن قوللىرىنى ئۇۋۇلىدى، — مەن سىزگە نېمە دەپ رەھمەت ئېيتىشنى بىلمەيمەن. قېنى، مېنىڭ بۇ كۆز قاراشلىرىم «قىزىقارلىق خەۋەرلەر»دە بېسىلىپ چىقسۇن، جەزملەشتۈرۈپ ئېيتالايمەنكى، چوقۇم جامائەتچىلىك ئارىسىدا غۇلغۇلا پەيدا قىلىدۇ.

— بۇنىڭدا شۈبھە يوق. سىزنىڭ ئوي - پىكىرلىرىڭىز دەسلەپتە ماڭىمۇ كۈلكىلىك تۇيۇلغانىدى. كېيىن مېنى قايىل قىلدىڭىز، ماقالىنى ئىلھام - ئىشتىياق بىلەن يازدىم. ئادەملەرمۇ دەسلەپتە غەلىتىلىك ھېس قىلىشى مۇمكىن، ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ قەدرىگە يەتمەي قالمايدۇ.

— ماقالىنىڭ ماۋزۇسى قانداق قويۇلدى، ئورىگىنالنى كۆرۈپ باقسام بولامدۇ؟

— ئەا ۋەتتە كۆرۈپ چىقىسىز، ئاندىن كېيىن ماۋزۇ ئۈستىدە بىرلىكتە ئويلىشىمىز.

زەمىرە ئورىگىناللارنى ئېلىشقا ئالدىرىمىدى. ئۇنىڭ ئويچان تۇس ئالغان چىرايىدىلا بىردىنلا قانداقتۇر بىر ئىشنى ئېيتىش - ئېيتماسلىق ئۈستىدە ئىككىلەنگەندەك بىر ھالەت پەيدا بولدى. ئىزدىكى ئۆزگىرىشنى سەزگەن ئوسمان ئەپەندى ئالدىراپ سورىدى:

— سىزگە نېمە بولدى زەمىرە؟

— ھېچنېمە...

— ھېچنېمە! — ئوسمان ئەپەندى نارازى بولغان ھالدا ئۇنىڭ سۆزىنى تەكرارلىدى، — سىزدىكى مەيۈسلۈك مېنى قاتتىق بىئارام قىلىدۇ، زەمىرە. مەن سىزنى مېنىڭدىن كۆڭلىدىكىنى يوشۇرىدۇ دەپ ئويلىمىغانىدىم. ئەپسۇس، تېخىچە ماڭا ئىشەنمىسىڭىز.

— ئىشەنمىسىڭىز دېدىڭىزمۇ؟ — زەمىرە ھىلال ئايدەك قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ، ئۇنىڭغا لەپپىدە قاراپ قويدى، — مەنغۇ سىزگە ئىشىنىمەن، ئىشەنگەنلىكىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى خالاپ ئالدىڭىزغا كەلگەنمەن. لېكىن سىزنى مېنى گۇماندا قالدۇرۇپ قويارمىكىن دەپ قورقىمەن.

— مەندىن شۇنداق بىر نېمىنى بايقىدىڭىزمۇ؟

— ھازىرچە ياق. بىراق... بىراق بۇنى ھازىرلا بىلىمەن.

— چۈشەنمىدىم، زەمىرە. ئەمما نېمىلا بولمىسۇن سىزنى ئىشەندۇرۇشكە ھەرقاچان تەييارمەن، — ئوسمان ئەپەندى پۈتۈن ئېختىيارىنى قىزغا تاپشۇرغان بىر قىياپەت بىلەن تەلمۈردى.

— سىز «سىرلىق سىگنال» نى فانتازىيە دەپ ئېلان قىلدىڭىز، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق.

— ئەگەر، مەن ئۇنى فانتازىيە ئەمەس، تەخمىنەن بىر ئاي ئىلگىرى بىزگە يېقىنلا بىر جايدا يۈز بەرگەن رېئال ۋەقە دېسەم، بۇنى رەت قىلمايدىغانسىز.

ئوسمان ئەپەندىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قالدى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشتىن بىر خىل تېڭىرقاش، ئەندىكىشنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. بۇنى پايقاپ قالغان قىز ئىستېھزا بىلەن كۈلدى:

— ئىشەنچ ھەققىدىكى گەپنى مەن ئەمەس سىز قوزغىدىڭىز، مەن پەقەت شۇنى ئىسپاتلىماقچىمەن.

دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن ئوسمان ئەپەندى پىچىرلاپ دېگۈدەك سورىدى:

— ئۇنى ھەقىقىي ۋەقە دېيىشكە قانداق ئاساسىڭىز بار؟

زەمىرە كۈتۈلمىگەندە قاتتىق كۈلۈۋەتتى. كۈلكىنىڭ تەۋرىتىشىدىن ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئۈچۈق ياقىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان يېرىم ئوچۇق يۇمران كۆكسى دولقۇنلىنىپ كەتتى. بىر شېرىن سېزىمدىن ئوسمان ئەپەندىنىڭ كۆزلىرى قىسىلدى، بېشى قايغاندەك بولدى. بۇ ئاجايىپ كېلىشكەن قامەت ئۈچ كۈندىن بېرى ئۇنى ھەم ئەقلىدىن ئازدۇ-

راتتى، ھەممە خۇشخال كەلتۈرەتتى. [illegible] —

ئىشلەنگەنگە خۇشتىشىم ئۈچۈن ئىشتىياق تەلەپ قىلىشقىنىز، مەن بۇنىڭغىمۇ
رازى، — زەمىرە كۆلكىسىنى توختىتىپ ئورنىدىن تۇردى، — ئۇنداق بولسا ئاڭلاڭ بىر نەچچە
كۈندىن بۇرۇن ئۆلكىلىك كۆرسەتكۈچ بازىسىغا كۆرسەتتى، ماڭا بىر كۈننى شەھەر ئەتراپىدىكى
يېزا ئىگىلىكى ئېتىزلىرىنىڭ نامى كېرەك بولۇپ قالدى، مەن ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش
ماشىنىسىنى كۆرسىتىپ بېرىۋاتقان چېغىمدا، تۇيۇقسىز «يىلانلىق» دېگەن بىر قورۇق-
نىڭ ئىسمىنى كۆرۈپ قالدىم. دەسلەپتە ئېرەن قىلمىدىم، كېيىن ئېسىمگە كەلدى، بۇ ئىسىم
ماڭا تونۇشتەك بىلىندى. ئاخىرى ئېسىمگە كەلدى. سىز يازغان ھېكايىدە بايان قىلىنغان
ۋەقە مۇشۇنداق نامى بار بىر قورۇقتا يۈز بەرگەنىدى. بۇ يەردىكى ئاتالغۇ شۇكى، ھېكا-
يىڭىزدا «يىلانلىق» بىلەن شەھەر ئارىلىقى 35 كىلومېتىر دېيىلگەن، مېنىڭ كۆرگىنىمدە
بولسا، بۇ ئارىلىق 27 كىلومېتىر ئىدى، شەھەردىن 5 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايغا
ھازىر ئاشلانغان قورۇق ئەمەس، ئاللىقاچان بىكار يەر يوق. سىز بۇ توغرىدا دىققەت
قىلمىغانسىز. ئىككىنچىدىن، — زەمىرە ئوتتۇرا بارمىقىنى چىقىرىپ، جۈپلىدى، — مەن مۇئە-
للىپلەرنىڭ ھەممىلا ئەرزىگە ئەقىل يەتكۈزەلمەيمەن. مەن ھېكايىڭىزدىكى «يىلانلىق» بىلەن
بىز دەسسەپ تۇرغان زېمىندىكى «يىلانلىق» نى ئاسادىيمۇ ئوخشىشىپ قالغانلىق دەپ
قارىدىم. لېكىن نېمىلا قىلماي بۇ ئوخشاشلىقنى خىيالىمدىن نېرى قىلالمىدىم. ئاخىرى
ماشىنام بىلەن «يىلانلىق» قا باردىم، كونا ئۆلچەم بويىچە بەش مو كېلىدىغان بۇ يەر-
نى ئىككى سائەت قايتا - قايتا ئايلىنىپ تەكشۈردۈم. قورۇقنىڭ ئورنى تۈزلىنىپ كەتكەنىدى،
يەرنى، كونا ئۆيلەرنى تۈزلىۋېتىش نېمىگە ھاجەت بولۇپ قالدى؟ قانداقتۇر بىر ئىزنى
دەرھال يوق قىلىۋېتىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلمىسا، بۇ يەر بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بول-
مايتتى. مەن يېقىن ئەتراپىتىكى دەرەخلەرنىڭ شۇ تەرەپكە قارىغان شاخ - يوپۇرماقلىرى-
نىڭ قۇرۇپ كەتكەنلىكىنى بايقىدىم. مەن يەرنى چوقچىلاپ خېلى ۋاقىت ئاۋارە بولدۇم.
كۈتۈلمىگەندە چوڭ بىر پارچە داڭگالنىڭ ئاستىدىن بىر شىشىسىم كەلگۈدەك كۈل تېپىۋ-
ۋالدىم. ئېسىڭىزدە باردۇر، سىز ھېكايىڭىزدا ۋەقە يۈز بەرگەن چاغنى تومۇز كۈنلىرى
دېگەنىدىڭىز. مېنىڭ بارغان ۋاقتىم تومۇز كۈنلىرىنىڭ ئاخىرىغا توغرا كېلىدۇ، بۇنداق
چاغلاردا يامغۇرمۇ ئانچە كۆپ يېغىپ كەتمەيدۇ، مەن تېپىۋالغان كۈل شۇنىڭ ئۈچۈن
ساقلىنىپ قالغان بولسا كېرەك. گېپىمنى قىسقارتاي، كۈلنى لابوراتورىيىدە تەكشۈرتتۈم.
مەن: «كۈل - تۇپراق، ئۆسۈملۈك ۋە جان - جانىۋارلارنىڭ (يىلان ھەممىدىن كۆپ) كۆيۈ-
شىدىن ھاسىل بولغانىكەن. كۆيۈشنى پارتلاش كەلتۈرۈپ چىقارغان، ئەمما پارتلات-
قۇچنىڭ تەركىبىنى ئېنىقلىغىلى بولمىدى» دېگەن جاۋابقا ئېرىشتىم.

زەمىرە گېپىنى توختىتىپ، قول سومكىسىدىن ئالتقاندەك بىر پارچە قەغەزنى ئېلىپ ئۇنىڭغا
سۇندى. ئوسمان ئەپەندى قەغەزگە ئىتتىك كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. بۇ قەغەز لابوراتورىيىلىك
تەكشۈرۈشنىڭ خۇلاسىسى بولۇپ، زەمىرەنىڭ توغرا ئېيتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى.

ئوسمان ئەپەندى ئالدىدا تۇرغان قىزنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك خېلىغىچە
كۆز ئۈزمەي قاراپ كەتتى. ئۇ، قىزنىڭ سەزگۈرلۈكىگە، كەسپىگە بولغان مۇھەببىتىگە، يولۇققان



مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىنچىكە پىكىر يۈرگۈزىدىغانلىقىغا، يۈكسەك ئىرادىسىگە زوقلانغانىدى.

ــ سىزگە بۇ ۋەقەنى بىلىش نېمىگە زۆرۈر بولۇپ قالدى؟ ــ دېدى ئۇ تۇرۇقىنى ئۆزگەرتمەي.

ــ نېمىگە زۆرۈر بولۇپ قالدى؟! ــ زەمىرە ئۇنىڭ سۆزىنى تەكرارلىغىنىچە، شەھەرنىڭ كەچلىك مەنزىرىسى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرغان كەڭ دېرىزە ئالدىغا كېلىپ توختىدى ۋە بىرتىقا قارىغىنىچە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ــ ئىنسانلارنىڭ تاشقى پلانېت ئادەملىرىگە بولغان دىققىتى ئۆتكەن ئەسىردىن باشلاپ قوزغالدى. بۇ ھەقتە بىرمودا ئارىلىغا مۇناسىۋەتلىك سىرلىق ۋەقەلەرنى ئەسلىتىپ قويۇشنىڭ ئۆزى كۇپايە قىلار. ئۇچار تەخسىگە ئۆزى خالىغان چاغدا يەر شارىنىڭ ئاسمان بوشلۇقىغا ئۇسۇپ كىرىپ، بىزنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىمىزنى كۆزىتىپ، يەنە ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىماي قايتىپ كېتىۋاتىدۇ. ئەكسىچە ئۇ پەيدا بولغاندا شۇ رايون ياكى شۇ شەھەرنىڭ رادىئو ــ تېلېۋىزىيە، قاتناش، پوچتا ــ تېلېگراف ئۈزۈنلىرى پالەچ ھالغا چۈشۈپ، ناھايىتى زور زىيان ــ زەخمەتلەرگە ئۇچرىماقتا. مۇنداق ئاجىزلىقتىن پۇخرالار قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشۈپ ئازابلانماقتا ھەم بۇ ئەھۋال ھازىرغىچە مۇشۇنداق داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەجەبا، بىزنىڭ ئالىملىرىمىز ئۇچار تەخسىنىڭ ھەرىكىتىنى توسۇيالايدىغان كەشپىياتنى ياراتسۇنۇ، ئۇنى ئوچۇق ئېلان قىلىپ خەلقنى ۋەھىمىدىن ئازاد قىلىشىنىڭ ئورنىغا سىر تۇتۇپ مەخپىي ساقلاپ يۈرسۇن. بىر نەرسە قانچىكى سىر تۇتۇلسا، ئۇنىڭ كۈشەندىسى شۇنچە كۆپ بولىدۇ. «يىلانلىق» تىكى ۋەقە بۇنى بىزگە ئىسپاتلاپ بەردي...

زەمىرە بىردىنلا ئارقىسىغا بۇرۇلدى. ئۇنىڭ شەھلا كۆزلىرى چاقناپ كەتكەنىدى. بۇ چاقنىغان كۆزلەردىن ھېلىلا ئۇ ئېيتقان ئىنسانلارنىڭ تەقدىرىگە ئالاقىدار ئالەمەتلەر ئەمەس، ئىشق ــ مۇھەببەتنىڭ ئوتچاقۇنلىرى چاچراپ تۇراتتى. ئۇ ئاستا مېڭىپ ئوسمان ئەپەندىگە يېقىنلاشتى. ئوسمان ئەپەندى خۇددى بىر پارچە ئوت كېلىۋاتقاندەك پۈتۈن بەدىنىنىڭ بوشاپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى. قىز ئۇنىڭ ئالدىدا توختاپ، قوللىرىنى ئۇنىڭ كەڭ مۈرىسىگە ئالدى. قىزنىڭ قولىنىڭ ئۇچىدىمۇ تۇتۇشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتقان ئوسمان ئەپەندىنىڭ تىترەك تولاشقان بەدىنىگە قىزنىڭ يېنىپ تۇرغان بەدىنى چاپلاشتى.

ــ سىز ماڭا ئىشىنىشىڭىز، ھەتتا بىر يوشۇرماسلىقىڭىز كېرەك، سۆيۈملۈكۈم، ــ دېدى زەمىرە كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ.

ئوسمان ئەپەندى ئاجايىپ بىر ئېلىق سېھىر دەمدىن سېھىرلەنگەندەك مەست بولدى. ئۇنىڭدا قىزنىڭ ھەرقانداق تەلەپلىرىنى قاندۇرۇشتىن باشقا ئىستەك قالمىدى.

(داۋامى كېيىنكىساندا)

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېيىم

تۇرسۇنمۇھەممەت پەخرىدىن

# شېئىرلار

## مەن سۇ ئىچكەن بۇلاقلار

ئەمدى ئېسىمنى بىلگەن چاغلىرىم،
كۆنلەر ئۆتەتتى ئارزۇ ئىلكىدە.
كۆڭلۈم تارتمايتتى ئويۇنچۇقلارغا،
بولسىمۇ ئۇلار مەندە جىققىدە.
كەچلىرى دادام كېزىت ئوقۇسا،
بېرىپ يېنىدا ئولتۇرۇۋالاتتىم.
قوشۇما تۈرسە ۋە ياكى كۈلسە،
ئېغىزنى تۇتۇپ قاراپ قالاتتىم.
گويا سەزگەندەك ئويۇمنى دادام
ئوقۇغىنىنى سۆزلەپ بېرەتتى.
ئارزۇلىرىمنىڭ ئۇرۇقلىرىنى
ئاۋۇتۇپ يەنە دىلغا تېرەتتى.
گېزىتنى ئېلىپ مەنمۇ شۇ ھامان،
دادامنى دوراپ «ئوقۇپ» كېتەتتىم.
دادام پەخىرلىنىپ قىلمىسا ئىما،
تەتۈر تۇتقىنىمنى نەدىن بىلەتتىم.
قېشىغا تارتىپ، ئوخلا بالام، دەپ
مومام بىچارە باشلايتتى چۆچەك.
ئېلىپبەرىمنى سىلاپ قوياتتىم
ئۇسسۇزلۇقلىرىم قانمايۋاتقاندەك،
ئۆزۈم خەت بىلسەم، ئۆزۈم ئوقۇسام
قانداق كۆڭۈللۈك دەيتتىم ئىچىمدە.

سومكا ئېسىشىپ يۈرگەن باللار
كىرىپ تۇراتتى ھەتتا چۈشۈمگە.
ھەپتىلەر، ئايلار ئۆتتى قوغلىشىپ،
كۈتكەن كۈنۈممۇ كەلدى ئاخىرى.
بىلىم بېغىغا تاشلىدىم قەدەم
نۇرلىنىپ كەتتى بەختىم ئاپتىپى.
شۇنىڭدىن بېرى غەشلىكىم تۈگەپ،
كىتاب، قېرىنداش بولدى ھەمراھىم.
ئۇستازلىرىممۇ بىلىمدىن شىرنە
ئىچكۈزۈپ تۇردى ماڭا ھەر دائىم.
چۈشەندىم ھايات گۈزەل، چەكسىزكەن،
باغچە، مەكتەپلەر ئائىلىدەك ئۆز.
دەردىمگە دەرمان بولماقتا مېنىڭ
شېرىن بۇلاقلار ئىچىپ سۈزۈك كۆز.
زېھنىم قۇۋۋىتى ئاشۇ بۇلاقلار
(ئەجرى، شەربىتى پۈتمەس، بىھېساب):
بىرى ئائىلەم، بىرى مەكتىپىم،
بىرى بىلىمنىڭ خەزىنىسى كىتاب.
شۇ بۇلاقلارنى سۇ ئىچىپ يەنە
ھايات قوينىدا ئىزدەنمەكتىمەن.
دەركەن بۇلاقلار: بارىم ئايلانسۇن،
ئەۋلادلار ئۈسسە، يېتىلسە تېمەن!

# تۆت پەسىل

## قىش

گويا قارلىق چوققىلاردەك
ئەتراپ تۆگەل ئاقارغان.
ئاق تون كىيگەن ئىشىك ئالدى،
دەرەخ، لەمپە، پاكار تام.
ماڭدى رەيھان مەكتىپىگە
تىزىغىچە قار كېچىپ.
ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي
قېلىن قاردا يول ئېچىپ.
سىنىپ ئىچى ئوت تەپتىدىن
ئىسسىپ كەتتى گۈپپۈلدەپ.
ئۈستەل، پارتا ھەممە رەتلىك
قالتىس تازا كەتمەس گەپ.

## باھار

يوللار ئەكچىپ قاردىن،
جالا ئاسقان سۆگەتلەر.
كۈننىڭ ئىللىق نۇرلىرىغا
چۆمگەن ھەممە تەرەپلەر.
نەلەردىندۇر كېلىپ قۇشلار
سايراپ قانات قېقىشار.
ئېرىقلاردا سۈزۈك سۇلار
قوشاق قېتىپ ئېقىشار.
كوچىلارنى جانلاندۇرغان
ھاياتى كۆركى — بالىلار.
رەڭدار چېچەك، مايسا ھىدى
دىماغلارغا ئۇرۇلار.
يېشىل لىباس كىيىنىۋالغان
مەكتەپنىڭمۇ مەيدانى.
دوستلار خۇشال ئويۇن قىلار
چاڭ كەلتۈرۈپ ھەريانىنى.

يەكشەنبىدە ساۋاقداشلار
كۆچەت تىكتى دالىدا.
قىزغىن ئىشلەپ بولدى رەيھان
بۇ ئىشتىمۇ ئالدىدا.

## ياز

مېۋە، گۈللەر ھىدى كېلەر
گۈزەل چىمەن باغلاردىن.
ھەممە ئەركىن نەپەس ئالار
بۇ يېشىللىق چاغلاردىن.
ئۆرۈك، ئالما، شاپتۇللار
داستىخانغا ياراشقان.
بۇلبۇل، كاككۇك، بۆدۈنىلەر
خەندان ئۇرۇپ سايراشقان.
ساۋاقداشلار قىزىل، يېشىل،
بولۇپ كەتكەن گۈل - غۇنچە.
قۇياش نۇرى چۈشكەن يۈزى
ئانار كەبى ئۆز شۇنچە.
دىللىرىدا يانار ئارزۇ
يېقىنلاشقان ئىمتىھان.
رەيھان بارلىق دەرسلەردىن
ئالدى يەنە يۈز، توقسان.
ئۇستازلارنىڭ ئىللىق مېھرى،
ئەجرىدىن ئۇ شادلاندى.
يازلىق ئارام — كانىكۇلمۇ
مانا خۇشال باشلاندى.
چوڭ ئاپىسى بار يېزىغا
چىقىپ رەيھان دەم ئالدى.
لېكىن بولدى ئوقۇشىدا
ئىشتىياقى، ئەس - يادى.
گۈزەل باغلار، قوغۇنلۇقلار
بېغىشلىدى يېڭى زوق.

ۋاقىتنى ئۇ ئالتۇن بىلىپ
ئىشلىۋالدى تاپشۇرۇق.
ياز نىشانى قىلىپ يەنە
ئۇ قۇرۇتقان قاقمۇ بار.
يىزىدىن ئۇ قايتقان كۈنى
كىلىشتى ساۋاقداشلار.
ئۇلار شىرنىن نىمەتلەرگە
ئىغىز تەگدى گەپ ئارا.
تۈگىمەيتتى سۆزلىگەنچە
شادلىقلىرى زادىلا.

### كۈز

سالقىن شامال ئىيۇز - كۆزلەرنى
سىلىغاندەك سۇس ئۆتەر.
مەي بولۇشۇپ پىشىپ كەتكەن
كۈزلۈك شىرىن مىۋىلەر.
ئۆي - ئۆيلەردە قوغۇن، تاۋۇز،
ئىتىزلاردا ئىش قايناق.

مەھەممەت روزى

دەرەخلەردىن ئۇچۇپ چۈشەر
ئاندا - ساندا يوپۇرماق.
باغ - بوستاندا توختاپ قالغان
بۇلبۇللارنىڭ ئۈنىمۇ.
سۆيۈندۈرۈپ كەلدى مانا
يىڭى ئوقۇش كۈنىمۇ.
مەكتىپىگە ماڭدى رەيھان
سومكا ئىسىپ، گۈل ئىلىپ.
گۈلنى تۇتتى ئۇستازىغا
ئانىسىدەك ئۆز بىلىپ.
ساۋاقداشلار يىغىلىشتى
يەنە بىلىم بىغىدا،
ئىلىم - ھىكمەت شىرنىسىنى
تولدۇرۇشقا دىلىغا.
ئالتۇن دەملەر زوق بىغىشلاپ
ئۆتۈشمەكتە ئىسىل، ساز.
بىلىم خۇمار رەيھانلارغا
ئوخشاش كۈز، قىش، باھار، ياز!

## باللار شىئىرلىرى

### جاۋاب بەردى چىپكەتكە

چىرت - چىرت - چىرت
چاقىردۇ چىپكەتكە مىنى:
«ئورمان سىنى سىغىندى،
قۇشلار سىنى سىغىندى،
تىز ئورنىڭدىن تۇر، قىنى.»
مەن ئورمانغا يۈگۈردۈم،
ھەم يۈگۈردى بوينىقىم.
يۈگۈردى دەل - دەرەخلەر،
ھەم كەپتىرىم ئامرىقىم.
بارسام ئورمان تىپ - تىنچ،
قۇشلارنىڭمۇ بىرى يوق،
بىلەلمىدىم بۇنى ھىچ.

چىرت - چىرت - چىرت...
جاۋاب بەردى چىپكەتكە:
«يانچۇقۇڭدا تاش نۇرغۇن،
ئوق قولۇڭدا رەگەتكە.»

### كەپتىرىم

باردۇر ئىككى كەپتىرىم،
شۇنچە ئامراق ئىدىم مەن.
بىللە ئوخلاپ ھەر كۈنى،
بىللە تاماق يىدىم مەن.

بىر كۈنى تاڭ سەھەردە،
ئۇچتى ئۇلار ئوينا قىلاپ.
يايراپ كەتتى يۈرىكىم،
ئويۇن قويسا موللاق ىلاپ.

بىردىن لاچىن بىرىنى
تۇتۇپ كەتتى يىراققا.
تۇرۇپ قالدىم ئامالسىز،
زارى كىردى قۇلاققا.

يەنە بىرى كەچقۇرۇن
يېنىپ كەلدى ئۇيۇمگە.
ئۇنى مەھكەم قۇچاقلاپ،
ياش ئالدىم مەن كۆزۈمگە.

## مومام ئېيتقان چۆچەكتە

مومام ئېيتقان چۆچەكتە
بار ئاجايىپ تىلسىمات.
ھەممىدىن يەك قىزىقى،
ئۇچۇدىغان ياغاچ ئات.

شادلىنىمەن شۇنداق ئات
ياساشنى بىر ئويلىسام.
يۇلتۇزلارغا بىر-بىردىن
مېھمان بولۇپ ئوينىسام.

## تەنھا ئاي

ئۈزۈك يالغۇز تۇرىسەن
نۇر ياغدۇرۇپ ئاسماندا.
يوقمۇ سېنىڭ ھەمراھىڭ
ئوينايدىغان ئاخشامدا.

سەييارىلەردەك يول يۈرۈپ،
تاغ كەينىگە چۆكۈسەن.
ئېيتقىن كىمگە خىلۋەتتە
سىرلىرىڭنى تۆكۈسەن؟!

سەندەك يالغۇز ئەمەسمەن
دوستلىرىم بار يەك ئىناق.
يايراپ كېتەر دىلىمىز،
دوستلار بىرگە ئوينىساق.

گەر زېرىكسەڭ پەسكە چۈش،
بىرگە ئوينا مەن بىلەن.
دوستلىرىمنى چاقىراي،
دوست بولايلى سەن بىلەن.

## تولۇن ئاي

ھەر ئاخشىمى بولاقتا،
ئۈزۈپ يۈرەر تولۇن ئاي.
تۇتۇۋالاي دېگۈچە،
قېچىپ كېتەر توختىماي.

تۇتۇۋالسام مەن ئۇنى،
يۈرىكىمگە باساتتىم.
ئىشلىگەندە تاپشۇرۇق،
چىراغ قىلىپ ئاساتتىم.

## يۇلتۇزلار

ئەي يۇلتۇزلار سىلەرگە
بىر گېپىم بار دەۋالاي.
يەغلايسىلەر ھەمىشە،
چوڭ تۇرۇپمۇ ئويناماي.

شوخلۇق قىلىپ قويسىڭلار،
ئۇرادۇ يا ئاناڭلار؟
يەغلىمايمەن سىلەردەك،
مانا مەنمۇ قاراڭلار.

## دوستلار

دېدى ئۇچقۇر قارلىغاچ،
«كۆكتە بىللە ئۇچايلى.
يۇلتۇزلارنى ئارىلاپ،
كۆڭلىمىزنى ئاچايلى».

بولدۇم ھاۋا ئەركىسى.
شوخ كۆيلەرنىڭ سەركىسى.
قۇچاقلىشىپ سۆيۈشتى،
قوشنى دوستلارنىڭ ھەممىسى.

سەيپىدىن ئەزىزى

# ئەسىرلەر

## يىغلاپ تۆرەلدىم، كۈلۈپ كېتىمەن

(تۇغۇلغانلىقىمنىڭ 77 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)

قانداقتۇر بىر روھىي كۈچ مېنى يەڭگىل تەۋرىتىپ ئۇيقۇدىن ئويغاتتى. سەھەرنىڭ بۇ شېرىن ئۇيقۇسىدىن ئويغاتقان كىمدۇ، دەپ ئويلىدىم ۋە تەتۈر قارىۋېلىپ ياتتىم. بىر پەستىن كېيىن، كۆزۈمنى ئېچىپ تاشقىرىغا قارا، بوۋاي! قەدىناس دوستۇڭ يەنە سېنى يوقلاپ كەلدى، دېدى بىرى دېرىزىنى چېكىپ.

ئېرىنچەكلىك بىلەن كۆزۈمنى ئۇۋۇلاپ بېرىپ دېرىزە پەردىسىنى ئاچسام، جاھانغا قىزغۇچ نۇرىنى چاچقان قۇياش كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپتۇ.

قارا سېنى، سەن ئۈچۈن قەدىرلىك بولغان مۇشۇ سائەت ـ مىنۇتلاردا قانداقمۇ ئۇيقۇڭ كەلسۇن، دەيتتى ئۇ گويا ماڭا تەنبىھ بەرگەندەك.

شەپەق نۇرىغا قارىغاچ كارىۋاتتا ئويلاپ ياتتىم: توغرا دېدىڭ قۇياش، ئاشۇ نۇرلۇق سەھەردە دۇنياغا كۆز ئاچقانلىقىمنى قانداقمۇ ئۇنتاي. ئاشۇ مىنۇتتا بىرىنچى بولۇپ سەن كۆزۈمنى يورۇتقان ئەمەسمىدىڭ! ئاشۇ مىنۇتتا ئىڭگە دەپ دۇنياغا كەلگەن يەنە بىر ئادەم بالىسىنى سەن كۈلۈپ قارشى ئالغان ئەمەسمىدىڭ! ئۇنىڭ كىنىدىكى كېسىلىپ، بىرىنچى قان تامچىسى ئانا ماكانىنىڭ قەدىرلىك تۇپرىقىغا تامغانلىقىنى سەن كۆرۈپ تۇرغان ئەمەسمىدىڭ! ئانىسى باغرىغا بېسىپ، تۇنجى سۈت بەرگەندە تېخى كۆز ئاچمىغان بوۋاقنىڭ ئىشتىھا بىلەن ئەمگەنلىكىنى سەن كۆرۈپ تۇرغان ئەمەسمىدىڭ!

شۇنداق، ئاشۇ مىنۇت ـ سائەتلەر ماڭا قەدىرلىك، بولۇپمۇ ئاشۇ بىرىنچى مىنۇت!

ئاشۇ بىرىنچى مىنۇت ــ مېنىڭ ئۆمۈر تارىخىمنىڭ باشلىنىشى، ئۆمۈر داستانىمنىڭ بىرىنچى بېتىنىڭ، بىرىنچى ھەرپىنىڭ باشلىنىشى ئىدى. ئاشۇ بىرىنچى مىنۇت بولمىسا، ئۇنىدىن كېيىنكى 670520 سائەت ۋە 28105 كۈن ھەم 77 يىل بولمىغان بولاتتى.

مۇشۇلارنى ئويلىغىنىمدا ئۆمۈر تارىخىم كۆز ئالدىمدىن تىزىلىپ ئۆتتى.

بالىلىق ۋاقىتلىرىم، مەكتەپكە ماڭغان تۇنجى كۈن، ئاتلىق تىغ كۆتۈرۈپ جەڭگە كىرىش، ئوقۇتقۇچىلىق، چەت ئەلدە ئوقۇش، خىزمەت، يەنە جەڭ - كۈرەش... ئاندىن كېيىنكى كۈرەشچان يېڭى دەۋرلەر...

باشتىن كەچۈرگەن بۇ كۈنلەر خاپىلىق - خۇشاللىق، غالىبىيەت - مەغلۇبىيەت، يەنە غالىبىيەت - ئىلگىرىلەشلەر بىلەن تولغان ئۆمۈر داستانى ئىدى. مۇشۇ ئۆتمۈش جەريانلىرىنى ئويلىغىنىمدا بىرسىنىڭ: يەنە ئارمىنىڭ بارمۇ - يوق؟ دېگەن سوئالى ئاڭلاندى. بۇ سوئالغا ھە دېگەندىلا جاۋاب بېرىش ئاسان بولمىدى. ئاز بولمىغان ئارزۇ-ئارمانلىرىم ئەمەلگە ئاشتى — خەلقىم كۆلدى، مەنمۇ كۈلدۈم. ئەمما خەلقىمنىڭ مەندىن كۈتكەن ئۈمىدىنى تولۇق ئادا قىلالمىدىم. مادارىم تۈگىگىچە داۋاملىق تىرىشىمەن!

دۇنيادا ئارمانسىز كىشى بولماس. بىر ئارمانى تۈگىسە، يەنە يېڭىسى تىزلىپ كېلىۋېرىدىكەن، دۇنيانىڭ كۈرەش يولى قانۇنىيىتى مۇشۇنداق بولىدىكەن. توختىماي جۈرئەت بىلەن ئالغا بېسىش كېرەك ئىكەن. مانا شۇلارنى ئويلاپ، ئىلگىرى يازغان مۇنۇ رۇبائىيلار يادىمغا كەلدى:

بىر ئۆمۈر يولىنىڭ چىقىنى باستىم،
يۇرت كەزدىم. سۇ كەچتىم، داۋانلار ئاشتىم.
قارىسام ئالدىمدا يەنە يۈز داۋان،
يانمىدىم، مەردانە ئىلگىرى باستىم.

يىغلاپ تۇرەلدىم، كۈلۈپ كېتىمەن،
قالدىسنى ئەۋلادقا قويۇپ كېتىمەن.
كۈرەش يولى مۇشكۈل، بىراق نىشان پارلاق،
كۆڭلۈم توق، خاتىرجەم بولۇپ كېتىمەن.

پەللىگە يېتەلمەي، قالسىمۇ قەبرەم،
مەنزىلدىن - مەنزىلگە باسىدۇ نەۋرەم.
ئەجدادلار ئىزلىرى — قالغان يول بىلەن
پەللىگە يەتكۈسى تۆمەننىڭ چەۋرەم.

1992 - يىل 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى

## ناباتاتنىڭ بىلرلىقىمۇ كۈرەشتە

جانسىز نەرسىدە قانداقمۇ كۈرەش بولسۇن؟ دەيسىز بەلكىم.

ئەگەر كۈرەش كۈچى بولمىسا، بوران - چاپقۇن، يامغۇر - يېشىندا كەڭ ئورمانلىقتىن تارتىپ ئەڭ كىچىك گۈلەرگىچە قانداق ياشىغان بولاتتى؟!

بىر كۈنى كەچقۇرۇن يامغۇر يېغىۋاتقاندا، تەبىئەت مەنزىرىسىگە نەزەر سېلىپ پەيشىۋاندا ئولتۇراتتىم، ئىككى يېرىم ياشلىق نەۋرەم چىقىپ: «دادا، قاراڭ، ئاۋۇ گۈللەر ئۇسسۇل ئويناۋاتىدۇ» دەپ تەشتەكتىكى گۈلنى كۆرسەتتى. تەشتەكتىكى لەۋپىندە ئېچىلغان قىزىل گۈللەر يامغۇر ئاستىدا ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى. ئۇلار باشلىرىنى يەڭگىل ئېگىپ، بىر - بىرىگە تەزىم قىلاتتى. كېيىن باشلىرىنى تىك كۆتۈرۈپ، گويا قېنى كۈچۈڭ بولسا كەل، دېگەندەك يامغۇرغا كىنايە قىلاتتى.

مەن بارغانچە قىزىقىش بىلەن گۈللەرنىڭ تاماشىسىغا قاراپ ئولتۇردۇم. يامغۇر كۈچەيمەكتە، گۈللەر ئۇسسۇلى قىزىماقتا...

قاراڭغۇ چۈشتى. گۈللەرنىڭ تەقدىرى قانداق بولار، دېگەنلەرنى ئويلاپ ئۆيگە كىرىپ كەتتىم. ئەتىسى ئەتىگەندە چىقسام، گۈللەر كۈندىكىدىنمۇ پارقىراپ كېتىپتۇ. گۈللەرگە قاراپ قانداق، دەپ كۈلۈمسىرەۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

قايىلمەن، غەيرەتلىكلەرگە بارىكاللا، كۈرەشچان روھلارغا بارىكاللا. ئاباتاتىنىڭ بارلىقىمۇ كۈرەشتە ئىكەن، دېدىم ئىچىمدە.

1992 - يىل 7 - ئاي بېيدەيخې

## ئەسلى بىلەن ماھىيىتىنى ئاكاڭ ئۆزى بىلىدۇ

«ئەسلى بىلەن ماھىيىتىنى ئاكاڭ ئۆزى بىلىدۇ» دېگەن بۇ سۆز مۇشۇ ئەسىرنىڭ يىگىرمىنچى يىللىرىدا ئاتۇشتىكى «قۇۋان سارىڭ» ئىسىملىك ئادەمنىڭ ئېيتىپ يۈرىدىغان سۆزى ئىدى.

ئەجەب ئىش؟ مۇنداق مەنىلىك سۆزنى يەنە كېلىپ بىر «سارىڭ» ئېيتىپ يۈرىدىكەن؟! ئەھۋالدىن قارىغاندا «سارىڭ» دېيىلمۇ «ئالىم»لىق چىقىدىغان ئوخشايدۇ - ھە؟

«ئالىم» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «بىلگۈچى» بولىدىغۇ؟ بىلىم ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ چىققان ئادەملەردىلا بولاتتى ئەمەسمۇ؟!

شۇنداق. ئەمما، تۇرمۇشتىن چىققان، تۇرمۇش تەجرىبىلىرىدىن ھاسىل بولغان ساددا، لېكىن چوڭقۇر بىلىملەر ــ تۇرمۇش پەلسەپىلىرى، ھېكمەتلىك سۆزلەرمۇ ئاز ئەمەس - تە. شۇنداقمۇ دەيلى، ئەمما ئۇ ئادەمنىڭ «سارىڭ» بولغىنى نېمىسى؟!

«سارىڭ» دېگەن بۇ نامنى قۇۋاندىن يىرگىنىدىغان «ئالىيجاناب»لار قويغان. تۇنەلىگەن «قۇۋان»لار بولسا ئۇنىڭغا ھېسداشلىق بىلەن «جاھان سارىڭى» دەپ باھا بېرەتتى. كىشىلەر نەزەرىدە قۇۋان «سارىڭ» ئەمەس، خەلقنىڭ دوستى ئىدى.

قۇۋان ئادەتتىكى بىر دىۋانە. ھەسسۇلتان مازىرى ئارقىسىدىكى بىر ئېغىز ۋەيرانە ئۆيى، پاخال ئۈستىدىكى كونا كىگىز ئۈستىگە سېلىنغان يىرتىق كۆرپە، بىر كونا داڭقان، ئىككى ھېجىر، بىر ئۇرۇق ــ مانا بۇلار قۇۋاننىڭ بارى - يوق مۈلكى. ئۇنىڭ قەدىردان دوستى بولسا يولۋاس دەپ ئاتالغان سالپاڭ قۇلاق ئىتى ئىدى. ئۇ دائىم چەندە - كولا كېيگەن ھالدا يولۋاس بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا پەيدا بولاتتى.

قۇۋاننىڭ بېشىدىن نۇرغۇن ئېغىر سەرگۈزەشتىلەر ئۆتكەن. ئۇ كىچىكىدە ئۈچ - تۆت

يىل دىنى مەكتەپتە ئوقۇغان بولسىمۇ، مەكتەپنىڭ پالىقىغا چىدىماي چىقىپ كەتكەن. دادىسىدىن كىچىك قېلىپ، كوچىدا سەرسان بولۇپ يۈرگەن. ئاخىرى دىۋانىچىلىك يولىغا كىرىپ كەتكەن.

سەرگەردانلىق تۇرمۇش ئۇنىڭ ئالدىغا بىرمۇنچە مەسىلىلەرنى قويدى:

بۇ دۇنيا نېمىشقا تەڭسىز يارىتىلغان؟ نېمىشقا كەمبەغەللەر ئاچ-زار، باي-خوجاملار باياشاد ياشايدۇ؟ نېمىشقا ئاخۇنلار بايلارنىڭ سۆزىنى قىلىدۇ؟ ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت ئىكەن. خۇدا شۇنداق ئادالەتسىزمىدۇ؟

تۇيۇقسىز قۇۋاننىڭ پېشانىسىدىن تەر چىقىپ چۆچۈپ كەتتى. خۇدادىن گۇمانلىنىدىغان بۇ سۆزنى بۇندىن كېيىن ئېيتماسلىققا تىرىشتى. ئاخىرى «ئاكاڭ ئۆزى بىلىدۇ» دېگەن سۆز بىلەن ئۆز كۆڭلىنى ئۆزى جۇۋۇتىپ يۈردى.

بىر كۈنى قۇۋان بىر تېيزىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارسا، بىرنەچچە دېھقان پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇمۇ بېرىپ ئولتۇرۇپتۇ. گەپنىڭ مەزمۇنىغا قارىسا، ئۇلارمۇ زامانىدىن زارلىشىپ ئولتۇرغانىكەن. سۆزلەۋاتقان بىر دېھقان قۇۋاننى كۆرۈپ «كەلسىلە مېھمان» دەپ ئورنىدىن قوزغىلىپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلىپتۇ:

— كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتسام، ئاغىنىلەر، خۇدا دۇنيانى بۇنداقمۇ تەتۈر يارىتارمۇ؟! — دەپتۇ.

— ئاغزىڭغا تاش-توپراق ئاداش، گەپ باشقا ياققا كېتىپ قالدى جۇمۇ، — دەپتۇ يەنە بىرى ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ.

يەنە بىر دېھقان قولىدىكى كەتمەننى يۇقىرى كۆتۈرۈپ:

— راستىنى ئېيتقاندا دۇنيانى ياراتقان مۇشۇ كەتمەن، — دەپتۇ.

— ئەللىك سەر گەپ قىلدىڭ ئاداش، — دەپتۇ يەنە بىرى، — كەتمەن بولمىسا نان يوق، نان بولمىسا ئادەم يوق. ئادەم بولمىسا دۇنيا نەدىن بولاتتى؟ قانداق دېدىم، مېھمان؟

— ماھىيىتى بار گەپلەر ئىكەن ئاغىنىلەر... — دەپتۇ قۇۋان. ئۇ كۆڭلىدىكى سۆزنى ئېيتالماي قالغان بولسا كېرەك، ئازراق توختاپ، — ئەسلى بىلەن ماھىيىتىنى ئاكاڭ ئۆزى بىلىدۇ، — دەپتۇ-دە، جەندىسىنى دولىسىغا سېلىپ كېتىپ قاپتۇ.

قۇۋان «ئەسلى بىلەن ماھىيىتى» نى غۇۋا بىلگەندەك قىلسىمۇ، ئەمما ئۇنى ئاشكارا ئېيتالمايتتى. مۇھىمى، باشقا ياققا تىل تېگىپ كېتىشىدىن قورقاتتى. ئۇ ئۆزى زارلىغان بۇ دۇنيانى قانداق قىلىپ ئۆزگەرتىشنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ پەقەت بىر «جاھان سارىڭى» ئىدى. ئۇ ئىنقىلاب قىلالمىدى. دائىم تەكرارلايدىغان ئاشۇ بىر جۈملە سۆز ئۇنىڭ كاللىسىدىكى ئىنقىلاب ئوندۇرمىسى ئىدى، خالاس.

قۇۋان زاماندىن زارلاپ تۈمەنلىگەن زامانداشلىرى بىلەن ئارماندا دۇنيادىن كەتتى. ئەمما، ئۇنىڭ ئارمانىنى كېيىنكى ئەۋلادلىرى — تۈمەن مىڭلىغان قۇربان تۆلۈم، تۇردى قاسىملار ئەمەلگە ئاشۇردى.

1986- يىل 5- ئاي بېيدەيخې

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

ھەسەن ئوسمان

# ئاھ، ئاق پەرىشتە

(نەسىر)

ئاڭلىغىن گۈل، ئالدىڭدا نالە قىلىپ ساڭا تەلمۈرۈپ ياتقان بىچارە قوزاڭنىڭ پەر-
يادىغا قۇلاق سالغىن! رەھىمسىز تاپانلارنىڭ ئاستىدا چەيلىنىپ قان-زەرداب بولغان يۈ-
رەكنىڭ ئىڭرىشىغا قۇلاق سالغىن! ۋاقىتسىز غازاڭ بولغان ياشلىقىنىڭ نىداسىغا قۇلاق
سالغىن! بىلەمسەن؟ سەن مېنىڭ بەختىمنى — پاك مۇھەببىتىمنى ھەتتاكى پۈتۈن ئۆمرۈم-
نى، بارلىقىمنى نابۇت قىلدىڭ. سەن ئۆزۈڭنىڭ ئاشۇ رەھىمسىزلىكىڭ، باغرى تاشلىقىڭ
بىلەن قەلبىمدە ئەمدىلا بىخ سۈرگەن مۇھەببەت مايسىسىنى ئۆز قولۇڭ بىلەن يۇلۇپ
ئېلىپ، قايناپ تۇرغان سېھىق سازلىقىنىڭ كۆزىگە ياۋۇزلارچە پاتۇرۇۋەتتىڭ. بىلسەڭ
ئىدىڭ، سەن مېنىڭ ئۈمىدۋارلىق، سۆيگۈ-مۇھەببەتكە تولغان قەلبىمنى روھىم بىلەنلا
جىسمىمدىن ئاجرىتىپ ئېلىپ كەتكەن ئىكەنسەن. مېنى سەن بىلەن ئۇچراشتۇرغان تەق-
دىرگە لەنەت!

گۈل! ئەمدى بىلدىم. مەن ئەمدى سەن ئۆزۈڭ بىلەنلا ئېلىپ كەتكەن، ئىنسان
ئۆز ھاياتىدا مەڭگۈ قايتا ئېرىشكىلى بولمايدىغان نەرسىنى — دۇنيادىكى ئەڭ پاك، ئەڭ
سەممىي مۇھەببىتىمنى مەڭگۈ قايتۇرۇپ ئالالمىغۇدەكمەن. ئاھ، گۈل! ئېسىڭدىمۇ، خۇدا
بىزنى ئۇچراشتۇرغان ئاشۇ كۈن... قىزىرىپ-تاتىرىپ ئۆزۈمگە پۈتۈنلەي ناتونۇش بولغان
سېنىپقا كىرگىنىمدە خۇددى تەگرى بارلىق ئىشلىرىمنى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندەك،
ئەڭ ئالدىدىكى بىرلا ئورۇن بوش تۇراتتى. مەن ئاستاغىنە شۇ يەرگە بېرىپ ئولتۇردۇم.
بىردەمدىن كېيىن سېنىپقا سەن كىرىپ كەلدىڭ. ئاھ! سەن نېمىدېگەن چىرايلىق، خۇد-
دى يۇقىرى ماھارەتلىك رەسسامنىڭ قولىدا سىزىلىپ چىقىلغان بەدىئىي سۈرەتنىڭ ئۆزى
ئىدىڭ.

قاپقارا چاچلىرىڭنى يېيىپ تۇرغان ئاپئاق ياغلىقىڭ، چېچىڭىدە كەلگەن يارىشىملىق
ئاپئاق كۆڭلىكىڭ ھەتتاكى قانىڭ ئىدارىمۇ بولمىغان ئاپئاق يۈزلىرىڭ... ھەممىلا يېرىڭ
ئاپئاق، خۇددى ئاپئاق ئېچىلغان ئەتىر گۈلنىڭ ئۆزى ئىدىڭ...

سەن ئاستاغىنە مېڭىپ مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ بوش ئورۇندا ئولتۇردۇڭ. بېشىڭنى
يەردىن ئالمايتتىڭ. خۇددى قېشىڭدا ھېچكىم يوقتەك، ماڭا پەرۋا قىلمايتتىڭ. نىھايەت،
بىر چاغدا ئاندىن يېنىڭدا بىر چاقىرىلمىغان مېھماننىڭ بارلىقىنى سەزگەندەك بۇرۇلۇپ

ماڭا قارىدىڭ. كۆزلىرىمىز ئۇچراشتى.

ئاھ، سېنىڭ كۆزلىرىڭ كىشىگە ئانىسىدىن ئايرىلغان بوتىلاقنىڭ ئۈنسىز بوزلىشىنى ئەسلىتەتتى. كۆزلىرىڭ ھىمايىسىز قالغان بىچارە قوزىنىڭ كۆزلىرىدەك شۇ قەدەر مىسكىن ئىدى. ئاھ، شۇ كۆزلىرىڭدىن ئۆزۈمنىڭ بەختسىز ئۆتكەن كۈدەك چاغلىرىمنى كۆرگەندەك بولدۇم.

بىلسەڭ ئىدىڭ، مەن بۇ قاراشىڭ، بۇ ھالەتىڭنىڭ تېخىمۇ ئۇزۇنراق داۋاملىشىشىنى قانچىلىك ئارزۇ قىلاتتىم؟ لېكىن سەن ماڭا بىرلا قارىدىڭ-يۇ، شۇ ھامان باشقا ياققا قارىۋالدىڭ. بىلدىم، سەن مېنىڭ يۈزلىرىمنى، يۈزلىرىمدىكى ئاشۇ خۇددى ماڭا «سېخىيلىق» بىلەن بەرگەن چېچەكلىرىمنى كۆرۈپ يىرگەنگەنىدىڭ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى كۈنگىچە ماڭا گەپ-سۆزمۇ قىلمىدىڭ. ھەتتا قاراپمۇ قويمىدىڭ. پەقەت بۇ دۇنيادا سەن ئۆزۈڭلا باردەك، يەككە-يېگانە يۈرەتتىڭ. بېشىڭدا يەنە شۇ ئاق ياغلىقىڭ، ئۇستۇڭدە ئاپئاق كۆڭلىكىڭ، يەنىلا شۇ قان دىدارى يوق ئاپئاق يۈزلىرىڭ... مەن ئۇقتۇم، يېقىندا سېنىڭ ئاناڭ توگەپ كېتىپ قارىلىق ئۈستىدە ئىكەنسەن. ئاھ، ئىككىمىز تەقدىرداش ئىكەنمىز ئەمەسمۇ، ساڭا ئىچىم ئاغرىدى. قەلبىم پارە-پارە بولدى. شۇ تەرىقىدە ئىككى كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ئىلگىرىكى ھالەت داۋاملاشماقتا. سەن يەنىلا مەندىن بىزار بولۇۋاتقاندەك...

3-كۈنى سىنىپىڭ كەينىدىن بىر ئورۇن بوشىدى. مەن يەنە مۇشۇ تەرىقىدە ئولتۇرۇۋېرىشكە چىداپ تۇرالمىدىم. كىتابلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ ھېلىقى ئورۇنغا كەتمەكچى بولدۇم. ئەنە شۇ چاغدىلا سەن ماڭا 2-قېتىملىق ئىلتىپاتىڭنى ئاتا قىلدىڭ، بۇرۇلۇپ ماڭا قارىدىڭ. ئاھ، يەنە شۇ غەمكىن كۆزلىرىڭ...

— نەگە بارماقچىسىز؟

ئاخىر بۇ سېنىڭ ئاۋازىڭ ئىدى. نېمە دېيىشىمنى بىلمەيتتىم. تىلىمنى خۇددى ئېغىر بىر نەرسە بېسىۋالغاندەك مىدىرلىتالمايتتىم.

— كېتەيمىكىن دەيمەن، — دېيەلىدىم ئارانلا.

— نەگە؟... ئۆزۈم يالغۇز غېرىبسىنىپ قالىدىكەنمەن-دە ئاخىر... — سەن شۇنداق دېدىڭ-دە، ئاپئاق قوللىرىڭنى سۇنۇپ سومكامنى ئېلىپ، پارتامغا سېلىپ قويدۇڭ. ئۆزۈممۇ بىلمىگەن ھالدا جايىمغا ئولتۇرۇپ قالدىم.

«يالغۇز غېرىبسىنىپ قالىدىكەنمەن!» ئاۋازىڭ قۇلاق تۈۋىمدە قايتا-قايتا جاراڭلايتتى. ئاپئاق قوللىرىڭ كۆز ئالدىمدا قايتا-قايتا گەۋدىلىنەتتى.

دېمەك، ئۇ مېنىڭسىز غېرىبسىنىدىكەن... خۇشاللىقتىن، ھاياجاندىن يۈرىكىم شىددەت بىلەن سوقاتتى. ئورنىمدىن سەكرەپ تۇرغۇم، سىرتقا چىقىپ خۇشاللىقىمنى پۈتۈن دۇنياغا ئاڭلاتقۇم كېلەتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ مەن سېنىڭ تەنھالىقىڭنى، مىسكىن-غېرىب ھالىتىڭنى ئۆزگەرتىش قارارىغا كەلدىم. گەپ قىلمىساڭمۇ گەپ قىلاتتىم. كۈلمىسەڭمۇ، ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىسەڭمۇ توختىماستىن چاقچاق قىلاتتىم. لېكىن مېنىڭ بۇ ئۇرۇنۇشلىرىمنىڭ ھەممىسى بىكارغا كەتتى. سەن خۇددى مەن كىچىك چاغلىرىمدا چۆچەكلەردە

كۆرگەن ــ گەپ - سۆزلىرىڭنى، سىرلىرىڭنى، خۇشاللىقىڭنى يوقىتىپ قويغاندەك خۇداغا تاپشۇرۇپ، لېكىن ئۈمۈدۈم بەھەم يېقىنىم ئىچىدە يەككە - يېگانە ئۆتۈشكە بەلكى باغلانغان قارا كېلىنىمەلىك راھىبە- لەرنىڭ ئۆزگىچە ئىبادىتى، يەككە ئوخشاش ئىبادەتلىك ئىچىدىكى تاشۋە تاقىلىقتىكى ئەقىلسىز لىلال قىلىنغان كۆزۈم ئالدىمدىن تاكە قەبرە يەرلىكىم ئاق يەرشىنىدەك ئۆز بىرادىرنىڭ سۈرىتى.

قىسقىسى، سەن بارغانسېرى تۈگىشىپ كېتىۋاتاتتىڭ. ئاناڭنىڭ ئۆلۈمى ساڭا شۇنداق بېسىم بولۇپ قالغانىدى. سېنىڭ بۇنىڭغا مەن چىدىيالماي تۇرالمىدىم.

ــ لەيلىگۈل ــ دېدىم بىر كۈنى مەن سەن بىلەن بىر ئۆمۈر خۇشال ئاتاپ كېتىپ قالساق، ئۆتۈپ كەتكەنلەرنى ئويلىساڭ، ئازراق بولسىمۇ ئاخىرلىق ئاخىرى دېگەن... ئۆزۈمنىڭ ئازابلىق ئەسلىمىلىرىمنى، يىغلىغان كۆزلىرىمنى سۆزلەپ بېرەي. بىلەمسەن، ئويلاپ باقمىغان، بۇ ئاغىر كۈنلەردە كۆڭلۈمدىكى ئارمان دۇنياغا كېتىپ قالغان بىلەمسەن؟ شۇنداق كېيىن مەن قاپاقلىق كۆزلىرىڭنى كۆردۈم. بۇ دەپ... بىر ئاز ئويلىنىپ، داۋاتسىيەلىك نۇر، بۇ كەيپىڭلارنى ئالمايمۇ؟ ...قىلالمىدىم. بېشىمنى كۆتۈردۈم. كۆزلىرىڭدە ياش... سېنىڭ... مەن...

ــ تاكى ئىچىڭگە كىرىپ ئولتۇرغىچە ئېيتىمەن «يېتىم قالدىم» دېدىڭ. كۆز ئالدىمدا كەتكەن كېلىنچەك ئۆگەنگەن ئېيتىپ ئانامنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ قانچىلىك يىغلايتتىم. دەردلىرىمنى ئۆزۈم بىلىمەن، ئاتامغا پەقەت تىنمايتتىم... بولدى، شۇ سۆزلىمەيلى قويۇپ سۆزلىمەي ئۆتۈپ قالاي... سەن ئۆكسۈپ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتىڭ...

ــ قارا گۈل، ئادەم بۇ دۇنيادا ياشىغانىكەن، قايسى ئەرلىك بىلەن قەتئىي ئىرادە بىلەن باتۇرانە ياشىشى كېرەك. تۇرمۇش ساڭا قانچە رەھىمسىز بولسا، سەن شۇنچە تۇر- مۇشقا شۇنچە رەھىمسىز بولغىن. مەن شۇنداق قارايمەن، مانا مۇشۇ يول ماڭا ئىلھام بېرىدۇ، كۈچ ئاتا قىلىدۇ، مېنى ھەقىقىي بىر ئادەم بولۇشقا ئۈندەيدۇ. ئاخىرىدا مەن ساڭا مۇشۇ يولنى تەۋسىيە قىلىمەن.

ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم.

تويۇقسىز قوللىرىمنى دوستانىلارچە چىڭ سىقتىڭ. شۇ ھامان بېشىمدا چاقماق چېقىلغاندەك بولدى. ھوشۇمدىن كەتكۈدەك بولدۇم. سەن ماڭا تەسەۋۋۇرمۇ قىلىپ باق- مىغان، چۈشۈمدىمۇ كۆرۈپ باقمىغان «ئەڭ چوڭ ئىلتىپات» نى سېخىيلىق بىلەن ئاتا قىلغانىدىڭ.

سېنىڭ ئاشۇ غەمكىن سەمەيۇس كۆزلىرىڭ تۇنجى قېتىم ئۈمىد بىلەن چاقنىدى. ئاپپاق يۈزلىرىڭدە تۇنجى قېتىم قىزىللىقنى كۆرگەنىدىم. تىللىرىڭ ئارانلا گەپكە كېلەتتى:

ــ بۇرۇنقى قىلغانلىرىم ئۈچۈن مېنى كەچۈرگىن نۇر، رەھمەت. ماڭا ئىرادىسىز- لىكىم، ئاجىزلىقلىم ئۈچۈن ئالدىڭدا خىجىلمەن. سەن ماڭا قايتىدىن ئۈمىد ئاتا قىلدىڭ، ھاياتلىق ئاتا قىلدىڭ... ــ يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى ئىدىڭ، بىردىنلا ئېسەدەپ كەتتىڭ.

يۈگۈرگەندەكلا چىقىپ كەتتىڭ.

كەينىڭدىن داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدىم.

— ئاھ، مېنىڭ ئاق پەرىشتەم...

شۇنىڭدىن كېيىن بىز ھامان بىللە ئىدۇق. بىللە ئوينايتتۇق، سىنىپقا بىللە كىرەتتۇق، بىللە قايتاتتۇق. شۇنداقتىمۇ ئىچىمدىكى ھېچنېمىنى ئېيتالمىدىم، قۇرت تاتىلايتتى. يېنىڭدا يۈرسەممۇ زادىلا خاتىرجەم بولالمايتتىم.

ئېسىڭدىمىكىن، بىر كۈنى مەكتەپتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ يول بويىدىكى [illegible]

— نېمىلەرنى دەۋاتىدىغانسەن نۇر؟ ھەيرانلىق بىلەن ماڭا قارىدىڭ. [illegible] يۈزلىرىمە [illegible] قاقاقلاپ كۈلۈۋېتىپ كەتتىڭ، مەن بولسام سەن بولمىغان بولساڭ مەن يەنە قانداق كۆرەر ئىدىم؟ بەلكىم ھازىرغىچە ئانامنىڭ كەينىدىن كېتىپ قالغانمۇ بولار ئىدىم. غەمكىن يۈزىڭگە ماڭىيا ياشاش ئۈچۈن ئۈمىد چىرىغى ياندۇرۇپ بەردىڭ. مەن سەن بىلەن قېلىشتىن ئادەم بولدۇم. شۇ كۈندىن باشلاپ سېنىڭ مۇشۇ قورايدەك قوللىرىڭ، چېچەكتەك بالىسقان يۈزلىرىڭ، تىشقىلىپ ھەممىلا يېرىڭ ماڭا شۇنچە يېقىملىق، شۇنچە سۆيۈملۈك تۇيۇلدۇ... سەن كەتتىڭ، ماڭا يۈرەك سۆزلىرىڭنى دېگەنىدىڭ.

بۇنىڭدىن ئارتۇق جاۋابىڭنى ھەرگىز كۈتمەيتتىم. يەنە ئەقلىم چېقىپ كەتكەندەك تۇرۇپلا قالدىم...

— ئاھ؟ مېنىڭ ئاق پەرىشتەم...

شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ مەن سېنىڭ بىلەن بەختلىك ئىدىم، سېنى ئۆمۈرلۈك مەھبۇبەم ھېسابلايتتىم.

بىز ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىشتۇق. چاقىرىق كەلدى. بىراق ئىككىمىز ئىككى مەكتەپكە بۆلۈنگەنىدۇق. شۇنداقتىمۇ بىز يەنىلا شۇ قەدەر بەختلىك ئىدۇق. سەن قېشىمغا كېلەتتىڭ. مەن باراتتىم. بىر-بىرىمىز بىلەن كۆرۈشكىچە كۆزىمىز تۆت بولاتتى.

لېكىن... كېيىنچە سەن پات-پات ئاغرىپ قالىدىغان بولۇپ قالدىڭ. مەن سەندىن بەكلا ئەنسىرەيتتىم. كېيىنچە سەن مېنىڭ يېنىمغا كېلەلمەيدىغان بولدۇڭ. دائىملا مەن باراتتىم. ۋاقتىم چىقسىلا يېنىڭغا ئۇچاتتىم. ھەر قېتىم بارغىنىمدا ئاغرىق ئىكەنلىكىڭنى كۆرەتتىم. قاپىقىڭ ئېچىلمايتتى. چىرايىڭدىن كۈلكە دېگەندىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى.

مەن ئەتراپىڭدا پەرۋانە ئىدىم.

— بەكلا ياداپ كېتىپسەن، گۈل، ئۆزۈڭگە كۆپرەك دىققەت قىل.

— رەھمەت.
— ياتاقتا ئولتۇرۇپ زېرىكىپ كەتكەنسەن، ئايلىنىپ كېلەيلىمۇ؟
— ئىشلەيدىغان تاپشۇرۇقلىرىم بار ئىدى نۇر.
— ئۇنداقتا كەچتە كىنو كۆرۈشكە ۋاقتىڭ چىقامدۇ؟
— كەچۈرسەن، بېشىم بەكلا ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ.
— ئۇنداقتا ياخشىراق دەم ئالغىن.

تەقدىرنىڭ بىزنى قانداق ئۇچراشتۇرۇپ بىرلەشتۈرگەن بولسا شۇنداق ئايرىۋەتكىنىگە ھەيرانمەن. ئاھ، سېنىڭ «ئاغرىقلىق» باشقىچە ئاغرىق ئىكەن ئەمەسمۇ، شۇ لەنىتى كۈن مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

شەنبە كۈنى ئىدى. مەن شۇ كۈنى سېنىڭ «ئاغرىق» ئىگدىن پوتونلەي ساقىيىپ، ئالدىمغا كۈلۈپ چىقىشىڭنى نەقەدەر ئارزۇ قىلغانىدىم. سەن چىقتىڭ، ئۇيلىغىنىمنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىچە قاپىقىڭ تېخىمۇ سېلىنىپ، چىرايىڭدىن مۇز يېغىپ تۇراتتى. خۇش ياقمىغاندەك ئاستا مېڭىپ كەلدىڭ.

— ياخشىمۇ سەن گۈل ؟— يۈرەكسىزگىنە سورىدىم.
— قەدىر ئەھۋال.

بىلسەڭ ئىدىڭ، مەن سەنچۇ؟ دېگەن گېپىڭگە قانداق تەشنا ئىدىم. بىراق سەن خۇددى قاتۇرۇپ قويغان بۇتقا ئوخشاش ھېچقانداق ئىپادىسىز تۇرۇۋەردىڭ.

— كۆرۈشمىگىلى ئىككى ھەپتە بوپتۇ، كۆرۈشۈپ قوياي، دەپ كەلدىم گۈل.
— ياخشى بوپتۇ،— دېدىڭ يەنىلا شۇ قىياپىتىڭ بىلەن.
— بىللە كىنو كۆرۈپ باقمىغىلىمۇ خېلى بوپتۇ، كىنو كۆرۈپ كېلەيلىمۇ؟
— ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، نۇر، ئاغرىقتىن بېرى كېلەلمەيۋاتىمەن. كەچۈرسەن، بۇنىمۇ بارالمايدىغان ئوخشايمەن،— دېدىڭ ئاشۇ قانداقتۇر سىرلار يوشۇرۇنغان كۆزۈڭنى مەندىن ئەپقېچىپ.

نېمىمۇ دېيەلەيتتىم، تۇنجى قېتىم ساڭا قاتتىق ئاچچىقىم كەلدى. ئۈن- تىنسىزلا ئارقامغا بۇرۇلۇپ ماڭدىم. مېنى چاقىرىدۇ، مېنىڭدىن كەچۈرۈم سورايدۇ، دەپلا ئويلايتتىم. بىراق بۇ مېنىڭ شېرىن خىيالىملا ئىدى خالاس. ئارقامغا قارىسام قاراڭمۇ كۆرۈنمەيتتى. مېڭەمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. نېمە قىلىشىمنى بىلمەيتتىم. قاياققىدۇر مېڭىۋېرەتتىم. نەگە ماڭغانلىقىمنى بىلمەيتتىم. خۇددى شۇ مېڭىشىم بىلەن سەندىن، تارتىۋاتقان ئازاب، جەۋرى- جاپالاردىن بىراقلا قۇتۇلۇپ كېتىدىغاندەك.

— نەگە ماڭدىڭ نۇر ؟— بىرسىنىڭ ئۈنلۈك ئاۋازدا چاقىرىشىدىنلا ئېسىمگە كەل
گەندەك بولدۇم. بۇرۇلۇپ قارىسام ساۋاقدىشىم دولقۇن ئىكەن.
— دوزاخقا،— ئۆزۈمنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىمنىمۇ ئۇقمايتتىم.
ئۇ چىرايىمغا بىرلا قارىدى- دە، قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. قولۇمدىن تارتقىنىچە بىر
ئاشخانىغا ئېلىپ كىردى. بىرئاز چاي ئىچىپ، سەل ئېسىمگە كەلگەندەك بولدۇم.

— زادى نېمە بولدى نۇر؟ ئېيتساڭچۇ؟
ئۇ ماڭا قاراپ تىت - تىت بولاتتى. مەندە ئۇنىڭغا جاۋاب بەرگۈدەك مادارمۇ يوق ئىدى.

— بولدى، دېگۈك كەلمىسە، مەنمۇ سورىمايلا قوياي، روھىي كەيپىياتىڭ بەكلا تۆۋەن. يۈر كىنو كۆرۈپ چىقايلى،— دولقۇن مېنى ئۇنىمىغىنىمغا قويماي سۆرىگەندەكلا ئېلىپ ماڭدى.

كىنوخانىغا كىردۇق. كاللام ئايىغى چىقماس ئويلار، پۈتمەس - تۈگىمەس زىددىيەتلەر بىلەن تولغانىدى. سېنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىدىغىنىڭنى زادىلا چۈشىنەلمەيتتىم. بەلكىم راستلا ئاغرىقتۇ، مەنمۇ تولا كېلىۋېرىپ ئۇنى ئارامىغا قويمىغىنىم ياخشى بولمىغاندۇ، دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىپ ئولتۇراتتىم. تۇيۇقسىز ئېشىككە قاراپ داڭقېتىپ قالدىم. ئاھ! بۇ ئويۇممۇ - چۈشۈممۇ؟ ئېشىكتىن ساۋاقدىشىمىز گۈلنار بىلەن سەن كىرىپ كېلىۋاتاتتىڭ. «ئاغرىق» لىقىڭدىن ئەسەرمۇ يوق، چىرايىڭدىن كۈلكە يېغىپ تۇراتتى. ئۈستىڭدە يەنىلا شۇ ئاق كۆڭلىكىڭ. پەردازسىز ئاپئاق يۈزلىرىڭ سۈس چىراغ يورۇقىدا تېخىمۇ چىرايلىق كۆرۈنەتتى. مەن سېنى خۇددى بىرىنچى قېتىم كۆرگەن چېغىمدىكىدەك، ھوشۇمنى يوقىتىپ ئولتۇرۇپلا قالدىم. ئىچ - ئىچىمدىن تولغىناتتىم.

دولقۇن سىلەرنى چاقىرماقچى بولۇپ تەمشىلىۋىدى، مەن كاپىلا قىلىپ ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالدىم. سىلەر كېلىپ بىزنىڭ ئالدىمىزدىلا ئولتۇردۇڭلار، شۇ پەيتتە مەن خۇدادىن بۇ سېنىڭ ئەمەس بولۇپ قېلىشىڭنىلا تىلەيتتىم. بىراق ئۆزۈمنى قانداق ئالدىغىنىم بىلەن بۇ يەنىلا سەن ئىدىڭ، سېنى ئارقىغا قارىۋەتمىسۇن دەپ چوڭراق تىنىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتىم.

تۇيۇقسىز تونۇش ئاۋازىڭ ماڭا ئېنىقلا ئاڭلىنىشقا باشلىدى:
— ھېلىقى نۇر دېگەن سەت چوقۇر يەنە كەپتۇ قارا، ئادەمنىڭ نومۇسىنى كەلتۈرۈپ. ئەجەبمۇ قۇتۇلالمىدىم ئۇ رودۇپايدىن. ساۋاقداشلىرىم يۈرگىنىڭ شۇمۇ دەپ سورىسا، يەرگە كىرىپ كەتكۈدەكلا بولىمەن.

مېڭەمدىن كىرگەن ئاغرىق پۈتۈن ئەزالىرىمنى كۆيدۈرۈپ، تاپىنىمدىن چىقىپ كەتكەندەكلا بولدى.

— گۈل! ئىپلاس!... — توك تەپكەندەك ئىككىڭلار چاچراپ ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ كەتتىڭلار. دولقۇننىڭ ساڭا ئۇزارتىلغان قوللىرى مېنىڭ كۈچلۈك ئىتتىرىشىم بىلەن ھاۋادا لەيلەپ قالدى. مەن يۈگۈرگىنىمچە زالدىن چىقىپ كەتتىم. ئۇدۇلدىكى بىر دۇكانغا كىردىم. ئۆزۈم ئەڭ نەپرەتلىنىدىغان، ئۆمرۈمدە ئېغىزىمغىمۇ ئېلىپ باقمىغان ئەڭ يىرگىنچلىك نەرسىنى بىر كۆتۈرۈشۈمدىلا قانداق تۈگەتكەنلىكىمنى بىلمەيمەن...

بىر چاغدا كۆز ئالدىمدا ئاپئاق بۇلۇتلار ئۈستىدە ئىككىيلەن نامايان بولدۇق. سەن يەنە شۇ ئاپئاق ياغلىقىڭ، ئاپئاق كۆڭلىكىڭ، ئاق نۇرانە چىرايىڭ بىلەن ئىدىڭ. سەن ماڭا ھەدەپ: «بىز جەننەتكە كېتىۋاتىمىز. جەننەت بەختىيارلارنىڭ ماكانى»

دەيتتىڭ. بىراق نېمىشقىدۇر جەننەتكە يېقىنلاشقانسېرى چىرايىڭدىن كۈلكە ئۆچۈپ، قاپاقلىرىڭ سېلىنىشقا باشلاپتۇ، جەننەتكە كەپتۇق. شۇ چاغدىلا سەن ماڭا زەھەرخەندىلەرچە: نۇر، ئالدى بىلەن سەن ئۆزۈڭنىڭ ئاشۇ پاناق بۇرنۇڭغا، چېچەك باسقان يۈزلىرىڭگە قارا. ئاندىن ئۆزۈڭگە لايىق تاپ... دەپلا مېنى مۇئەللەقتىن يەرگە ئىتتىرىۋېتىپسەن.

— ئاھ...

چاچراپ ئورنىمدىن تۇرۇپ كېتىپتىمەن. ئالدىمدا دولقۇن كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە قېتىپلا قاپتۇ. كۆزۈم جوزىدا تۇرغان بوتۇلكىغا چۈشتى. ئەمدىلا قول ئۇزارتىشىمغا دولقۇن بوتۇلكىنى ئالدىمدىن تارتىۋالدى:

— ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال نۇر، ئېسىڭدىمۇ؟ بىر چاغلاردا سەن بىزگە ئادەم بۇ دۇنيادا ياشىغانىكەن، قەيسەرلىك بىلەن، قەتئىي ئىرادە بىلەن باتۇرانە ياشىشى كېرەك، دەيتتىڭ. شۇ گەپلىرىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ قارا سېنى... — دولقۇن قاتتىق - قاتتىق سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ گەپلىرى ئورۇنلۇق ئىدى. توغرا، مەن نېمىدېگەن ھاماقەت - ھە؟ ئۆزۈمنىڭ ئىرادىسىزلىكىمدىن، ئاجىزلىقىمدىن نومۇس قىلىشقا باشلىدىم. خىجىللىقتىن دولقۇننىڭ ئالدىدا يۈزلىرىم، پۈتۈن بەدىنىم ئوت بولۇپ ياناتتى...

دولقۇننىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقتىم. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ:

— رەھمەت دوستۇم، سەن ماڭا چىن دوستلۇقنى يەتكۈزدۈڭ، — دېيەلىدىم ئاراللا. سىرتقا چىقتۇق. يۈرىكىم قارت قىلىپ قالدى. ئالدىمىزدا خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا سەن پەيداب بولدۇڭ. نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولاتتىڭ، دېيەلمەيتتىڭ.

— چۈشەندۇرىمەن دەپ ئارتۇقچە ئاۋارە بولما، گۈل. ئەمدى ئوتتۇرىمىزدا قىلىشىدىغان يەنە نېمە گەپ بولسۇن، خەير... بەختلىك بولغىن... — دېدىم.

بىراق سەن خۇددى مىخلاپ قويغاندەك مىدىرلىماي تۇراتتىڭ.

— قايتىپ كەت!

بۇ مېنىڭ ساڭا تۇنجى قېتىم ۋارقىراپ گەپ قىلىشىم ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاپئاق گەۋدەڭ بارا - بارا كۆزۈمدىن غايىب بولدى.

خەير - خوش، ئاھ! مېنىڭ نەپرەتلىك ئاق پەرىشتەم!

مەسئۇل مۇھەررىر: سارەم ئىبراھىم

ئابدۇللا ساۋۇت

# تۇمان باسقان مەھەللە

(ھېكايە)

قۇياش بارا-بارا ئۆچۈشكە باشلىدى،
قېنىق ھاۋا رەڭدە تاۋلىنىپ تۇرغان ئېگىز
چوققىلار سۇس تۇمانلار ئارىسىدا غايىب بول-
دى. تاغ باغرىدىن باشلىنىپ چەكسىز
سوزۇلغان بىپايان دەشت ئادەمنى ۋەھىمى-
گە سالغۇدەك دەرىجىدە جىمجىت ئىدى،
مەن شالاڭ ئۆسكەن شاپ، كوۋرۇك، چاكان-
دىلارنى ئارىلاپ كېتىۋېتىپ، ناخشا ئېيتىمەن:

خۇش كوندۇر، بۇرادەرلەر،
كىشى جانانغا يەتسە.

...

ئاغزىم تالمايدۇ، ئاۋازىم پۈتمەيدۇ،
ناخشام تۈگىمەيدۇ. كېتىۋېتىپ ھەرخىل
ئوت-گىياھلارغا دىققەت بىلەن قارايمەن،
ئادراسمان ئىزدەيمەن. ئۇنى كۆرگەن ھا-
مان خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك خوشال
بولىمەن. دەشتتە مەندىن باشقا ئىنس-جىن
يوق. كۆزۈمگە ھەممە نەرسە يەككە-يېگانە
كۆرۈنىدۇ. ئۆزۈممۇ يالغۇز-يېگانە ئادەممەن،
تەنھا ياشايمەن. ناخشا ئېيتسام ياكى يىغ-
لىسام، كۈلسەم... ئۆز ئەركىم.

تۇيۇقسىز ئۇڭ قاپىقىم لەپىلداپ تار-
تىپ-كەتتى، بارا-بارا قاتتىق تارتىشقا باش-
لىدى. شۇ ھامان ناخشىنى توختاتتىم، ئۇ-
يەر-بۇيەرگە يۇلۇپ تاشلاپ قويغان ئاد-
راسمانلارنى يىغىپ چىپىتغا سالدىم. تاغ شا-
ملى دەشت جىملىقىنى بۇزۇپ-غۇيۇلداشقا
باشلىدى. ئېگىز-پەس سايدا، قىرلىق تاش-
لار ئۈستىدە ئىتتىك مېڭىش تەس ئىدى.
كۆڭلۈمنى چۇلغىۋالغان ئەنسىزلىك تۇپەيلى
پۇتلىرىممۇ تىترەپ، قەدەملىرىم قولاشمايۋا-
تاتتى. ئورمانلىرىمغا بىرەرسى مال قويۇۋەت-
تىمىكىن، ئالمىلىرىمغا ئوغرى تەگدىمۇ-يە،
بالىلىرىمنىڭ بېشىغا خاپىلىق چۈشكەنمىدۇ؟
تاشلارغا پۇتلىشىپ مۆدۈرۈپ كېتىمەن. قەدى-
مىمنى بارغانسېرى ئاستىلاتتىم، قاپىقىم يەنە
تارتتى، يۈرىكىم بىر شۇملۇقنى سەزمەكتە
ئىدى. بەلكىم قاتتىق ھودۇقۇش، ساراسىمە
بېشىمنى قايدۇرۇۋاتسا كېرەك، ئايىغىم ئاس-
تىدىكى تاشلىق زېمىن تۈگىمەن تېشىدەك
ئايلانماقتا. قانچىلىك ماڭغىنىمنى بىلمەيمەن،
ئاش ئۈستەڭ بويىغا — چۈشۈرگىگە كېلىپ
قاپتىمەن. كۆپۈكلىنىپ شىددەت بىلەن ئېقى-
ۋاتقان سۇغا قاراپ، كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاش-
قاندەك بولدى، چۈشۈرگىدىن مىڭ تەستە
ئۆتتۇم... ئاخىرى ئۆيگە يېتىپ كەلدىم، بايا
ئادراسمان ئىزدەۋېتىپ تۇتۇۋالغان ئاق يەر

يىلىنىنىڭ بېشى بىلەن قۇيرۇقىنى كېسىۋېتىپ، ئاپتاپ چۈشىدىغان يەرگە ئېسىپ قويدۇم، ئاندىن ئورمانلىرىمنى، باغنى بىر-بىرلەپ ئارىلاپ چىقتىم. ھەممە نەرسە ئۆز پېتى تۇرۇپتۇ. يۈرىكىم ئورنىغا چۈشتى. تېرەكلەر كۆككە بوي سوزۇپ تۇرىدۇ، نان جىگدىلەرنىڭ شاخلىرى مېۋىلىرىنى كۆتۈرەلمەي قاپتۇ. ئالمىلار كەچكى شەپەقتە ئوتقاشتەك تاۋلىنىدۇ، ھاياتنى، تەبىئەتنى قىزغىن سۆيىدىغان ئىنسان ئۈچۈن ئۆزى تىكىپ ئۆستۈرگەن كۆچەتلەرنىڭ، مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ غوللىرىغا، نازۇك شاخلىرىغا، ياپيېشىل يوپۇرماقلىرىغا، بولۇق مېۋىلىرىگە ھەۋەس بىلەن سىنچىلاپ قاراپ تۇرۇشنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل ھۇزۇر ۋە بەخت ئىكەن. بارالىك ئاستىدىكى كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ، تەمبۇرنى قولۇمغا ئېلىپ، تارلارنى بوش چېكىشكە باشلىدىم:

جاپانى كىم تولا تارتسا،
گۆھەرنى شۇ ئالار تاشتىن.
گۆھەر ئالغۇچە تاشتىن،
نى سەۋدالار ئۆتەر باشتىن.

ئۇڭ قاپىقىم ياراشمايتتى، شۇڭا بىكاردىن-بىكار ئەنسىرەپ كېتىپتىمەن. مانا ئەمدى بايىقى دىشۋارچىلىقنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ناخشا ئېيتىۋاتىمەن. بىركەمدە نىمىدۇر بىر نەرسىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى. يۈرىكىم ئاسقىتى، ئەنسىزلىك ئىچىدە تىڭشىدىم، ماتور ئاۋازى يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. ساي تۆگمەنلىك بىرى موتسىكلىتنى ھەيدىگەن پېتى قوزۇغا كىرىپ كەلدى:

— پاتىمە خانىم سىلىنى دەررۇ كەلسۇن، — دەيدۇ.

مانا ئۇڭ قاپىقىمنىڭ تارتقىنى بىكار ئەمەس، پاتىمە مېنى چاقىرتقان بولسا جەزمەن ئىش چاتاق... مەن موتسىكلىتنىڭ كەينىگە مىنگەشتىم، كۆڭلۈم چالما چۈشكەن كۆل سۈيىدەك چايقىلىشقا باشلىدى.

تاھىر ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا ماڭغاندا مەن ئۇنى ئۈزىتىپ قويغانىدىم. ئۇ ماڭار ۋاقىتتا ماشىنىنىڭ كابىنكىسىنىڭ ئەينىكىدىن بېشىنى چىقىرىپ:

— خېلى بولدى، سەن بىلەن ئۆلپەتلەشمىگىلى، سەنغۇ ئىچىپ تۇردۇڭ، ئەمدى مەن ئۈچۈن ئىچىپ قويغىن! —دېگەنىدى.

ئۇنىڭ قورۇق باسقان مەڭزىلىرىدە ياش تامچىلىرى بار ئىدى، ماشىنا چاڭ توزاتقىنىچە يۈرۈپ كەتتى. پاتىمە ئىككىمىز قالدۇق. ئازنا مەسچىت يېنىدىكى توپىلىق يولدا ئەمەت مەزىن كۆرۈنگەن ھامان پاتىمە بىلەن خوشلىشىپ يولۇمغا راۋان بولدۇم. ئەمەت مەزىن مەرھۇم تاغامنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئېرى ئىدى. لېكىن ئۇ تاھىر بىلەن مېنى بەكمۇ يامان كۆرەتتى. بىزنى ناماز ئوقۇماسلىقتا، روزا تۇتماسلىقتا ئەيىبلەيتتى. كاپىرلار، دوزىخىيلار... دەپ تىللايتتى.

پاتىمەنىڭ ئۆيى ئالدىدىن ئۆتتۇم، - دە، ناخشا ئېيتىشقا باشلىدىم، ناخشا مېنىڭ ھەمراھىم ئىدى. خۇشال بولغاندىمۇ، دەرد - ئەلەم تارتقاندىمۇ ناخشا ئېيتاتتىم، تەمبۇر چالاتتىم. ئادەم قېرىسا ھېسسىياتىمۇ قېرىيدۇ، مۇھەببەتمۇ يوقىلىدۇ، دېگەنلەرگە ھەرگىزمۇ ئىشەنمەيمەن. چاچ-ساقاللىرىم ئۈچىتەك ئاقارغان بولسىمۇ، روھىم تېتىك، كۆڭلۈم ياش. يۈرىكىمدىكى ئىنسانىي ھېس-تۇيغۇلار، ئارزۇ-ئارمانلار ئۆچكىنى يوق. بولمىسا ساي تۈگمەندىن ئۈچ-تۆت كىلومېتىر يىراق بولغان مۇشۇ دەشت چۆلگە

ئۆي سېلىپ باغ، ئورمان بىنا قىلارمىدىم.
ئۆيگە يېتىپ كەلدىم، قورسىقىمنىڭ ئېرى-
سى ئاچ، بېرىسى توق، نېمە ئۈچۈندۇر تاماق
ئەتكۈم كەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن قۇرۇتۇلغان
ئاق يەر يېمىلىنى، قۇلۇلە، موزا، قاراموچ، ئۈگرە،
ھېلىلە قاتارلىقلارنى ھاۋانچىغا سېلىپ، بارالىق
ئاستىغا كېلىپ ئولتۇردۇم. ئورغاقتەك ئاي گويا
بېغىمنىڭ ئۈستىدە تۇرغاندەكلا بىلىنەتتى.
غۇۋا ئاي نۇرىدا ئۈزۈمنىڭ ئىشىك تامىلىرىغا
چۈشكەن ئالا - بۇلىماچ سايىلار ھەرخىل شە-
كىلدە جىلۋىلىنىپ تۇراتتى.

ئاقتۇر، بىلىكىم ئاقتۇر، بېرىپ رەمچىگە
رەم باقتۇر،
رەمچى ئېيتىدۇ، نادان دەردىڭگە
داۋا يوقتۇر.

تېخى ناخشامنىڭ ئاخىرى تۈگىمەي
سول قاپىقىم لىپىلدىدى، — ياراشتى، — دې-
دىم ئىچىمدە، — ماڭا خۇشاللىق بار ئىكەن، —
ناخشىنىمۇ توختاتتىم، ھاۋانچىنىڭ تېشىنىمۇ
تاشلىدىم. دېگەندەك ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ
ئارقىدىن پاتىمە قورۇغا كىرىپ كەلدى.
ئۇنىڭ قولىدا بىر تۈگۈنچەك بار ئىدى. ئور-
نىمدىن تۇرۇپ ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلى-
ۋىدىم، ئۇ كارىۋاتقا كېلىپلا ئولتۇردى.
تۈگۈنچەكنى يەشتى. تېخى ھورى كەتمى-
گەن ئىسسىق مانتا ئىشتىھايىمنى قوزغىدى...
ئەمدىلىكتە پاتىمەنى ئاپىرىپ قويۇشقا توغ-
را كەلدى، ئاكىسى داۋالانغىلى كېتىۋاتسا،
مەن پاتىمەنى ئۇزاق ئولتۇرغۇزۇۋالسام بول-
مايتتى، ئىككىمىز ئۈن-تىنسىز كېتىۋاتىمىز،
ئاي بارغانسېرى روشەنلىشىپ، ئاسمان باغ-
رىدا ئەركىن ئۈزمەكتە. بىپايان ساي ئاي
نۇرىدا سۈس ئاقارغانىدى. ساي تۈگمەن
تەرىپىدىن ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى ئاڭلىنات-
تى. يېنىمدا ياشلىقىمدا سۆيگەن ئادىمىم
كېتىۋاتىدۇ، خۇشاللىق، ھاياجان ئىلكىدە
ئاۋازىمنى بولۇشىچە قويۇۋېتىپ ۋارقىرىغۇم،
ناخشا ئېيتقۇم كېلىدۇ، بىراق پاتىمەدىن
ئۇيىلىمەن. كېچىسى ساي نېمىدېگەن خىلۋەت،
نېمىدېگەن جىمجىت-ھە؟! ياشلىقىمىزدا
بۇنداق ئۇچرىشىش پۇرسەتلىرى نېسىپ بول-
غانمىدىكىن، ھازىر ھەر ئىككىمىز ياش
ئەمەس، بىزنىڭ مۇھەببەت، سۆيگۈ توغرىسىدا
يېقىملىق پاراڭلارنى قىلىشىدىغان چاغلىرى-
مىز ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن، پەقەت ھە-
مىنى يۈرىكىمىزلا سېزىپ تۇرىدۇ. پاتىمەنىڭ
ئۆيىگىمۇ يېتىپ كەلدۇق. ئۇ مېنى ئۆيگە
تەكلىپمۇ قىلمىدى. بوسۇغا ئالدىدىلا خوشلى-
شىپ ياندىم. مېنى غېرىبلىق باستى، بۇك



ئورمان بىلەن قاراڭغۇلاشقان مەھەللە يولىدا ئۆلگۈسىز قايتقان ئوۋچىغا ئوخشاش روھسىز كېتىۋاتىمەن. بۇ ھالىنىڭ يۈز بېرىشىمۇ بىرىنچى قېتىملىق ئەمەس.

كېتىمەن يالغۇز ئۆزۈم،
يىراق دېمەي يول ئارىسى.
قالدىغۇ سېنىڭ بىلەن،
بىللە يۈرەكنىڭ پارىسى.

پىغانىم ئۆرلەپ، ئەلەمىمنى ئىچىمگە پاتۇرالماي قالدىم-دە، ناخشا ئېيتتىم. ئاۋازىم چەكسىز ئايدالىغا سىڭىپ كەتمەكتە. مەھەللە ئىتلىرى خېلى يەرلەرگىچە قاۋاپ، قوغلاپ كېلىپ قايتىپ كېتىشتى. بۇ ئۇلارنىڭ مېنى ئۇزىتىپ كەلگىنىمۇ ياكى مەھەللىدىن قوغلىغىنىمۇ، بىلمەيمەن. سايدا كېتىۋاتىمەن، مۇڭ ۋە خىيالار قەلبىمنى ئەزمەكتە...

ئازنا مەسچىت ئالدىدىكى باغلىق ھويلا تاھىرنىڭ قورۇسى ئىدى. دەرۋازا ئالدىدا بەش-ئالتە ئادەم تۇراتتى، ھويلىدىن اتىمەنىڭ يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى. يۈرىكىم بىگىز سانجىغاندەك قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. تەقدىر ئاقىۋەت تاھىرغا ئۆز قىسمەتلىرىنى كۆرسەتكەنىدى. دەرۋازا ئالدىدىكىلەر بىلەن قىسقىلا سالاملىشىپ ھويلىغا كىرىشىمگە پاتىمە ئېتىلىپ كەلدى. ئۇ مۈرەمگە ئېسىلدى، مەيدەمگە بېشىنى قويۇپ، ھازا ئېچىشقا باشلىدى. مەنمۇ ئۆزۈمنى تۇختىتالالمىدىم، دەرۋازا سىرتىدىن كىمنىڭدۇ بىرىنىڭ:

— ئۇنداق قىلمىسىلا خانىم، يات بىر ئەرگە ئېسىلىپ يىغلاش گۇناھ! قانداق گەپ بۇ؟ يا ئۇ كىشى سىلىنىڭ تۇغقانلىرى بولمىسا، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. لېكىن بۇ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىر-مەيتتى. پاتىمە ھەدەپ ھازا ئاچاتتى. ماڭا تېخىمۇ مەھكەم ئېسىلىپ يىغلايتتى.

تاھىر ناھىيىلىك دوختۇرخانىدىن ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا يۆتكەلگەندە پاتىمەمۇ ئاكىسىغا قاراش ئۈچۈن بىللە بارغانىدى، مەن ئۇنى يوقلاپ بارسام جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدە يېتىپتۇ. بۇرنىغا ئوكسىگېن خالتىسىنىڭ شلانكىسى بېكىتىلگەنىدى. پاتىمە قايغۇلۇق كۆزلىرىنى تىككىنىچە ئولتۇراتتى. تاھىرغىمۇ، پاتىمەگىمۇ ئىچىم ئاغرىدى. شۇ تاپتا ئۇلارغا تەسەللى بەرمەكتىن باشقا نېمە ياردىمىم تەگسۇن. مەن قايتىدىغان چاغدا پاتىمە مېنى ئۇزىتىپ تالاغا چىقتى. مەن خىراجەت قىلارسىز، دەپ ئۇنىڭ قولىغا 100 يۈەن پۇل تۇتقۇزۇپ قويدۇم، ئۇ قولۇمنى يېنىككىنە ئىتتەردى، مەن پۇلنى ئۇنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدۇم. ئۇنىڭ كۆز يېشى ئەگىدى. يۈرىكىم شىددەت بىلەن سوقۇشقا باشلىدى. ئىككىمىز بىرنەچچە سېكۇنتقىچە ئۈندىمەي تۇرۇپ قالدۇق. كۆزلىرىمىزدە ئەينى چاغلاردىكىدەك ئاشىقانە بېقىشلاردىن ئەسەر يوق ئىدى. ئۇ ھازىر ئاكىسىنىڭ غېمىدىلا ئىدى. ئۇنىڭ تاھىردىن باشقا ئۇرۇق-تۇغقىنى يوق. ئايال كىشى دېگەن ئاجىز-دە!

پاتىمە تىرناقلىرىنى مۈرىلىرىمگە پاتۇرۇپ، ئۈن سېلىپ يىغلايتتى. مەنمۇ دوستۇمنىڭ ۋاپاتىغا قايغۇرۇپ كۆز يېشى قىلدىم. دەرۋازا سىرتىدىكىلەر بىرنەچچە قېتىم بويۇنداپ قاراشتى، نېمىلەرنىدۇر دەپ كۇسۇلداشتى. مەن پاتىمەگە تەسەللى ئېيتىپ ئايۋانغا كىردىم. ئاق رومالغا چۈمكەلگەن ئاياللار ماڭا يول بوشاتتى. ئۆينىڭ دېرىزە تەرىپىدىكى كارىۋاتتا بۇ ئالەم بىلەن مەڭگۈ ۋىدالاشقان

تاھىر ياتاتتى. كىچىك ئوغلى يۇسۇپجان
دادىسىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ يىغلاۋا-
تاتتى. تاھىرنىڭ چوڭ ئوغلى بىلەن قىزى
ئۇرۇمچىدە خىزمەت قىلاتتى. ئۇلار دادىسى-
نىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىسا نېمە بولۇپ
كېتەر. مەن يۇسۇپجاننى يۆلەپ تۇرغۇزدۇم،
تاھىرنىڭ ئۈستىگە يېپىلغان ئەن تاۋارنى
يۈزىگىچە تارتىپ قويدۇم. نامازشامغا يېقىن
ساي تۆگمەنلىكلەرنىڭ كۆپىنچىسى كېلىپ
پاتىمە ئوقۇپ قايتىشتى. بايا مېنى موتىسك-
لىتقا مىندۈرۈپ ئەكەلگەن يىگىتنى ناھىيىگە
ئەۋەتتىم. يەنە ئۈچ-تۆت يىگىتنى قوشنا مە-
ھەللىلەرگە ئەۋەتتىم. بىر يىگىتنىڭ قولىغا
پۇل تۇتقۇزۇپ، ئاخىرەتلىك رەخت ۋە ئىس-
قات ئۈچۈن سەرەڭگە، نان تەييارلاشقا بۇي-
رۇدۇم. يۇسۇپجان ياش، بېشىدىن ئىسسىق-
سوغۇق ئۆتمىگەن، پاتىمە بولسا ئايال كىشى.
ئۆلۈم ئۈستىدە بىر ئەر باش بولۇپ تۇرمى-
سا بولمايتتى. پاتىمەمۇ شۇ مەقسەتتە ماڭا
ئادەم ئەۋەتكەن تۇرسا... ئەمەت مەزىن خۇپ-
تەنگە ئەزان ئېيتقاندىن كېيىن پۈتكۈل
ساي تۆگمەن مەھەللىسى جىمجىتلىققا چۆم-
دى. يۇسۇپجان تولا يىغلاپ ھالىدىن
كەتكەندى. پاتىمە دەم ھويلىغا چىقاتتى
دەم ئۆيگە كىرەتتى، ئۇنىڭ ئاۋازى پۈتۈپ
كەتكەندى. مەن ھويلىدا پېشايۋان سۇپى-
سىدا ئولتۇرىمەن. قەلبىم تەشۋىشلىك،
ئازابلىق خىياللار ئىسكەنجىسىدە مۇجۇلماقتا.

تاھىر بىلەن كىچىكىمدىنلا دوست
ئىدىم. مەن تەمبۇر چالسام، ئۇ راۋاپ
بىلەن تەڭكەش قىلاتتى. مەن ناخشا ئېيت-
سام، ئۇ جور بولاتتى. قولىمىز ئىشتىن بو-
شىغان ۋاقىتلاردا مەھەللىدىكى تەڭتۇشلىرى-
مىز بىلەن ئېرىق بويىدىكى كۆك قوم ئۈس-
تىدە ئولتۇرۇپ ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتاتتۇق.
ساي تۆگمەنلىك يىگىتلەرنىڭ كۆزى چۈشۈپ يۈر-
گەن نۇسرەت ئىككىمىزگە يېقىن ئولتۇرۇپ
ناخشا-ساز تىڭشايتتى. باشقىلار كەتكەندىمۇ
ئۇ يەنىلا ئولتۇرۇۋېرەتتى. ئۇ تاھىر بىلەن
ئىككىمىزنىڭ قايسى بىرىمىزنى ياخشى كۆ-
رىدىغانلىقىنى تاھىرمۇ، مەنمۇ بىلمەيتتۇق.
تاھىر 6-سىنىپنى پۈتتۈرۈپ يېزىلىق ھۆ-
كۈمەتكە خىزمەتكە كىردى. بىر يىلدىن كې-
يىن مەن دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا كەت-
تىم. مانا شۇ چاغدىلا نۇسرەتنى ياخشى كۆ-
رۈپ قالغانلىقىمنى ھەقىقىي ھېس قىلدىم.
شۇنىڭ بىلەن تەلىيىمنى سىناپ ئۇنىڭغا
خەت يازدىم. بىرنەچچە كۈننى دەككە-دۈك-
كىدە ئۆتكۈزدۈم. سول قاپىقىم تارتىشقا باش-
لىغاندىلا ماڭا خۇش خەۋەر كېلىدىغانلىقىغا
ئىشەندىم. خەت كەلدى، مەنمۇ جاۋاب خەت
يازدىم... تەتىللەردە ئۆيگە قايتقىنىمدا ئۇچرى-
شىپ، مۇھەببەتلىشىپ يۈردۇق. ئوقۇشنىڭ
ئاخىرقى يىلىنى شىنجاڭ شۆيۈەنىدە تامام-
لىدىم. تەقسىم قىلىنىش ۋاقتى يېقىنلاشقانسېرى
ئوڭ قاپىقىم تارتىۋەردى، باشقا يۇرتقا تەق-
سىم قىلىنىپ كېتەرمەنمۇ دەپ ئەنسىرىدىم،
بىراق تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ يۇرتۇمغا
تەقسىم قىلىنىپ، ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەك-
تەپكە بۆلۈندۈم. مەن بىر ھەپتىلىك رۇخ-
سەت ئېلىپ زور ئۈمىد بىلەن ساي تۆگ-
مەنگە كەلدىم. ئوڭ قاپىقىمنىڭ تارتقىنى
بىكار ئەمەسكەن. يېزىلىق ھۆكۈمەت
ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولۇپ ئىش-
لەۋاتقان دوستۇم تاھىرنىڭ نۇسرەت بىلەن
توي قىلغىنىغا ئىككى ئاي بولغانىكەن. تۇن-
جى مۇھەببىتىنىڭ يۈرىكىمگە سالغان دېغى
مېنى قاتتىق ئازابلىدى.

نۇسرەتنى ئۇچراتسام بولغان ئىشلارنى
يۈزىگە سېلىپ ئىچىمنى بوشىتىۋالسام، دەپ

ئۇيلايتتىم. بىر كۈنى ئۇنى ئىزدىدىم، بىراق ئۆيىگە كىرىشكە پېتىنالمىدىم. خۇپتەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ناخشا توۋلاپ ئۆتتۈم:

مېنى يارىمدىن ئايرىغان،
ئۆزى ياردىن ئايرىلسۇن.
پۇتى باسماس، قولى تۇتماس،
ئېزىز جاندىن ئايرىلسۇن.

شۇھامان ئوڭ قاپىقىم لىپ-لىپ قىلىپ تارتتى-دە، يۈرىكىمگە قورقۇنچ چۈشتى. قەدەملىرىمنى تېزلەتتىم، بىراق ئىشىك جالاقلاپ ئېچىلدى-دە، تاھىر چىقىپ كەينىمدىن قوغلاپ كەلدى. مېنى نامەردلىكتە ئەيىبلىدى، تىللىدى. شۇندىن باشلاپ تاھىر بىلەن بولغان دوستلۇقىمىز ئۈزۈلدى. مۇھەببەتمۇ، دوستلۇقمۇ ماڭا ئەمدى غەلىتە، يات تۇيۇلىدىغان بولدى. ياندۇرقى يىلى يېڭى قوبۇل قىلىنغان سىنىپقا تۇنجى قېتىم دەرسكە كىرگىنىمدىن باشلاپ يەنە بىر مۇھەببەت پەرىشتىسىنىڭ گۈزەل سىماسىغا كۆزۈم چۈشتى. شۇ ئاخشىمى تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىمىدىم.

بىر كۆرۈپ ھەسرەتتە قالدىم ئول پەرى رۇخسارىنى،
ئىككى كۆرسەم دەپ تىلەيمەن كۆزلىرى خۇمارىنى.

ئۇ پەرىشتە تاھىرنىڭ سىڭلىسى پاتىمە ئىدى. بالىلىق دەۋرىدە كۆزگە ئانچە يېقىشلىق كۆرۈنمەيدىغان بۇ قىز مانا ئەمدى رەڭ تۈزەپ، شۇنچىلىك گۈزەل ۋە نازاكەتلىك بولۇپ يېتىلگەنىدى. ئاشىقلىق ئوتى يۈرىكىمگە تۇتاشتى. كېچىچە ئۇنىڭ جادۇ كۆزىگە خىيالەن قاراپ چىقاتتىم. نېمە ئۈچۈندۇر ئۇ مەندىن ئانچە ھېيىقمايتتى، پات-پات ياتىقىمغا كىرىپ تۇراتتى. كىر-قاتلىرىمنى يۇيۇپ بېرەتتى. بەزىدە مەن ئۇنىڭغا دۇتار، تەمبۇر چېلىپ بېرەتتىم. پاتىمەمۇ ساز-ناخشىنى پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن بېرىلىپ ئاڭلايتتى. قىسقىسى، ئۇنىڭغا كۆڭلۈم چۈشۈپ قالغانىدى. 23 ياشقا كىرگەن مەندەك بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ يەنە توي قىلماي يۈرۈۋېرىشكە ھەددى يوقتە. شۇڭلاشقا پاتىمە بىلەن توي قىلىشقا ھەقلىق مەن، دەپ ئۆزۈمگە قاتتىق ئىشىنەتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە پاتىمە ئاتا-ئانىسىنىڭ زورى بىلەن ئۆيىگە قايتىپ كەتتى. بۇمۇ بىر ھېسابتا ياخشى بولدى. بىراق تاھىر نېمەدەر؟

دادام پاتىمەنىڭ ئۆيىگە ئەلچى كىرگۈزدى، شۇملۇق ئېلىپ كېلىدىغان ئوڭ قاپىقىم يەنە تارتىپ قالدى. ئەلچىلەر قۇرۇق قايتىپ چىققانىدى. يېزىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ قالغان تاھىر ئۇتتۇرىغا چىقىپ ئەلچىلەرگە سوغۇق سۆزلەپتۇ. پاتىمە بىللە ئۆتكەن مۇھەببەتلىك كۈنلەر پەقەت ھايات خاتىرەمنىڭ بەتلىرىدە ئۆچمەس، يالقۇنلۇق قۇرلارنى قالدۇردى. مەكتەپتىكىلەرنىڭ سالا-سۇلىسى بىلەن ئاخىرى يېڭى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ مەكتىپىمىزگە بۆلۈنگەن بىر قىزغا ئۆيلەندىم. تۇرمۇشىمىز گويائەرئۈچۈن چوقۇم بىر خوتۇننىڭ، خوتۇن ئۈچۈن چوقۇم بىر ئەرنىڭ بولۇشى لازىمدەك ھېسسىياتسىز ئۆتتى. ئائىلىدىن ئىبارەت بۇ قەپەستىن قۇتۇلۇپ چىقىشمۇ قولۇمدىن كەلمەيتتى. ئۈچ بالىغا ئاتا بولدۇم. ئوڭ قاپىقىم توختىماي تارتىشقا باشلىغاندا، ھاياتىمدا جەزمەن بىر كېلىشمەسلىك يۈز بېرىدىغانلىقىنى سەزدىم. دېگەندەك ئۇزۇن ئۆتمەي ئايالىم ماشىنا ھادىسىسى بىلەن قازا تاپتى. شۇنىڭ بىلەن ئۈچ بالىنىڭ بارلىق ئېغىرچىلىقى

ماڭا قالدى. ئۆزۈم ھەر قانچە قىينالساممۇ
ئۇلارنى ئۇقۇتتۇم. ئاخىرى ئۇچىلىسى خىز-
مەتكە چىقتى. لېكىن مېنىڭ سالامەتلىكىم
ياخشى بولماي پېنسىيىگە چىقتىم - دە، ساي
تۆگمەنگە قايتىپ كەلدىم. ئاتا-ئانامدىن قال-
غان ئۆي ۋە باغ ئورنىدا يېڭىدىن سېلىن-
غان ئازنا مەسچىتنىڭ ھەيۋەت بىلەن قەد
كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ گاڭگىراپ
قالدىم. كەنت كادىرلىرىغا ئۆي توغرىسىدا
ئېغىز ئاچسام، «سىلىنىڭ ئۆي ئورنى مەس-
چىتكە باب ئىكەن، قانداق قىلغىلۇق، باش-
قا يەرلەرنى تەقسىم قىلىۋەتكەن، پەقەت
ئاشۇ سايلا قالدى» دېيىشتى، مەن بۇنىڭغا
نېمە دېيەلەيتتىم، ئازنا مەسچىتنى چېتى-ۋې-
تىپ ئۆي ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇم-
كىن ئەمەس - تە! ئۇلار ماڭا سەلەپ تاشقىن
سۇلار ئېقىتىپ يارداڭلىقتا ئايلانغان يەرنى
ئۆي ئورنىغا كۆرسىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن
يارداڭلىقنى تراكتور بىلەن تۈزلەتكۈزدۈم.
ھەركۈنى كېسەك قويدۇرۇۋاتاتتىم، يەردىن
ئۇنىڭەندەكلا يېنىمدا تاھىر پەيدا بولۇپ
قالدى. شۇتاپتا ئۇنىڭ ئەلپازى ناھايىتى
يامان ئىدى.

— ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ ئەقلىڭدىن ئاز-
دىڭمۇ؟ ناھىيىنىڭ ئۆزىدە تۇرۇۋەرسەڭ
بولمامدۇ. نېمە قىلىسەن بۇنچە جاپا تارتىپ.
مانا مەن سەندىن بىر يىل بۇرۇن
پېنسىيىگە چىقىپ ساي تۆگمەنگە
كەلدىم. نېمە ئۈچۈن؟ ياشانغان بولساممۇ
ئەقلىم، تەجرىبەم بار، ساي تۆگمەندەك
مۇشۇنداق چەت، قالاق يۇرتنى ئۆزگەرتىش-
كە تۆھپە قوشىمەن، دېھقانلارغا ئىلمىي
ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىشنى ئۆگىتىمەن،
دەپ كەلسەم نەدىكىنى، ساي تۆگمەنلىكلەر
مېنىڭ گېپىمگە قۇلاق سالامدىغان، ھەتتا
ئۇلار كەنت كادىرلىرىنىڭ سۆزىنىمۇ ئىككى

پۇلغا ئالمايدىكەن. مەسۇم خاتىپ بىلەن
ئەمەت مەزىن ھەممىگە خوجايىنلىق قىلىدى-
كەن. كادىرلار مەجلىس ئاچماقچى بولسا
ئادەم كەلمەيدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار
مەجلىسنى ئىلاجىسىز جۈمە كۈنى جامە ئال-
دىدا ئاچىدىكەن، شۇمۇ ئىشمۇ؟ ساناپ باق-
سام ساي تۆگمەندە ئالتە مەسچىت سېلىنىپتۇ،
يەنە مەسچىت سېلىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقان-
لارمۇ بار. جاھان مۇشۇنداق بولۋەرسە ھەر
بىر ساي تۆگمەنلىك ھويلىسىغا بىردىن
مەسچىت سېلىۋېلىشتىنمۇ يانمايدۇ. مەكتەپ-
نى كۆرمىدىڭ، بېرىپ باق، دەرۋازىسىنىڭ
بىر قانىتى يوق. قورۇق تېمى زەيلەپ
ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتۇ. سىنىپ دېرىزىلىرىنىڭ
ئەينەكلىرى چېقىق. بۇنىڭ بىلەن ھېچكىم-
نىڭ كارى يوق. تېخى خەقلەرنىڭ بالىلى-
رىنى مەكتەپكە بارغۇزماي مەسۇم خاتىپقا
تۇتۇپ بەرگىنىنى دېمەيسەن. ھە دېسە مې-
نى «بۇ تاھىر ئەمەس كاپىر» دەپ تىللاي-
دۇ. مەسچىتكە چىقمىدى، ناماز ئوقۇمىدى،
دەپ قارغايدۇ. ساي تۆگمەنلىكلەرمۇ مەندىن
قاچىدۇ، بىر داستىخاندا ئولتۇرمايدۇ. مەھەللى-
مىزدە كاپىر بولغاچقا رىزق - بەرىكەت كۆتۈ-
رۈلۈپ كېتىۋاتىدۇ، دەپ ئۆزلىرىنىڭ نامرات،
كەمبەغەللىكىنى مەندىن كۆرۈشۈۋاتىدۇ. قونى-
قى باش تارتىمىسىمۇ، بۇغدايغا ھال چۈشسىمۇ
مەن سەۋەبچى... ئەمدى مېنىڭ چىداپ
تۇرغۇچىلىكىم قالمىدى. مەن بىر كومىزىستقۇ؟
ئۆز بۇرچۇمنى ئادا قىلىشىم كېرەكمۇ ياكى
بولمىسا خەقنىڭ ئوخشاش سەللە يۆ-
گەپ، مەسۇم خاتىپنىڭ پېشىنى تۇتايمۇ؟
ياق، ياق! سەنچۇ؟ سەن نېمىشقا
كەلدىڭ؟ ئېسىڭ بارىدا ئېتىكىڭنى ياپ،
دەپتىكەن كونىلار. بىلمەن سەنمۇ كومىزىست،

نۇرغۇن بالىلارغا ئاتىزىم تەربىيىسى
بەرگەن، سەنمۇ ناماز ئوقۇمايسەن. تېخى
هاراقتىن ئۆزۈڭنى تارتمىدىڭ، دېمەك سەن
شۇ تۇرقىڭدا ئۆزۈڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ماكان-
غا پاتمايسەن. بۇ يەردىن كەت! بۇ يۇرتتا
تۇرما، بۇ چۆل ـ دەشتىنىڭ ئارزۇلىغۇدەك
نېمىسى بار دەيسەن...

تاھىرنىڭ ئاغزىدىن هاراق پۇراپ
تۇراتتى. ھېلىقى چاغدا مېنى تىللاپ
ئوسال قىلغاندىن بۇيان شۇنچە يىللار ئۆتتى.
بىز بىر يەرلەردە دوقۇرۇشۇپ قالساق باشقا
ياققا قارىغان بولۇپ ئۆتۈپ كېتەتتۇق. نې-
مە ئۈچۈن بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە تا-
ھىرنىڭ ماڭا ھېسداشلىق قىلغۇسى كېلىپ
قالدىكىن؟! مەن جاۋاب بەرمىگەندىن كې-
يىن ئۇ ماڭا قاراپمۇ قويماستىن، گۇس-
گۇس دەسسەپ كېتىپ قالدى.

تاھىر يېزا ئىگىلىك ئىدارىسىنىڭ باش-
لىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقان چاغلىرىدا ئايالى
ئۇسرەت ياشقىنە بىر تىجارەتچى بىلەن تو-
ۇلۇپ قالدى. تاھىر نومۇس، ئەلەم ئىچىدە
ۇسرەتنى قويۇۋەتتى. شۇندىن كېيىن تا-
ھىردىن ئامەت قاچتى. ئۇ مۇئاۋىن ھاكىم
نامزاتى بولۇپ سايلامدا چۈشۈپ قالدى،
چۈنكى ئايالى ئۇنىڭ ئابرويىنى تۆككەن
ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پېنسىيىگە چىقىپ
يېزىغا كەلگەنىدى. ئۇنىڭ دېگەنلىرى راست
ئىدى. كۆز ئالدىمدىكى رېئاللىق مېنى كې-
تىشكە دەۋەت قىلاتتى. سەھرا تۇرمۇشىغا
ئاسانلا كۆنۈپ كېتىمەن، بىراق خۇراپاتلىق-
قا كۆنەلمەيمەن. ھەربىر كىشىنىڭ ئۆز ئالدىغا
مەلۇم تۇرمۇش قارىشى، ئېتىقادى، غايىسى بول-
دۇ-دە. مەن ئۆيگە پاتتىم. ساي توكمەنلىكلەر
مېنىمۇ ئۆز قوينىغا ئالماسمۇ؟ كېتىش كې-
رەكمۇ؟ ياق كۈچۈم بار ئىكەن، تېز تۇتۇش

قىلىپ بۇ يەرنى ـــ ياردانلىقنى كۆكەرتىمەن،
مەن خەقنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشمىغاندىن كې-
يىن، خەقنىڭمۇ مەن بىلەن نېمە كارى،
ئۆي سالغىنىم سالغان، ئاتا مىراس جايىم-
دا ئولتۇرالمىغان بولسامۇ بۇ سايمۇ يۇرت-
نىڭ تۇپرىقى ئەمەسمۇ؟ قوشنىلىرىمىز بول-
مىسىمۇ مەيلى، ئاخىرقى ئۆمرۈمدە...

بېشىدىن ئايرىغىچە ئاق رومال بىلەن
چۈمكۈلۈپ تۇرغان پاتىمە ئىچكىرىدىن چىق-
تى، خىياللىرىم بۆلۈندى.

ـــ ئەپەندىم، بىردەم ئارام ئېلىۋالسىلا.

ـــ رەھمەت، خانىم.

پاتىمە يەنە كىرىپ كەتتى. ئاستا ئور-
نىمدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقتىم. ئازنامەسچىت
ئىچىدە كىملەردۇر ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىۋاتىدۇ،
يەنە بىرلىرى بار ئاۋازى بىلەن زىكرى-سانا
ئېيتىشىۋاتىدۇ. تالىپلاردىن بىرى قۇرئان تى-
لاۋەت قىلىۋاتىدۇ. تەلقىن-ھۆكمەت ئاۋازى
ھەممىنى بېسىپ چۈشمەكتە. ھويلىغا قايتىپ
كىردىم. ئىچكىرىدىن يۈسۈپجان بىلەن پاتى-
مەنىڭ بوش ئۆكسۈپ يىغلىغىنى ئاڭلىنىپ
تۇرىدۇ. مەن يەنە خىيالغا ئەسىر بولدۇم...

كېيىنكى كۈنلەردە تاھىر ئىككىمىز
ئەپلىشىپ قالغانىدۇق. يېرىم ئايدا، بەزىدە
بىر ـ ئىككى ئايدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان
كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ تۇرمۇش يىغى-
نىدا بىز بىرگە بولاتتۇق، سۆزلىشەتتۇق. ئاخى-
رى بىز گاھىدا ئىچىشىدىغان، باردى-كەلدى
قىلىدىغان بولدۇق، ئەمما ئۆتمۈش خاتىرى-
لىرىنى ھېچقايسىمىز ۋاراقلىمايتتۇق، ئۆيۈم
پۈتكەندىن كېيىن ئۇپات-پات ئىزدەپ كېلىدىغان
بولدى. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ يانچۇقىدا
چوقۇم بىر بوتۇلكا ھاراق كەم بولمايتتى. ئەتى-
ياز پەسلىدە ئۇ ئاتايىن كېلىپ مېۋىلىك
كۆچەتلىرىمنى ئۇلاپ بەرەتتى. ئاينىۋاتقان

باغ، ئورمانلىرىمىغا قاراپ، غەيرەت-شىجائىتىمگە ئاپىرىن ئېيتاتتى.

— مەن خەققە ئۇنى ئۆگىتىمەن، بۇنى قىلدۇرىمەن، دەپ يۈرۈپ، ئۆزۈمگە ھېچنېمە قىلالمىدىم، سەن بولساڭ نۇرغۇن ئىش قىلدىڭ. پۇختا نېمە جۇمۇ سەن،— دەيتتى ئۇ.

ئۆز ۋاقتىدىكى بۇ رەقىبىم مانا ئەمدى يۇرت ئىچىدە ئەڭ يېقىن دوستۇم، ئۇلپىتىم بولۇپ قالغانىدى. بىراق يەنىلا نېمە ئۈچۈندۇر پاتمەنى مەندىن قاچۇراتتى. ئىككىمىزنىڭ سۆزلىشىپ تۇرغىنىنى كۆرسە تۈكلىرى تەتۈر ياناتتى. يىللار ئۆتۈۋەردى، پاتمەنى ئۆيگە ئەكىلىۋېلىش ئارزۇسى قەلبىمنى تىنچىتمىدى. بۇ ھەقتە پاتمەگە تالاي قېتىم دېگەندىمەن، ئۇ پىسىڭگىدە كۈلۈپ قويغاندىن باشقا بىر ئېغىزمۇ جاۋاب بەرمەيتتى. يا ياق، يا ماقۇل دېمەيتتى. ئۇ ئاكىسىنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىشنى خالىماي، ئۇنىڭ رايىغا باققاندى. شۇلارنى ئويلىسام تاھىرغا بولغان ئۆچمەنلىكىم كۈچىيەتتى. بىراق ئۇنىڭ قەلبىگە ئازار بېرىشنى خالىمايتتىم.

— قارا، ئەپەندى دوستۇم، ساي تۈگمەنلىكلەرنىڭ قىلىقىنى، ئۇلار بىرنەچچە قېتىم مېنى مەسچىتكە سۆرەپ چىقتى. تۇۋا... ئۇلار بارغانسېرى ئەسەبىيلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. سېنىڭ ئەقلىڭ باركەن، مەھەللىدىن يىراق كېتىپ خويمۇ ئوبدان قىپتىكەنسەن. ئەمدى ساڭا بىر خوتۇنلا كېرەك، ھا... ھا... كۈلسەم، زاڭلىق قىلدى دېمە، بىلمەيمەن، نېمە ئۈچۈنكى سەن كۈندىن-كۈنگە ياشىرىۋاتىسەن. بەردەم تۇردۇڭ، خوتۇن ئالساڭ بولىدۇ، يالغۇزلۇق يامان، مەنچۇ؟ كۈندىن-كۈنگە زەئىپلەشتىم، ئىمامدىن باشلاپ تاكى كىچىك بالىلارغىچە ھەممىسى مېنى قارغايدۇ. يۇرتتىن چىقىپ كەتسۇن، دەپ چۇقان سېلىشىدۇ. بۇندىن كېيىن مەن ئاز ئىچەي، چىدىمىدىم، يۈرىكىم زەخىملەندى، يۇرتلۇقلار مېنى كېسەل قىلىۋەتتى. كەنت كادىرلىرىمۇ خاتىپ، مەزىن دېگەنلەرنىڭ ئالدىدا خوش-خوش، دەپ تۇرىدىكەن، تۇۋا. ئەمدى سەن بىلەن تەڭ ئىچەلمەيمەن. ماڭا بەك زورلىما جۇمۇ، ھەي، سېنى ئەخمەق دەپتىكەنمەن، ئەسلىدە ئۆزۈم... يەنە بىرنى قۇيغىنا، بولدى، قارا مەنمۇ سايغا ئۆي سالايمۇ؟ قوشنا بولىمىز، بولدى، ئەمدى ئىچمەي. يۈرىكىم... سەن ئەركىن ئادەم سەن.

تاھىر مەستلىكتە نۇرغۇن گەپلەرنى قىلاتتى، شۇنداق چاغلاردا پاتمەنى ئالسام ماقۇل دەمسەن، دەۋەتكىلى تاس قالاتتىم. پاتمە ئىككى قېتىم ياتلىق بولدى. ئىككىلىسىدىن تۇغماس دېگەن ئاتاقنى ئېلىپ ئاجراشتى. مەن پېنسىيىگە چىقىپ بۇ يەرگە كەلگىنىمدە ئۇنىڭ تۇل ئولتۇرغىنىغا خېلىلا بولغانىكەن. ئۇنى كۆرۈپ يۈرەكتىكى كونا جاراھەت قايتا قوزغالدى. كۆڭلۈم قۇشى ھەمىشە پاتمەنىڭ ئەتراپىدا ئايلىناتتى، قانات قاقاتتى. ئاۋازىم كۆڭۈل قۇشۇمنىڭ ھەسرەتلىك كۈيلىرىگە سىڭىپ كېتەتتى.

ئۈچ كۆرۈشكەندە سالۇرلار ئاي يۈزىگە خالىنى،
تۆت تېپىشقاندا سالۇرلار خەنجىرى تەييارىنى.

ياشلىقىمدا پاتمەنىڭ ئىشق-پىراقىدا ئېيتىپ يۈرگەن بۇ ناخشا ئەسلا يادىمدىن چىقمايتتى. تەمبۇرنى قولۇمغا ئالسام-لا مۇشۇ ناخشىنىڭ ئاھاڭىغا چالاتتىم. شۇ ھامان يۈرىكىمدىن ھەزرىتى نەۋائىنىڭ

مۇشۇ بېيىتلىرى ئېيتىلىپ چىقاتتى.

بەش كۆرۈپ ئالدىدا جان بەرسەم مۇدام،
ئالتە كىرسەم دەپ تىلەيمەن قامىتى
دىلدارىنى.
يەتتە ئىقلىمدىن پۈتەرمىش سەندىكى
نازۇك بەدەن،
سەككىز ئۆرگۈلسە بېھىشىدىن كىم تاپار
غەم خانىنى.

تاڭ ئاتتى. گۆر كولايدىغانلار كېلىپ، كەتمەن، گۈرجەكلەرنى ئېلىپ كېتىشتى. جىنازا هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلدى. يۈسۈپجان ئىككىمىز بىلمىزگە ئاق باغلاپ، بېشىمىزغا سەللە ئورىدۇق. بۇ قائىدىگە خىلاپلىق قىلىشقا بولمايتتى.



ئىككى هازىدار جىنازىنى ئايلىنىپ يىغلاشقا باشلىدۇق. توپ - توپ كىشىلەر كېلىپ پاتىھە ئوقۇپ قايتىشتى. قۇياش كۆتۈرۈلگەن پەيتتە ناھىيىنىڭ باشلىقلىرى، ئىدارە ئورگانلاردىكى كادىرلار كەلدى. ئۇلار پاتىھەدىن كېيىن، جىددىي مەجلىس بولغاچقا، مەرھۇمنىڭ نامىزىغا تۇرالمايدىغان بولدۇق، ئەپۇ قىلىشسىلا، دەپ ئۆزرە ئېيتىشىپ، كېتىپ قېلىشتى. كۆڭلۈم بىر قىسىملا بولۇپ قالدى. ئەگەر ناھىيىدىن كەلگەنلەر تۇرۇپ بەرسە جامائەت كۆپرەك يىغىلغان، مېيىت نامىزى داغدۇغىلىق چۈشۈرۈلگەن بولاتتى. ئەپسۇسكى، هويلىدا، دەرۋازا ئالدىدا ئادەملەر شالاڭ ئىدى.

تاھىر ئۇزۇن يىل يېزا ئىگىلىكىگە مەسئۇل بولۇپ ئىشلىگەن. ناھىيە تەۋەسىدىكى نەچچە مىڭ مو ئېتىز، ئېرىق - ئۆستەڭ، ئامبار، چۈشۈرگىلەرگە ئۇنىڭ تەرى، يۈرەك قېنى تۆكۈلگەن. ناھىيە خەلقىگە بەخت يارىتىش يولىدا نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەرنى چەككەن. دەرۋەقە ئۇنىڭ خاتالىقلىرىمۇ بار. ئىشلىمىگەن ئادەمدە گۇناھمۇ، ساۋاپمۇ بولمايدۇ. باش چۆكۈرۈپ قاتتىق ئىشلىگەن ئادەمدە ئۇنداق - مۇنداق خاتالىق بولۇپمۇ تۇرىدۇ. تاھىرنىڭ مىجەزى چۇس ئىدى. پرىنسىپتا چىڭ تۇراتتى. دادىل ئىشلەيتتى، يۈز خاتىرە قىلمايتتى. تاھىر ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆز غايىسىدىن كەچكەن ئەمەس. قېرىغان چېغىدا ئېتىزلارغا بېرىپ دېھقانلارغا كېۋەزگە سۇلياۋ يوپۇق يېپىشنىڭ ئەھمىيىتىنى سۆزلەيتتى. خىمىيەۋى ئوغۇتنى بەلگىلەنگەن مىقداردا ئىشلىتىشنىڭ پايدىسىنى چۈشەندۈرەتتى. سورتلۇق ئۇرۇقلارنى تېرىش توغرىسىدا سۆزلەيتتى. لېكىن ئۇنىڭ سۆزلىرى ئاقمايتتى. ساي تۆگمەنلىكلەر مەسۇم خاتىپنىڭ «ئۇرۇقنى يەرگە سال، رىسقىڭنى ئاللادىن تىلە» دېگەن سۆزلىرىگە ئىشىنەتتى. كەنتنىڭ مەدەنىيەت ئۆيى مەسۇم خاتىپنىڭ دىنىي

مەكتىپى ئىدى. مەسۇم خاتىپ بىلەن ئەمەت
مەزىن دېھقانلارنىڭ ئۇنىئالغۇ، تېلېۋىزور
سېتىۋېلىشىنى توسۇيتتى. بۇ بىر نېمىلەر شەپـ
ـتان سانىدۇقى، بەندىلەرنى ئازدۇرىدۇ، دېـ
ـيىشەتتى. تاھىر ئۇلار بىلەن زاكونلىشاتتى،
ئۆزى ئالدى بىلەن تېلېۋىزور سېتىۋېلىپ، ھەر
كۈنى كەچتە ھويلىدا تېلېۋىزور قويىدى.
دەسلەپ ئۇششاق باللار، ياشلار كېلىپ كۆر-
دى. ئاز ئۆتمەي ئۇنىڭ ھويلىسىغا ھېچ-
كىم كەلمەس بولدى. مەسۇم خاتىپ بىلەن
ئەمەت مەزىنىگە ئەگىشىپ يۈرگەنلەر ئا-
ھىرنى قارغاشتى. يۇرتتىن كەتسۇن! دەپ
چۇقان سېلىشتى. تاھىر ئاھانەت، قارغىش-
لارغا چىدىماي مېنىڭ ئۆيۈمنىڭ يېنىغا —
سايغا ئۆي سېلىپ كۆچۈپ كەلمەكچى بو-
لۇۋىدى، ئەمما تەقدىر ئۇنى مەقسىتىگـە
يەتكۈزمەي، كېسەل ئىسكەنجىسىگە تاشلىدى.
ئۇ ئەسلىدىنمۇ چاچقۇن، تەرسا، دىلى نا-
زۇك ئادەم ئىدى. ھاقارەت، قارغىشلار ئۇنىڭ
روھىي دۇنياسىغا قاتتىق تەگدى. ئۆز يۇر-
تى، ئۆز خەلقى ئۇنى چۈشەنمىدى. ئۇنى
قاتارىغا ئالمىدى. يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمى-
سى ئۇنىڭغا شۇ سەۋەبتىن چاپلاشقان بول-
سا كېرەك.

مېيىت سۇغا ئېلىندى. يۇيۇپ - تا-
رالدى. كېپەن تەييار قىلىندى. بىراق جا-
مائەت ئاز ئىدى. كەنت كادىرلىرى كېلىپ
جامائەتنى يىغدى. يەنە بىرقانچە قارىي،
موللا - خەلپىتىلەرنى چاقىرىپ كەلدى. جاما-
ئەت قاتار ئولتۇرۇشتى. ئىسقات - ناماز ھەققى
ئۈلەشتۇرۇلدى، جىنازا جامائەت ئولتۇرغان
سەيناغا ئېلىپ چىقىلغاندا بولسا، كۆپ
ئادەم بولۇپمۇ، سەللىلىك كىشىلەر تـوپىلى-
رىنى قېقىپ كېتىپ قالدى. «ناماز، روزىنى
تەرك قىلغان، خۇدانى ئۇنۇتقان، ھاراق-
كەش، پاسىقنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش ئەمەس
ھەتتا قەبرىستانلىقىمىزدا قويۇشقىمۇ بول-
مايدۇ» مەسۇم خاتىپنىڭ بۇ پەتىۋاسى كۆپ-
چىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. مېيىت سېلىن-
غان جىنازا غېرىبانە بىر قىياپەتتە سەيناـ
دا تۇراتتى. كەنت كادىرلىرى ھە - ھۇ
دەپ يۈرۈپ خاتىپنىڭ چۆنتىكىگە پۇل
سېلىپ قويۇۋىدى، خاتىپ شۇئان يۇمشاپ
جامائەتنى چاقىردى ۋە جىنازا يېنىغا كەلدى.
مېيىت نامىزى ئوقۇلدى. جىنازا ئارقىسى-
دىن جامائەت ئەگەشتى. پاتىمە قەھرى بىـ
لەن يىغلاپ ياش تۆككىنىچە كېلىۋىدى،
بىرنەچچە ئايال كەينىدىن كېلىپ ئۇنى قاي-
تۇرۇپ كەتتى.

يۇسۇپجان جىنازا ئالدىدا ھازا ئېچىپ
ماڭماقتا. مەن جىنازا كەينىدىن كېتىۋاتـ
ـمەن، پاتىمەنىڭ يىغلاۋاتقان ئاۋازى ھېلى-
مۇ قۇلىقىم تۈۋىدە مۇڭ بىلەن ياڭرايدۇ.
ئۇ تۇغمىغاچىمۇ ياكى ھاياتىدا پەۋقۇلئاددە
ئېغىر قىسمەتلەرگە ئۇچرىمىغاچقىمۇ
چىرايىدىن كەتمىگەنىدى. كۆزىنىڭ
ئەتراپى ۋە پېشانىسىدىكى ئۇششاق
قورۇقلارمۇ ئۇنىڭ ھۆسنىگە نۇقسان يەتكۈ-
زەلمىگەنىدى. بىراق ئۇ ئاخشامدىن بې-
رى پۈتكۈل ھاياتىدا تۇرمۇش، ئائىلە سو-
رۇقچىلىقلىرى ئېلىپ كەلگەن ھەسرەت
ئازابلىرى، ھەربىر قەدىمىدە كۆمۈلۈپ كې-
تىۋاتقان ئارزۇلىرى ئۈچۈن بىراقلا يىغلا-
ۋاتقاندەك قىلاتتى. بىر ئايال ئوقۇتقۇچى
ئۈچۈن ئىككى قېتىم نىكاھلىنىشقا، خەق
تاپقان مىش - مىش گەپلەرگە، غەيۋەت-شى-
كايەتلەرگە چىداپ، ھەممىنى ئىچىگە يۇ-
تۇپ ياشاشنىڭ، خىزمەت قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ
ناھايىتى تەس ئىش - تە.

تۇزلۇك خىيـاللار ئىلكىدە جىنازا

كەيندە مېڭىۋېرىپتمەن، بىركەمدە ئېسىمـ
نى يىغىپ قارىسام سايىنىڭ كۆپ قىسمىنى
بېسىپ بوپتۇق. ئۆيىۈمگە يېقىنلىشىپ قاپـ
تۇق. ئۇلار مېيىتنى نەگە قويىدىغاندۇ؟
ساي تۇگمەنلىكلەرنىڭ قەبرىستانلىقى ئارـ
قىمىزدا قالدىغۇ؟ گۆر مېنىڭ ئۆيىۈمنىڭ يېـ
نىغا، باراقسان ئۆسكەن جىغانلار تۇسۇپ
تۇرغان ئېرىقنىڭ نېرىغا ـــ تاشلىق سايغا
كولىنىپتۇ. ئاھ، تاھىرنىڭ جەسىتمۇ ساي
تۇگمەنلىكلەرنىڭ قەبرىستانلىقىغا پاتمايـ
دىكەن - دە.

مېيىت گۆرگە ئېلىپ كىرىلدى. گۆرـ
نىڭ ئاغزىغا يەتتە كېسەك قويۇلۇپ، ئارقىـ
دىن يەتتە كەتمەن تۇپا تاشلاندى. ئادەت
بويىچە تەرەت پەرزىنى سوراپ بولغانـ
دىن كېيىن:

ـــ دادام قانداق كىشىكىن؟ ـــ دەپ
سورىدى يۇسۇپجان.

مەسۇم خاتىپ جامائەتكە بىر قۇر قاـ
راپ چىققاندىن كېيىن گېلىنى قىرىپ
دېدى:

ـــ تاھىراخۇن ئۆزى مۇسۇلمان تۇـ
رۇپ ناماز ئوقۇمايتتى، روزا تۇتمايتتى،
خۇدانىڭ پەرھىزلىرىنى، رەسۇلۇللانىڭ سۈنـ
نەتلىرىنى بەجا كەلتۈرمەيتتى. گۇناھلىق
ئىشلارنى تولا قىلاتتى. مەشەرگاھقىمۇ
تۇرغۇن گۇناھلارنى يۈدۈپ كەتتى. قالـ
غىنىغا ياراتقان ئىگىسى بىر نېمە دەر،
ئامىن! ـــ دېدى.

ھەممەيلەن مەسۇم خاتىپقا تەئەججۈپ
بىلەن قاراشتى. يۇسۇپجان قېتىپ تۇرۇپلا
قالغاندى. ئەمەت مەزىن ئەتراپتىكى پىچىرـ
لاشلارنى ئاڭلاپ دەررۇ ئەئۇزۇ تارتتى ۋە
سۈرە تابارەكنى نەچچە يەردە ئېزىپ، ئاران
تۈگەتتى...

كېچىچە ئۇيقۇم كەلمىدى. ئىشىككە
چىقتىم. غىلاڭ سايدا چۇقچىيىپ تۇرغان
شېغىل تۇپراق يۈرىكىمگە ۋەھىمە سالىدۇ،
ئىچىم تىتىلدايدۇ. ساي تۇگمەنمۇ، سايدىكى
ماڭا تەۋە ئۆي، باغ - ئورمانلارمۇ كۆزۈمگە
گۆردەكلا كۆرۈنمەكتە. مەن قەبرىنىڭ يېـ
نىغا كەلدىم. ئەتراپ كىشىنىڭ تېنىنى شۈرـ
كۈندۈرگىدەك دەرىجىدە تىمتاس ئىدى.
يېڭى قەبرە شۈنچىلىك سۈرلۈك ۋە قورـ
قۇنچلۇق بولۇپ، مېنى ئۆز باغرىغا چىللاـ
ۋاتقاندەك قىلاتتى، مېنى بىردىن قورقۇنچ
باستى...

ـــ تاھىر ھايات ۋاقتىدا مۇشۇ سايغا ئۆي
سېلىپ، مەن بىلەن قوشنا ئولتۇرماقچى بوـ
لۇۋىدى، ئۇنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشماي،
مانا ئەمدى قەبرىسى ئۆيۈمگە يېقىن يەرـ
دىن ئورۇن ئالدى. ئۆمۈر بويى خەلق
ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىگەن بىر
كوممۇنىست ئۆلسە، تەشكىل ئىگە بولۇپ
دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزمىسە، مەرھۇمنىڭ
تۆھپىسى توغرىسىدا ئىككى ئېغىز لىللا
گەپ قىلمىسا، بىر كوممۇنىستنىڭ، ئاتېزمـ
چىنىڭ ھاياتىغا دىندارلار باھا بەرسە، يەـ
كۈن چىقارسا، بۇ تازىمۇ بىمەنىلىك بولـ
مامدۇ؟! مەنمۇ بىر كوممۇنىست. بىر ئۆمۈر
ياش ئەۋلادلارغا ئاتېزىم تەربىيىسى بەردىم.
ئەسلا شەرىئەت يولىنى تۇتمىدىم. ئەگەر
مەن ئۆلسەممۇ يەنە شۇ ئىمام - مەزىنلەر
باھا بېرەرمۇ؟ ھاياتىمدىن شۇلار خۇلاسە
چىقىرارمۇ؟ ياق، ياق، بۇ ئىشلار ئۇزۇن داـ
ۋام قىلمايدۇ، يىراق، خىلۋەت ساي تۇگـ
مەنمۇ، ئۇنىڭ كىشىلىرىمۇ ئۆزگىرىدۇ، دەۋرـ
نىڭ قەدىمىگە يېتىشىۋالىدۇ، ئۆز قەدرـ
قىممىتىنى تاپىدۇ...

ئاشۇ خىيالىلار بىلەن بەند بولىۇپ،
تاڭنىڭ قاچان يورۇغانلىقىنى سەزمەپتىمەن.
تاھىرنىڭ تۇپراق بېشىدا ئۈرە تۇردۇم.
ۋەھىمىلىك سۆكۈت ئىچىدە ئۆتكەن - كەچ-
كەن ئىشلار قايتىدىن كۆز ئالدىمغا كەلدى.
تۇيۇقسىز يېقىنلا يەردىن شىېغىل تاشلارنىڭ
شىرىقلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. كەينىمگە بۇ-
رۇلدۇم. ئاپئاق رومال گويا كۆزۈمگە سۈب-
ھىدىن تارالغان هاياتبەخش نۇردەك كۆ-
رۈندى. پاتىمە كېلىۋاتاتتى، ئاپئاق رومال
ئۇنىڭ باش - كۆزىنى، گەۋدىسىنى يېپىپ
تۇراتتى. ئۇ مېنى كۆرمىگەندەك ئۇدۇل كې-
لىپ ئاكىسىنىڭ تۇپراق بېشىدا يۈكۈنۈپ
ئولتۇردى - دە، ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلى-
دى. مەن ھېلىمۇ ئۈرە تۇرغان پېتىم ئۇنىڭ
يىغىسىغا قۇلاق سېلىۋاتىمەن. كۆڭلۈمگە
مۇنداق بىر ئوي كەلدى. پاتىمەنىڭ يىغى-
سى تۈگىگىچە كۈتۈپ تۇراي، قاچانكىم ئۇ
ئورنىدىن تۇرغاندا ئاندىن ئۆيۈمگە تەكلىپ

قىلاي، ئالدىغا داستىخان سېلىپ چاي قۇ-
ياي، ئاندىن ... ئاندىن ئۇزۇندىن بۇيان يۈ-
رىكىمدە يىغىلىپ قالغان سۆزلىرىمنى دەي.
بۇ ئويۇمدىن دەررۇ يېنىۋالدىم. پاتىمە مۇس-
بەت ئۈستىدە تۇرسا، مەن ئۇنىڭغا كۆڭۈل
ئىزھار قىلىپ ئولتۇرسام ئۆلمەكنىڭ ئۈس-
تىگە تەپمەك، دېگەندەك بولمامدۇ. دېمەك،
يەنە سەۋر - تاقەت قىلىش، كۈتۈش كېرەك
ئىكەن - دە، مەيلى، كۈتۈش ئازابى قانچى-
لىك ئېغىر بولسۇن، بەرىبىر پاتىمەگە بول-
غان ئىنتىلىشلىرىم، ئارزۇ - ئارمانلىرىم ھا-
مان بىر كۈنى گويا ئاشۇ گۈزەل سۈبھىدەك
پارلايدۇ... شۇلارنى ئويلاپ پاتىمەگە نەزەر
سالدىم. ئۇنىڭ جامالىنى يوشۇرۇپ تۇرغان
ئاق رومال ئاقارغان سۈبھى بىلەن ئوخشاش
رەڭدە تاۋلىنىشقا باشلىدى. ساي تۈگمەن،
چەكسىز دەشت، پۈتكۈل كائىنات كۆز ئال-
دىمدا تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ سۆيۈملۈك
سىماسى بىلەن گەۋدىلەندى.

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن



**توختى سابىر**

# ماناس تۇيغۇلىرى

## كۆز شامىلى

ياپراقلار تىترەيدۇ بەرگىدە تىنماي،
كۆز شامىلى كەلدى ياز پەسلى يېنىپ.
ئەندىكىپ تولغىنار ھەر تەرەپكە ئۇ،
غىربىسىنىپ، گاھ ھەسرەتلىك تىنىپ.

چوشۇۋاتىدۇ بەزىسى شىلدىرلاپ يەرگە،
ئالتۇننىڭ رەڭگىدە سولاشقان پېتى.
مېنىمۇ قاپلىدى تەڭ بىر ئەنسىزچىلىك
شۇ دەمدە يوق ئىدى ئۆزۈمنىڭ ئېپى.

ھەر يىلى كەلسە كۆز تۆكۈلسە ياپراق،
بىر قېتىم يىرتىلار يۈرەكنىڭ قېپى.
باھارنىڭ ھىجرانى سالدى جاراھەت،
بىلمەيمەن تۇيغۇنىڭ يوقتەكلا چېكى.

زىمىستاندىن قورقامدۇ ۋە ياكى ئىنسان؟
كۆكۈلگە سىغماس دەپ ئۇنىڭ دەھشىتى.
قورققانغا كەلمەي قالامدۇ كۆز، قىش،
تۇرمىسا جايىدا يازلار ئۆز پېتى.

كۆز شامىلى يېقىمسىز ئەمەس ئۇنچىلىك،
لېكىن تەتۈر ئۇنىڭ شوخ تەبىئىتى.
مۇزغا ئايلىنار زېمىندا بار جىلۋە،
مول بولسا كېرەك شۇڭا دىلىنىڭ ھەسرىتى.

## ناخشا

ناخشا ئېيتىدۇ كۆندە ئاخشىمى
پ ئىشتىن يانغاندا بىر ئىشچى يىگىت.
كىمگە ئاتالغان ئىكىن ناخشىسى،
تۆرىدۇ ھەسرىتى يۈرەككە تېگىپ.

تۆرلەيدۇ ئۇنىڭ ئاۋازى تازا،
مۇشۇ مەھەللىدىن ئۆتكەندە يېنىپ.
جاۋابسىز قالسا ئىشارەتلىرى،
تۇرۇپ كېتىدۇ ئىچىگە تىنىپ.

كىمدۇر قىينىغان مۇنچىلا ئۇنى،
كۆيۈك ئوتىدا ۋەسۋەسىگە نىبلىپ.
ئۇ كىمگە كۆرسەتمەك ئىستەيدىكىنە
كۆيگەن يۈرەكنى قولىغا ئېلىپ.

سۆيگىنىنىڭ قېنى دېدىنىم بىر كۆنى
بۇ ساددا يىگىتنىڭ مۇرىسىن قېقىپ.
ياكى ئېيتامسەن قارىسىغىلا،
دېسەم، دەيدۇ ئۇ، قالىدۇ چىقىپ.

سادايىڭ يەتمىسە گۇگۇم مەزگىلى،
كەلسەڭ بولمامدۇ كۆندۈزى يېتىپ.
ئېيتقىنا يارىڭنى قاچان كۆرگەنىڭ،
دېسەم، دەيدۇ ئۇ، چۈشۈمدە يېتىپ...

قاقاقلاپ كۆلدۈم جاۋابنى ئاڭلاپ،
شۇئان دېدىم مەن بۇ بىر رىۋايەت.
ئېلىشىپ قاپتۇ دېمەڭلار ئۇنى،
ھاياتتا كۆپتۇر بۇنداق ھېكايەت.

* *

بۇگۈن ئېيتتى ئۇ ناخشىنى يەنە،
مەھەللىمىزنى ئايلىنىپ يۈرۈپ.
ئاخىرى تاپتىڭ - دە جوراڭنى دېدىم،
پەسكە باققان بىر سايىنى كۆرۈپ.

ئېچىلسا بىر دىلنىڭ خۇش پۇراق گۈلى،
مەنمۇ كېتىمەن تەڭلا شادلىنىپ.
تۈگىمەس بەخت تىلەيمەن ئاڭا،
كەتسۇن قانلىرى ئۈزئارا سىڭىپ.

## دېھقانلار پەخرى

ساقال سېپىدۇ خامانغا قاراپ،
پەخىرلەنگىنىدىن دېھقان مويسىپىت.
پەخىرلەنگىنى تاغدەك چەشمىدۇ،
ياكى تراكتور، سوقا ۋە يىگىت.

كۆلدى مويسىپىت قاقاقلاپ ئەمدى،
سوقا سۆرىگەن ئۆكۈز①نى كۆرۈپ.
دان چاچتى، ئەگمىگەن قۇشلار يېيىشتى
سەكرىشىپ، ئۇچۇشۇپ تالىشىپ يۈرۈپ.

پىچىرلايدۇ ئۇ ئۆزىگە ئۆزى،
بارماقنى ساناپ يانپاشقا ئۇرۇپ.
بىلدىم مەن ئۇنى پەخىرلىنىپتۇ،
ئونبەش ئۆكۈزگە② تەڭ «ئۆكۈزنى» كۆرۈپ.

① ئۆكۈز— تراكتور مەنىسىدە.
② ئونبەش ئات كۈچىگە تەڭ تراكتور.

## ئۇستامنىڭ تەلىمى

مەنمۇ شاگىرت بولغان بىر زامانلاردا،
ئۇستام بېرەتتى تەلىم ھۈنەردىن كۆپ.
دەيتتى ئۇ ئۆگەنمە يامان خۇيلارنى،
بولمىسا بولىسەن دەيۈزلەرگە جۈپ.

يامان خۇي دېگەن قىتىغۇرلۇقمۇ
ۋە ياكى قۇرۇق گەپ، پىتنىخورلۇقمۇ؟
دەمسىز يا خۇشامەت، قۇللۇقنى دېسەم،
كېتەتتى بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈپ.

ھۈنەردىن باشقىسى چىن نەرسە ئەمەس،
قۇرۇق گەپ ساتىدۇ ساختىپەزلەر، بەس.
ھۈنەرگە كېرەكتۇر ئەقىل - پاراسەت،
دەيتتى ئۇ بىزلەرگە نەسىھەت قىلىپ.

بىلەمسەن ئىللەتنىڭ ئەڭ چوڭى نەدە؟
قۇمدەك چېچىلغان مىللەت بار يەردە.
ئۆمرۈمنى خۇن قىلدى ئەخمەق يۇرتۋازلار،
دېگەنتى بىر كۈنى ھەسرەتلىك تىنىپ.

ئۇستامغۇ كەتتى، ئالەمدىن يېنىپ،
بۇ ئۇلۇغ ھېكمەتنى ھامان باش بىلىپ.
ئۇنۇتما تەلىمنى دېگەنتى قايتا،
جان ئۈزۈش ئالدىدا كۆزگە ياش ئېلىپ.

ئۆگەنمە دېگەنتى ئۆگىنىپ بۈگۈن،
چىقتۇققۇ ئىش قىلىپ يات ئادەت تۈزۈپ.
ئۇستام سورىسا قانداق قىلارمىز؟
بارغاندا ئالدىغا بىزمۇ جان ئۈزۈپ.

## يامغۇرلۇق كېچە

دېرىزەمگە قاراپ قاپتىمەن،
يامغۇر ياغقان ئاشۇ ئاخشىمى.
يەرگە سىڭىپ كېتىپتۇ سۇلار،
ئەينەكلەردە قاپتۇ مارجىنى.

*

كەلدى بۇلۇت دەۋرەپ، تۇرۇلۇپ
دەھشەت سالدى زېمىنغا سۈرى.
گۈلدۈرماما كەتتى گۈلدۈرلەپ
كۆكتە ياندى چاقماقنىڭ نۇرى.

ئۈلۈغ ئاچتىم دېرىزەمنى مەن،
چاچرىسىمۇ يامغۇرنىڭ سۈيى.
كۆزۈم چۈشتى ئىككى گەۋدىگە،
سەيلە قىپتۇ ئاخشامدىن بېرى.

چىڭ جۈپلەشكەن ئاشۇ گەۋدىلەر،
ياغە دەيتتى ھۆل بولغانسېرى.
پىسەنت قىلماي تۇراتتى ئۇلار،
يامغۇردا ھۆل بولسىمۇ بويى.

يۇلتۇز ئۈچۈپ يورۇپ كەتتى تاڭ
ئاڭلىنىدۇ ئەزاننىڭ ئۈنى.
جۈپ كۆلەڭگە مىدىرلىماقتا،
ۋە بولماقتا چىناردىن نېرى.

*

يۇلتۇز ئاينىڭ بالىسىمىدۇ
زەپ ئوخشايدۇ چاقنىغان رېڭى.
كۈننى كۆرسە ئاشۇ يۇلتۇزلار،
ئاتام دەرمۇ ئەگىشىپ تېخى.

* *

يامغۇر ياغدى دەپ كۈلسە دېھقان،
تۇتۇپ قاپتۇ شەلىكنىڭ خۇيى.
پاتقاق بولدى يوللىرىمىز دەپ،
بەزىلەرنىڭ ئاقاردى ئۆڭى.

تەبىئەتتە كېڭەيسە ھىممەت
بىرلىرىنىڭ تارديار تېنى.
ئوخشاپ كەتسە ئېكىنلار قالتىس،
سازاڭ قۇرتىنىڭ قالمايدۇ جېنى.

ئابدۇكېرىم مەخسۇت

# ئىككى شېئىر

## ھېكمەتلەردىن يورۇسۇن كۆڭۈل

كەل دوستۇم يانمۇيان ئولتۇرايلى بىز،
مەيلى ئۈن-تىنسىز سۈرەيلۇق خىيال.
مەيلى دۇنيا سىرلىرىدىن سورايلۇق سوئال،
مەيلى چاقچاقلاردا ئاقسۇن كۈلكىمىز.

مەيلى بالىلىقتا قىلايلى سەپەر،
بىر تال چىمەننى دەپ بۇتناشقان قانچە.
قەيسەر جەڭچى بولۇپ ئوت ئاچقان قانچە
كۆزگە كۆرۈنمىگەن نە خەۋپۇ خەتەر.

سۆزلە تىللىرىڭدىن تۆكۈلسۇن ھېكمەت،
كۆڭلۈم ھېكمەتلەردىن يورۇسۇن بۇ دەم.
ھايات سەپىرىدە ھېكمەتلەر ھەمدەم،
زىنھار قىلما دوستلار ئۇستىدىن غەيۋەت.

ئۆلمەي كېلەر مېنى بۇ يوللار

بۇ يولدا ماڭىمەن ھەر كۈن نەچچە رەت،
يىللىق چىرايلارغا بولۇپ يار، ئۇلپەت.
بەزىلەر باش ئېگىپ سالاملىشىدۇ،
بەزىلەر ئۆتىدۇ ئۈن - تىنسىز پەقەت.

سەپەرداش، تەقدىرداش ئۇلار بىلەن مەن،
كۈلكىسى ياشارتار جانغا جان قوشۇپ.
يۈرەكلەر تېپىشى ئوخشاش مۆھتەرەم،
ئۇلارسىز ياشارماس باغلار گۈل بولۇپ.

تونۇش كۆرۈنسمۇ كۆزگە چىرايلار،
كۆڭۈل خانىدانى مەن ئۈچۈن مەۋھۇم.
ھەممىدە ئۆزگىچە ئارمان، ئىنتىلىش،
يوللاردا مۇشەققەت ئۆتكەلەر گەۋجۇم.

لېكىن ئۇلار بىلەن يۈرۈپ يانمۇيان،
شەھەر ھاۋاسىدىن نەپەس ئالىمەن.
بەزەن قىستىلىشىپ ئاپتوبۇس ئىچرە
دىلكەش بولۇپ دوست بوپ قالىمەن.

ئادەملەر دەريادەك ئاقار ھەر تامان
ئۇرۇلۇپ، سوقۇلۇپ رەنجىشتىن يىراق.
قەدەملەر ۋەزنىدە بىر ئىزگۈ نىيەت
ھەممىدە ھاياتقا بار ئىشقى پىراق.

ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر

## يۈرەك كۈيلىرى

### ئەسسالام ئۆزبېكىستان

گۈل دەستە تىزىپ كەلدىم تەگرىتاغدىن
ئەسسالام، ئۆزبېكىستان — قېرىندىشىم.
تاشكەنتتە ياڭرىغاندا ئۇيغۇر كۈيى،
شادلىقتىن كۆككە يەتتى مېنىڭ بېشىم.

ئۆتكۈزدۇق قانچە يىلنى ئارمان بىلەن
سېغىنىش ئوتلىرىنى دىلغا پۈكۈپ.
ئېھ، بۈگۈن دىدارلىشىپ قۇچاقلاشتۇق،
چىن دوستلۇق مېھرىمىزدىن گۈللەر تۆكۈپ.

ئەجدادلار ئەزەلدىنلا قەلبىمىزگە
دوستلۇقنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىپ كەلگەن.
فۇرقەتنىڭ قەلبىگە نۇر، ئىلھام بېرىپ،
تەجەللى دىل تارىنى چېكىپ كەلگەن.

ئارەزى ئېيتسا مۇڭلۇق غەزەللەرنى،
مۇقىمى كۈي ياڭراتقان دىلداش بولۇپ.
ھۆرلۈككە، سائادەتكە تەلپۈنۈشكەن
تۈنلەردە سىرداش بولۇپ، مۇڭداش بولۇپ.

ئاققاندا ئامۇ سۈيى شاۋقۇن سېلىپ،
تارىمۇ ئۆركەشلىدى نەغمە چېلىپ.
تىلىكىم، ئۈمىدىم شۇ بەيگىلەردە
تۇلپاردەك ئۇچساق بىللە كۆكنى يېرىپ.

1991 - يىل نويابىر، تاشكەنت.

### كەچ كۈزدىكى خىيال

كەچ كۈز...
ئايلاندىم كوچىلاردا مەن.
تۆكۈلگەن يوپۇرماق،

سارغايغان ئورمان.
ئۆمرۈمنىڭ كۆزىنى سىيلاپ ئۆتسىمگە
بىردىنلا قەلبىمنى قاپلىدى پىغان...
قېنى ياشلىق باھارىم؟
قېنى گۈل پەسلىم؟
قېنى شوخ بۇلبۇللار
سايرىغان خەندان؟
ئۆتتىم قانچە يىل ياشلىق كۆيىنى
نەۋ باھار چاغلىرىم بولمىدى ئايان.
ھەسرەت بىلەن دېدىم: ئەلۋىدا!
كۆز يېشىم گويا بولدى بىر قىيان.
ئەسلىسەم ئۆمرۈمنىڭ جەننەت پەسلىنى
يانىدۇ يالقۇنلاپ يۈرەكتە ئارمان.

## تاغقا چىقتۇق

تاغقا چىقتۇق تېرەكلىكتە بىرنەچچىمىز،
قانچە بەلنى ئاشتۇق چىداپ تەرلەپ، پىششىپ.
لېكىن بەكمۇ ئېگىز ئىكەن ئاقباش چوققا
يېتەلمىدۇق بىر كۈن مېڭىپ داۋان ئېشىپ.

ئىرادىمىز بويسۇندۇرار شۇ چوققىنى،
ئەتە-ئۆگۈن ئاشۇ مەنزىل بولار نېسىپ.
نىشان پارلاق، چوققا ئېگىز، لېكىن شۇ دەم،
غەيرىتىمىز قىيان سۇدەك بارار تېشىپ.

بىزگە مەدەت يېشىل تاغلار، قارىغايلار،
بىزگە مەدەت جىلغىلارنىڭ سادالىرى.
بىز يېتىمىز پەللىمىزگە ناخشا توۋلاپ،
بىزگە مەدەت ئىسلاھاتنىڭ ناۋالىرى.

## يېڭى يول

بىر دوستۇم ماڭدى باشلاپ ئېگىز تاغقا
بۇندا نە كۆرۈنمەيتتى ئاياغ ئىزى.
بىز دېدۇق: باشلىمامسەن ئادەم ماڭغان
يول بىلەن، بۇ قانداق گەپ بولدى ئۆزى؟

ھېچ قۇلاق سالمىدى ئۇ گېپىمىزگە،
باشلىغان يولى بىلەن مېڭىۋەردى.
باقمىدى ئارقىسىغا توۋلىساقمۇ،
«ھارۋىكەش ناخشىسى» نى ئېيتىۋەردى.

مەنزىلگە يەتكەن چاغدا دېدى كۈلۈپ:
«يول دېگەن ئېچىلىدۇ ماڭسا ئادەم.
دوستلىرىم مېڭىۋەرسەڭ كونا يولدا
يۈرەتتۇق تاغ باغرىدا تۇتۇپ ئەلەم».

دوستۇمنىڭ سۆزلىرىگە قايىل بولۇپ،
ماڭدۇق بىز يېڭى يولدا كۆچكە تولۇپ.
يول ئاچقان باتۇرلارغا بارىكاللا،
ئۆرلەيلى پۇتىمىزغا سالماي قولۇپ.

## دېڭىزغا قاراپ...

چايقىلار شىددەتتە
ھەيۋەتلىك دېڭىز
قاتمۇقات تاغنى
يۇتمەكچى بولۇپ.
بىراق، بۈيۈك تاغ
گوياكى شىردەك
دېڭىزغا يول بەرمەس
كۆكسىنى ئۇرۇپ.
بۇندا بار ھەقىقەت
ئاجايىپ ھېكمەت:
زىددىيەتتىن پۈتۈلگەن
چەكسىز تەبىئەت.

1992 - يىل ماي.

## بىپايان ئاسمان

ئېخ، كۆك ئاسمان
كۆكسۈڭدە جىمىرلاپ سانسىز يۇلتۇزلار
تولۇن ئاي زوقلىنىپ قىلىدۇ جەۋلان.

قىستاڭلاردا،
ئىس ـ تۈتەك ئىچىدە دېمىم سىقىلىپ
قىسىلسا قەلبىم،
ساڭا باقسام، ئالىمەن ئارام.
چۈنكى سېنىڭ باغرىڭ بىپايان...

تىنىچ ياتقىن، نامىڭنى ئۇلۇغلار
ئەل ـ يۇرتنىڭ ھۆرمىتى، رىزاسى.
1992 ـ يىل فېۋرال.

### نامىڭنى ئۇلۇغلار ئەل ـ يۇرت

(مەرھۇم تېيىپجان ئېلىيوۋنى ئەسلەپ)

ئۈچكەندە شوخ بۇلبۇل ناۋاسى،
ياش تۆكتى ئەدەبىيات دۇنياسى.
ئاھ ئۇردى تارىممۇ تولغىنىپ
زېمىننى تەۋرەتتى ئىداسى.
شائىرلار ھەسرەتتە دېيىشتى:
«سەن ئىدىڭ شېئىرنىڭ سىماسى.
ۋاقىتسىز ئېپ كەتتى جۇرئىتى
سېنى شۇم ئەجەلنىڭ خۇداسى...»
يىغلىدۇق، زارلىدۇق ۋە لېكىن
كۆپ، ئىكەن بۇنىڭمۇ گۇۋاھى.

ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن

### جەڭچى

ھاياتىم دەپ بۇ ئانا تۇپراق
بولدۇڭ ئاڭا نۇرلۇق كۆز ـ چىراغ.
قىلدىڭ ئەلنى ياۋلاردىن يىراق،
مېھرى چوغدەك قەھرىمان جەڭچى.

قارلىق تاغقا باغرىڭنى يېقىپ،
شىۋىرغانلار تۇرسىمۇ چېقىپ.
كۆز يۇممىدىڭ ھەر يانغا بېقىپ،
قەلبى كۈندەك مېھرىبان جەڭچى.

تارىخىڭدىن ئاچتىڭ يېڭى بەت
قەددىمىڭدىن نۇر چاچتى خىسلەت.
ۋۇجۇدۇڭدىن ياغدى مۇھەببەت،
جەڭدە شىردەك پالۋان جەڭچى.

## شېئىرلار

### شەرقتىكى بىر بازار

مۇخەممەسنىڭ مىسراسىدەك سوزۇلغان رەستە،
قاپىيىدەك بىر ـ بىرىگە ئاھاڭداش بوتكا.
سودىگەرلەر كۆزلىرىگە تاشلايدۇ گۈلخان
ئادەم ياساپ، ئادەم ئىزدەپ يۈرگەن بىر خازان.
كۆزلەر ئاقتۇرىدۇ كۆزلەردىن ئىشىك
كۆرۈنمەس يىپلاردا ئاقار قارىمۇق.
ھەر تىرىكنىڭ ئالدار كۆسا بولغۇسى كېلەر،

سىكۇنتلارنىڭ نومۇسىغا بۇلغانغان جايدا.
پەرۋازىنى يىگۈزەر ئالدار كۇسىغا
ئۆزىنىڭ جىسمىدىكى تالايلاپ ئۆزى.

ھەممە نەرسە تىپىلار بۇلدا، تىپىلماس
پۇرلاشقان قىنىمغا شىپادار ھىكىم.

## كىرىش سۆز

ئەي مۇشكۇلات قولىدىكى نان
شارقىراتما بوغۇزىدىكى جان رامكىسى
چىقماي تۇرغىن ئىشىكتىن بىر پەس.
يىراق لەززىتىڭگە ئەڭ يىقىن جايدا،
كۇتۇپ تۇرار سىنى پىشانەڭ چىكرىسىدىلا
ھەسەلدە، پاتلانغان خارابە باھار.

توختىساڭ،
ئوت بۇرنىغا تۇتاش ساھىلدا
قىنىڭغا كۇچۇكلار مۇز شاخارلىرى،
يىقىنلايسەن شەبنەم بەرباتلىقىغا.
ماڭساڭ،
ئۆمرۈڭ پىيالىسىدە دەزلەر چۇشەر قىمارغا
يىراقلايسەن قەبرىستان تىزىملىكىگە.

چىقما تالاغا،
شامالار خەجىگە يەتمەس ئۇ چاڭگاڭ،
توزغاقلىشار بالىلىقىڭ شادىسى
داۋالغۇشىڭ ھۇۋلىشىدا غايىب بولارپورت.
كىرمە ئۆيگە
يوق ئۇندا شاۋقۇنىڭ ئاچچىق لەززىتى
ساقايغان باھارنى كۆرۈپ باققان كۆز.

## قەدىناس كۆي

يىتىپ كەلدىڭ يەنە قىشىمغا،
قارلىغاچىڭ قاناتلىرىدىن،
ساقىپ چۇشكەن چىغى كۆزۈمگە

ئۆزۈم بىقىپ چوڭ قىلغان يىغىر.
تەمبۇرۇمنىڭ مەسۇم تارىدا
تومۇرىمغا باشلىدىڭ سەپەر،
كىرىۋالدىڭ شورىسىدىن ئۆمرۈمنىڭ.
كىتەلمىدىڭ تىلىمدىن نىرى،
شاھ! دەۋالدىڭ ئويۇندا خىلى.
تۈۋلاپ يۈرۈپ پەقەتلا سىنى،
ئۈۋۈلۈپ كەتتىم قوۋۇزۇڭدا نەچچە
چاڭگىلىمدا مۇساپەڭ كىلى.

قىنى كەلگىن، كۆرۈشۈپ قوياي،
يۈرىكىمنىڭ تىرىسىنى
سەن يىپىنىپ يىتىۋەر مەيلى،
ئاغزىڭغا دان قۇسقان تىلىمدا
يۈرىكىڭگە ئىتىمنى ئوياي.

ھەر كىم قىلسا ئۆزىگە، دەپتۇ،
سىنى ئەلگە ئاڭلىتىمەن دەپ
ئۆزۈم تەنھا قالدىم يىڭنىمدەك.
كۆنۈپ كەتتى دىلىم، دىلىڭنى
كۆندۈرەلمەي كەتتىما ئەجەب!؟

## ھەيرەتنامە

(بۇ يىلقى ئالداش بايرىمىدا يەنە
ئالدىنىپ قالدىم...)

ئۆچىيىنگە مۆكۈپ چىيىمنىڭ
دەسسىۋالدىڭ ئىسىمنى يەنە.

بىز قوشكېزەك دېگەنىدىڭ،
ياق، ياق
قوشكېزەككەن يارام سەن بىلەن،
كىردۇددىڭ كېلدى ئۇ ئەنە.
رەسىمدە بولغان چېغى ئۇسىمىز
تىردىپتىكەنمۇ دەيمەن كالېندار
ساڭا ئالداش، ماڭا ئالدىنىش.

كۆزۈڭدىكى قۇرۇم كېچىنى
ئالقىنىڭغا كۆچمەس دەپتىمەن.
قولۇمدىكى خاتا ۋىسالنى
كۆزلىرىڭگە تىقىپ ھىجرانىڭ،
خۇيۇمدەكلا ئوچۇق كۆزنەكتىن
كىرسە شامال ئىسقىرتىپ سوغۇق
چىرىغىمنى ئۆچمەس دەپتىمەن.
قويۇپ قويدۇم ساڭا بىر چېكىت...

كىچىك بالا، ھەي كىچىك بالا،

خەرىتىسىنى قويۇپ يولۇڭنىڭ
پۈتلىرىڭنىڭ كۆزىگە قارا.

ئېھ، كەم دىدار ئالداش بايرىمى،
كېلىشىڭنى بىلىپ تۈنۈگۈن
كالېندار مۈڭگۈزىگە باغلىغانىدىم يىپ.
كۆنگەن يامان ئوخشايدۇ راستلا،
بۈگۈن يەنە قالدىم ئالدىنىپ.

ئۇ دۇمۇم ئاچىلىنىڭ مۇقاۋىسىدا
كۆرۈنمەيدۇ كوەپاس ھەيكىلى.
موخۇركامدىن ئاڭلىسامۇ تىل
چاپان ياپتىم بۇ قەدىناسقا،
ئاشىق بوپسەن ماڭىلا
ھەي ئالدىنىش، ئالدىنىش.
سەن ئۆيۈمگە باسماستىن ئاياغ
نەدىن بىلدىڭ بويتاقلىقىمنى؟

زۇمرەت قېيۇم

## چۇشۇمدە يەنىلا شۇ «تەقدىر①» كۈيى

مۇڭ باسقان قەدىمي ئوغراقلىق قىشلاق،
ئېھ ئانا، كۆڭلۈمگە ئەلەيدەك سىڭگەن.
يېگانە تۈن بىلەن سىرداشسام ھامان،
تالىشار بىر مېنى يۇلتۇز ئاي بىلەن.

پايانسىز ئۇپۇقتا تۇتاشقان ساھىل،
زەڭگەر دېڭىزلار، شاۋقۇنلۇق قىرغاق.
قەلبىم تارلىرى ئۈزۈلمىسۇن دەپ،
ئېھ دېڭىز سىلەردىن تۇرىمەن يىراق.

مەن كۆرگەن بۇ يوللار سۆيۈملۈك قەۋەت،
گىياھلار جىلۋىسى كۆكەمگە جاۋاب.
شامallar مەن ئۈچۈن مەڭگۈ شوخ بىر كۈي،
قىلىدۇ دىلىمنى ھەمىشە تاۋاپ.

تاڭ بىلەن ياڭرىغان مۇڭلۇق ئاھاڭلار:
دەريانىڭ، تاغلارنىڭ، قۇشلارنىڭ ئۈنى.
ئاڭلىنار ھەممە يەر ماڭا كۈي بولۇپ،
چۇشۇمدە يەنىلا شۇ «تەقدىر» كۈيى.

---

① «تەقدىر» — بېتخوۋېننىڭ شۇ ناملىق مۇزىكىسى.

نۇرگۈل يۈنۈس

# شېئىرلار

## پويىز

قىيالاردا ئۆلگەن يۇلغۇننىڭ
چېچەكلىرى ئۇنسىز قىمىرلاپ
ئاقارغاندەك ئانا چاچلىرىڭ
ياز ئاخشىمى ئاخىرلاشقان دەم
پويىز كېلەر يەنە قۇيقۇرۇق.

مۇگدەك باسقان تەلۋە ئايدىڭدا
«خانلەيلۇن» نى تووۇلىغان دېھقان
ئاۋازىدەك ئىزىك ئۇنلىرىم
ۋاگونلارغا لىقمۇلىق تولغان.
ئاھ ئانىجان سېنى ئەسلىتىپ
مۇڭلۇق يىغلاپ كېلىدۇ پويىز.

تاغ تېرىكى، ئاپئاق يۆگىمەچ
يىلتىزلاردا ئۇخلايدۇ يىلان
سۆيۈپ قويار نۇرلىرى بىلەن
ھوشسىزلانغان جاھاننى مەست ئاي!
قوناق سويۇپ ئولتۇرغانسەنمۇ؟
سۇۋاقلىرى چۇشكىلى تۇرغان،
ئاشۇ ئۇزۇن ئۆتـەڭ يولدىكى
خىلۋەتكىنە كونا ھويلىدا.

كۆتمەكتىمەن بەلكىم كەپ قالار
پويىز بىلەن، سەن ياققان توقاچ.
ئېرىدىپ كەتسە پۇرىكىم بىردىن
غېرىبسىنىپ قالغان بېكەتتە
ئۈمىدلىرىم پىشار ئاقىۋەت.

ئەۋەتەرسەن ماڭا شوخ سۆيۈش،
ئانا سەندىن كەلمىسۇن تەشۋىش
قورقۇمسىراپ كۈتىمەن ھامان.
سەھرالاردىن كەلگەن ئاھ پويىز!
ياشاڭغىراپ، نۇرسىزلانغان كۆز
ئۇتلۇقىنا تەلپۈنۈش بىلەن
قوناق سويۇپ ئولتۇرغانمىدۇ!؟
خەۋەر بەرگىن ئېھ قۇرۇق پويىز!

## تەنھالىق

مەن كىم؟
ئېھ ئۇلار كىملەر ئېيتقىنا؟!
يىقىلىپ قالدىغۇ سوغۇق ئىز شۇ تاپ.
تىترىگەن كۆڭلۈمنى قۇچاقلاپ ياتقان
سۇنۇق ئورۇندۇق، شاۋقۇنلۇق جىمىلىق،
غېرىبلىق پەيتىگە كىم بەرگەن سېنى!؟
ئىگىسىز چېلىنغان ئەي قاردىكى كۈي
قۇلىقىم سىلەرنى تۇتماقچى ئاستا.
ھېچكىم بۇ يەردە چالماپتۇ دۇتار،
سەرگەردان ئۇچقۇنلار ئوينايدۇ ئۇسسۇل.
مىجىلغان نۇرلارنى يۇتقاندا كېچە،
مەڭزىمدە چاقنايدۇ ياش بىلەن ئاپتاپ.

يول،
پاتقاق، قار پاتقاقلىرى
سېغىنىش، كۆز يېشى سوغۇق ھاياجان.
سۆزۈك قاراڭغۇ، قۇياش مەڭزىنى
كۆيۈك لېۋىمدە سۆيىمەن بىر پەس.
قۇرۇق بولار ئورۇندۇق ھامان
مەن شېئىرغا ئاپلانغان بىر كۈن...

## سوغۇق

ئېرىدىپ كەتتى يۈرىكىم قاچان؟
قاتتىق قوللۇق تەلۋە سەھەردە
ئېرىدىپ كەتتى بەلكىم قار گۈلى.

گۈل دەستىدەك جاھان بىر تۇتام
چاتقاللاردا سوغۇق بىر شادلىق.
ئىللىققىنا ھور كۆتۈرۈلگەن ئۆي،
ئاقـۇچ پەيلىك ئاق قۇلارىسمان
ئۇچۇپ كەتتى كۆزۈمدىن يىراق.
ئېھ مەن كېرەك كىملەرگە شۇتاپ
سۆيۈملۈكتۈر كىملەر ھەم ماڭا؟!
ئېھ، سەرگەردان بوپ يۈرسەم بەلكىم
بىراۋ شۇنداق قار گـۈلى ئارا،
ئىزدەپ كېلىپ مېنى پەرىشان
كېتىپ قالار قۇرۇق قول يەنە
قار گـۈللىرى توزۇغان بىركۈن.

ئېيتالمىدىم ھېچكىمگە خوش دەپ،
لەۋلىرىمگە مۇز قاتتى رەت ـ رەت.
قۇچاقلىدىم سۆيگۈ دەپ سېنى
يانۋار كۈنى قۇلاقلىرىمغا
سۆيۈپ قاچقان ئەي ئاچچىق سوغۇق.
.........

باھار بوپ چۈشۈمگە كىرمىسەڭ مەيلى
سۆيۈۋەر مۇز قاتقان سوغۇق لېۋىمگە
يوق زىنھار مەندىمۇ ئىللىق تەبەسسۇم،
ئەپسۇس مەن قەيەردە سەرسان بوپ يۈرەي
سەن ماڭا ئارامسىز ئىللىق سوغۇقسەن!

## مۇراجىئەت

قەبرەمنى قاتۇرماڭ مەرمەر تاش بىلەن،
بىردەستە گۈلنىمۇ قويماڭ سېغىنىپ.

ئېھ مېنى!
باغرىمنى يارغان خۇشاللىق
ياش تۆككەن چاغلىرىم قالغان يىراق يەر
جەزمەن يوقلايدۇ، يوقلايدۇ بىركۈن.
شارقىراپ تۆكۈلگەن كۆز يامغۇرىدا
ئۇنتۇپ كېتىڭلار ھەممە، ھەممىنى!
ئۇنتۇپ كېتىمەن مەنمۇ سىلەرنى،
ئۇنتۇپ كېتىمەن سۆزلىرىمنى ھەم.

## ئېچىرقاش

قۇشلار قاچان كەتتىكىن ئۇچۇپ؟
قانىتىمنى سىلاپ قوياتتىم
ئۇچماق بولغان شېرىن ئۈمىدتە.
سۈت پۇرىقى كەتمىگەن نەپەس
ئاھ ئېچىرقاپ قالىمەن بەزەن
سېغىنغاندا سېنى ئېھ قىشلاق.
ئاپئاق رەڭدە تويۇنغان ئۈپۈق
تومۇرلىرىم كۆيجىسە شۇتاپ
نەپسىم يالماپ كېتىدۇ سېنى.
مەن دېڭىزنى كۆرمىگەن ئەسلا
دېڭىزدەكلا خىياللىرىم بار
ئۇچۇپ كەتكۈم كەپـقـالدى ئەجەب
كۆز يەتكۈسىز قارشى قىرغاققا.

## سېنى دەپ

سېنى دەپ قەدىمىم تېزلىدى بىردىن
ئۇنتۇلغان باھارمۇ چۈشۈمگە كىرىپ
قاپقارا تۈنۈمدە ياتىسەن ئۇخلاپ،
ئېھ سېنى، سېنى دەپ سالىمەن يىغلاپ.
باغرىمدا مۇڭلىنار دۇتار تارلىرى
بارمىقىم ئىڭرايدۇ سەن ئۈچۈن تىترەپ
يوپۇرماق ناخشىسى قېتىپ قالغان دەم،
قەدىمىڭ مەن ئۈچۈن بېسىلماس ئەما،

ئۆلۈپ كەت.
دۇئاغا كۆتۈرگەن قوللىرىم بىلەن
دېڭىزلار گىرۋىكى چايقالغان دەمدە
سەن ئۈچۈن كۆكسۈمگە ئۇرارمەن خەنجەر.
ئېھ كۆزلەر قەدرىنى بىلمىگەن پەيتىم،
سېنى دەپ
كۆز يېشىم تۆكۈلمەس زىنھار.

### پەرىشتەم

بەلكىم مېنى چۈشەپ ئۆتەرسەن
قۇياش قونغان يىراق سەھرادا،

سۆيەلمەيمەن سېنى دىلىمدىن
خىيالىمدەك ساختا دۇنيادا،
سۆيەلمەيدۇ ھېچكىممۇ مېنى!

كۈز پەسلىدە يوپۇرماقلارنىڭ
ئۈنسىزگىنە چۈشۈشلىرىنى
ئاڭلىغاندا كېتەمسەن چۆچۈپ.
خىيالىمدا ساڭا ئېسىلىپ
ياشلىقىمدەك تەلۋە باھاردا
يىغلىغۇم بار قېنىپ بىر قېتىم.

ئالىم تۇرسۇن

## ئىككى شېئىر

### سالام، ئانا

ئىنتىلدى سېغىنىشتا ساڭا يۈرىكىم،
جېنىم ئانا، پەرزەنتىڭنىڭ كۆزلىرىدە ياش.
چۈشلىرىمدە باغاشلايسەن (شۇدۇر كۈتكىنىم)
ياراتقانمۇ ئىگەم سېنىڭ باغرىڭدىن قۇياش.

ياپراقلاردا توختاپ قالغان ياشنىڭ ئۈستىدە،
نۇرلار چېچىپ قىياپىتىڭ بولىدۇ ئايان.
مەكتۇپلىرىم ئۇچۇپ بېرىپ ئاق قۇلارسىمان،
ئىنتىزارلىق ئويلىرىمنى قىلامدۇ بايان؟

قەلبىڭدىكى باھارىڭدىن تۆكۈلۈپ يامغۇر،
قورۇق چۈشكەن يۈزلىرىڭنى ئاقامدۇ بويلاپ؟
ھاياجاندا كۆيلىرىمنى ئوقۇمسەن قۇر - قۇر،
چېكىلەمدۇ يۈرەك تارىڭ ئوغلۇڭنى ئويلاپ؟

كۆزلىرىڭدە يېنىپ قايتا ئۈمىدنىڭ شامى،
دەسلەپتىكى تۇيغۇلارغا بولامسەن سىرداش؟

يۈرىكىمگە سىڭىپ كەتكەن مۇڭلۇق ئەللەيلەر،
چاچار ئوتلۇق بىر دېھىرنى قۇياشقا ئوخشاش.

سەپ تارتىشقان تۇرنىلارنىڭ پەرۋازى يىتكەن،
ئەمما كۆڭلۈم قۇشلىرىنىڭ پەرۋازلىرى بار.
بارار ئانا قۇچىقىڭغا قۇياشنىڭ جەزمەن،
شۇندا قەلبىڭ باغلىرىدا ياشنايدۇ باھار.

### بەلكىم

بەلكىم،
شۇندىن بېرى تۇرغاندۇرسەن مەڭگۈ ياش پېتى،
ھەر سەھەرنىڭ قۇياشىدەك ئىللىق نۇر چېچىپ.
قارىقاتتەك كۆزلىرىڭدىن ياشلىقىڭنىڭ قېنى،
قانسىرىغان يۈرەكلەرگە تۇرغاندۇ ئېقىپ.
بەلكىم،
يوقتۇر سېنىڭ ئەسلىگۈدەك ھېچبىر ئۆتمۈشۈڭ.

خاتىرەڭگە قېنىق قىلىپ يېزىپ قويغۇدەك.
يوقتۇر ساتار ناۋاسىدەك ئۆزگىچە كۈيۈڭ،
دەردمەنلەرنىڭ دىل تارىنى چېكىپ ئۆتكۈدەك.
بەلكىم،
مۆكچەيگەنسەن مومايلاردەك قېرىپ ۋاقتسىز،
تۇرغاندۇرمەن ئەس - يادىڭدامەڭگۈياش پېتى.
ئۆتمۈشىڭدىن قېپقالغاندۇ ئىزلار يېزىقسىز،
توشۇپ قېلىپ خاتىرەڭنىڭ ئاخىرقى بېتى.

هوشۇر روزى

## بەخت هەققىدىكى خىيال

تەقدىر بىزنى ئاتتى يانىڭ ئوقىدەك،
چۈشتۇق مۇشۇ مۇنبەت يەرگە سىيرىلىپ.
ماكان تۇتتۇق، چېچەكلىدۇق باراقسان،
كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقا يېيىلىپ.

بارخانلاردا چېچەكلىگەن يۇلغۇنلار،
يۇلغۇن ئەمەس لەپىلدىگەن رەڭدار تۇغ.
ئون مىڭ يىللىق تاش ئابىدە گۇۋاهچى،
سەلتەنەتلىك خانلار ئۆتكەن كۆپ ئۇلۇغ.

قويغىنا بۇ ئەپسانىنى دېمەيلى،
تومۇرلاردا شەيتان قۇتراپ يۈرمىسۇن.
ئۆزىمىزنىڭ ئەخمەقلىقى يېتەرلىك،
بىزگە هېچكىم ئەپسۇن ئوقۇپ يۈرمىسۇن.

ۋاراقلىسام كىتابلارنى ئاختۇرۇپ،
بەخت دەيمىش ئاسماندىكى قۇياشنى.
بەخت ئىمىش گاهى يۇلتۇز ئايمۇ هەم،
بىلسە هەتتا ئادەم كۆڭۈل ئوۋلاشنى.

بەخت ئىمىش هەتتا چەكسىز مۇشەققەت،
هاراق ئىچىپ مەست بولۇشمۇ زىيادە.

بىر چېكىشكە يارىمايدۇ هەممىسى
دەيمىش بەڭگى: بەخت خىيال، خام نەشە.

بەخت نېمە بولسا بولسۇن گەپ تولا،
نەۋرىسگە ئېيتىپ بەرسۇن مومايلار.
بەخت ئىزدەپ مەن ئاۋارە تېخىچە،
خىيال قىلار ياشلىقىنى بوۋايلار.

خىيالىمنى سالسام مەنمۇ شامالغا،
توزۇپ كەتتى قالدى پەقەت ئانا يەر.
قالدى بولۇپ ئاتا - ئانام قىبلىگاھ،
سۆيۈملۈكتۇر چەكسىز ئۇلۇغ شۇقەدەر.

چۈنكى ئۇلار كۆرۈپ سانسىز شېرىن چۈش،
بەخت ئۈچۈن سانسىز بەدەل تۆلىگەن.
ئۈمىدىنى باغلاپ ماڭا كەلگۈسى
ئارزۇلارنىڭ بۆشۈكىگە بۆلىگەن.

شۇڭا يۈردۈم شۇ خىيالىي ئالەمدە،
يامغۇر ياغقان چاغدىكىدەك ياشىرىپ.
كۆز يېشى يا قار ئاستىغا كۆمۈلگەن،
بىر پارچە يەر ياكى ئورمان ئاتىلىپ.



مۇھەممەد باغراش

# جەزىرە

(پۈۋىست) *

ئۇ خەقنىڭ توختىتىپ قويغان ماشىنىسىنى ئوت ئالدۇرۇپ قىزنىڭ ئارقىسىدىن قوغـلاپ ماڭدى. قىز ئانچە ئۇزاپ كەتمىگەنىدى. ئۇنى يانداپ كېلىپ ماشىنىنى توختاتتى.

— ماشىنىغا چىقىڭ، ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قوياي.

قىز چۆچۈپ كابىنىكىغا قارىدى ۋە سەل ئىككىلەنگەندەك بولدى. لېكىن ئۇ ئالدىدا سوزۇلۇپ ياتقان قاراڭغۇ كوچىغا تەشۋىش ئىچىدە قاراپ قويۇپ كابىنىكىغا چىقتى. ماشىنا يۈرۈپ كەتتى. يىگىت دەسلەپتە ماشىنىنى شەھەرنىڭ چېتىگە قاراپ ھەيدىمەكچى بولدى. قىز ماشىنىغا چىققانىكەن، ماشىنا توختىمىغىچە ئۇ ماشىنىدىن چۈشەلمەيتتى. ماشىنىنى دەريا بويىغا تارتىپ ئاشۇ قويۇق ئورمانغا يېتىپلا ئالسا... لېكىن يىگىت يەنە ئويلاپ قالدى. بۇ قىز تانسا مەيدانىدا ئۇنىڭ كۆزىگە چىك دېگىچە پوك دەيدىغان قىزدەك كۆرۈنۈۋېدى. لېكىن ئەمدى قارىسا ئۇنچە ئاسان ئىندەككە كېلىدىغان قىز ئەمەس ئىكەن. ھاراقنىڭ كەيپىدە شۇنداق كۆرۈندىمىكىن... بۇ ئەلپازىدىن قارىغاندا ئۇنىڭغا زورلۇق بىلەن چېقىلىپ قويسا ئۇنىڭ قولىدىن ھەر بالا كەلسىمۇ كەلگۈدەك... ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ماشىنا ئېلىپ قاچتى. قاراپ تۇرۇپ ئوتقا سەكرىسە... ئىككى ئىشنىڭ بىرەر-سى مەلۇم بولۇپ قالسا...

يىگىت ئۆزىدىن - ئۆزى چۆچۈپ قالدى. ھاراقنىڭ كەيپىدىن كېيىن بولىدىغان بىر خىل غەشلىك بىئارام قىلىشقا باشلىغانىدى. ئۇ ئاخىرى بايىقى نىيىتىدىن يېنىپ ماشىنىنى قىز كۆرسەتكەن يول بىلەن ھەيدەپ ماڭدى. ئەمدى ئۇنىڭ خىيالى قىزنى ئىتتىكرەك ئاپىرىۋېتىپ، ماشىنىنى جايىغا ئاپىرىپ قويۇشتىلا قالغانىدى.

---

* بېشى ئۆتكەن سانىدا

— سىز يېڭى شوپۇر ئوخشىمامسىز؟ — قىز يىگىتكە شۈبھە بىلەن تىكىلدى.

— يا... ياق... بەكمۇ يېڭى ئەمەس، ئىككى - ئۈچ يىل بولۇپ قالدى. نەمۇنىچى شوپۇرمەن، خاتىرجەم بولۇڭ، ئىش چىقمايدۇ.

قىز دەمىقىدا كۈلۈپ قويدى. قىزنىڭ كۈلكىسى يىگىتكە ئۆزىنى زاڭلىق قىلىۋاتقاندەك بىلىندى. ئۇ، ئۇنىڭ چىقماي گازنى كۆچەيتتى، ماشىنا كىچە قويىنغا قاراپ شۇڭغىدى. كابىنكىنىڭ ئىچى جىمجىت ئىدى. قىز خاۋاتىرلەنگەندەك بولۇپ گاھ يىگىتكە، گاھ سائىتىگە پات - پات قاراپ قوياتتى. يىگىت قىزنىڭ روھىي ھالىتىنىڭ تەسىرى بىلەن تېخىمۇ كەيپسىزلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ بەش - يىگىرمە مىنۇتلاردىن كېيىن ماشىنا چوڭ كو - چىدىن قاتناش شىركىتى ئائىلىلىكلەر بىناسىغا قايرىلىدىغان دوقمۇشقا يېتىپ كەلدى.

— توختاڭ ئەمدى، يېتىپ كەلدۇق.

يىگىت ماشىنىنى توختاتتى.

— رەھمەت سىزگە، نەمۇنىچى شوپۇر...

قىز شۇئان داق دەپلا ئالدىراپ ماشىنىدىن چۈشۈشكە تەمشەلدى. يىگىت قىزغا ئۇدا چىقماي تىكىلدى. گىرىمسەن كابىنكىدا ئۇنىڭ كۆزلىرى قورقۇنچلۇق پارقىرايتتى. شۇ بىر دەقىقە ئىچىدە، ئۇشتۇمتۇت قانداقتۇر بىر قىزغۇچ ھارارەت يۇپقا پەردە بولۇپ ئۇنىڭ كۆز ئالدىنى توسۇۋالدى. ئۇنىڭ كۆزى ئاشۇ نامەلۇم قىزىللىق ئىچىدە كۆرۈش ئىقتىدا - رىنى يوقاتتى. بۇ ھارارەت ئۇنىڭ مېڭىسىنىڭ ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتاتتى. بۇ ھارا - رەت ناھايىتى تېزلىكتە ئۇنىڭ كۆكرىكىنى قىسىۋالدى. ئاندىن ئۇنىڭ تېنىنىڭ تۆۋىنىگە قاراپ شىددەت بىلەن ئاقتى. ئۇنىڭ تېنى لاغىلداپ تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭ جىسمى ئەزايى بىر خىل كۆيدۈرگۈچ چىڭقىلىشتىن پارتلاش ھالىغا كېلىپ، نەپسى بوغۇلۇپ تىنال - ماي قالدى. ئۇ شۇ تاپتا ھاۋادىن، جېنىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقاندەك دەھشەتلىك سارا - سىمىگە چۈشۈپ قالغانىدى. مۇبادا ئۇ يەنە بىر سېكۇنت كېچىكسە، ئۇ قىزنىڭ ئايىغى يەرگە - لا تەگسە ئۇ ھەممىدىن — ھاۋادىن ۋە جېنىدىن ئايرىلىپ قالدۇ...! ئۇ ئۆزىمۇ ئاڭقىرالمايدىغان بىر خىل قورقۇنچلۇق كۈچنىڭ يۇلقۇشى بىلەن تىترەپ كەتتى - دە، ئىشكنىڭ روشكىسىنى قايرىۋاتقان قىزغا ئۇشتۇمتۇت ئېتىلدى ۋە ئۇنى مەھكەم قۇچاقلى - غىنىچە سېيدىنلىكتىن يۇلۇپ ئېلىپ پوكىنىغا باستى. قىز قورققىنىدىن ۋارقىرىۋەتتى. قىز لاغىلداپ تىترەپ قالغانىدى. لېكىن يىگىت شۇ تاپتا ھېچنېمىنى ئاڭلىماس ۋە كۆرمەس ئىدى. ئۇ ئادەمچە ئويلاش ئىقتىدارىدىنمۇ قالغانىدى. ئۇ قىزنىڭ جان ئاچچىقىدا تېپىر - لاشلىرىغا پەسەنت قىلماي ئۇنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئاچكۆزلۈك بىلەن سۆيەتتى. ئۇنىڭ مەڭزىنى، لەۋلىرىنى غالجىرلىق بىلەن شۈمەيتتى، شورايتتى، ئۇنىڭ ئالمىدەك چىڭ كۆكسىنى مۇجۇيتتى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاققان شال بىردەمنىڭ ئىچىدىلا قىزنىڭ باش - كۆ - زىنى، سەلگىنە ئوچۇق تۇرغان ئاپئاق مەيدىسىنى ھۆل قىلىۋەتتى. ئۇ ھاسىرايتتى، پىخىلدايتتى، ئىڭرايتتى. يەنە سۆيەتتى، مۇجۇيتتى، يالايتتى، شورايتتى، قىز يۇلقۇنۇپ، تېپىرلاپ ھالىدىن كەتتى. ئۇ غالجىر گۆشخورنىڭ چاڭگىلىغا چۈشكەن توشقاندەك دىر - دىر تىترىگىنىچە، يىگىتنىڭ ئەلەسلىشىپ غىلايغان قورقۇنچلۇق كۆزلىرىگە چەكچىيىپ

قالغانىدى. ئۇنىڭ گۈزەل كۆك كۆزلىرى شۇ تاپتا ئۆلۈم قورقۇنچىدا قېتىپ قالغانىدى. يىگىتنىڭ ۋۇجۇدى تەردىن چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتتى. قىزنىڭ نەزەرىدە ئۇ شۇ تاپتا ئادەم ئەمەس، ھوشىنى يوقاتقان بىر غالجىر ھايۋان ئىدى. قىز يىگىتنىڭ ئەپتىگە قاراۋېرىشكە تاقەت قىلالماي كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمىۋالدى. يىگىتنىڭ ئەسەبىيلىكى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. ئەمدى ئۇنىڭ قولى قىزنىڭ نومۇسلۇق يەرلىرىگە سوزۇلدى. قىز قورقىنىدىن «لەپپىدە» كۆزىنى ئاچتى ۋە بوغۇلۇپ خىرقىرىدى.

— مەن... جېنىم ئاكا! مەن... قىز... ئۇنداق قىلماڭ، تىلەپ قالاي جېنىم ئاكا!

يىگىت ئاخىرى زۇۋان سۈردى:

— سىز قىز بولسىڭىز ... مەن ... مەنمۇ قول بالىسى يىگىت مەن ... يامىنى كەلسە توي قىلىمىز شۇ... !— ئۇنىڭ ئاھاڭى ھۆل، يېپىشقاق، شىلىمشىق، قىزغىن، كۆيدۈرگۈ ۋە يۈكلۈك ئىدى.

— ياق... ياق... مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭ...

قىز بىر ئامال قىلىپ تېگىدە بېسىلىپ قالغان بىر قولىنى بوشىتىۋالدى ۋە يىگىتنىڭ مولۇندەك ئۆمىلەپ كېتىپ بارغان قولىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى.

قىز بىردىنلا ھوشىغا كەلگەندەك ئالدىراپ ئۈزۈپ - ئۈزۈپ سۆزلىدى:

— شۇ تاپتا سىزگە مېنىڭ كۈچۈم يەتمەيدۇ... لېكىن ئۆلۈمگە كۈچۈم يېتىدۇ، ئۆلۈۋالىمەن... مۇشۇ ياتقان پېتىمچىلا ئۆلۈۋالىمەن... ئۇ چاغدا سىز...سىز نېمىگە ئېرىشىسىز؟ ئۆزىڭىز نېمە بولىسىز؟ قاتىل، باسقۇنچى بولىسىز! سىزگە ھايات كېرەك ئەمەسمۇ؟ ئاتا-ئانىڭىز باردۇ، ئۇلار نېمە بولىدۇ؟ ئەتىنى ئويلاڭ، ئەتە نېمە بولارىڭىزنى ئويلاڭ، ئۆتۈنۈپ قالاي، ساراڭ بولماڭ! ماڭا ھەم ئۆزىڭىزگە ئىچىڭىز ئاغرىسۇن...

قىزنىڭ جامدەك ئېچىلغان كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى. ئۇنىڭ چىرايلىق لەۋلىرى ئۇۋچەيگەنىدى. قىزنىڭ تېنى قىسماققا چۈشۈپ قالغان قۇشقاچنىڭ تېنىدەك لاغىلدايتتى.

يىگىت قىزنىڭ كۆزىگە قارىدى. ئۇنىڭ قولى ئۆمىلەشتىن توختاپ قالدى. ئاھ... قانداق گۈزەل، قانداق سەبىي كۆزلەر بۇ! ئاشۇ كۆزلەر ئۇنىڭدىن ئۆتۈنۈۋاتىدۇ! ئۇنىڭدىن تىلەۋاتىدۇ! بىچارىلەرچە ياش تۆكۈۋاتىدۇ...

يىگىتنىڭ يۈرىكى ئاغرىغاندەك بولدى. ئۇشتۇمتۇت بىر تۇيغۇ، بۇ جىنايەتقۇ؟ ئەخلاقنىڭ ئالدىدا، قانۇن ئالدىدا بىر چوڭ جىنايەتقۇ - بۇ! دېگەن جاراڭلىق بىر سادا ئۇنى ھوشىغا كەلتۈرگەندەك بولدى... يىگىت قولىنى ئاستا تارتتى. ئۇنىڭ يۈز - كۆزى چىمىلداپ كۆيۈشكە باشلىدى. ئاشۇ كۆك كۆزلەر ئۇنى ھوشىغا كەلتۈرگەن، ئۇنى ئويالدۇرغانىدى. لېكىن ئۇ ئاشۇنداق بىر خىل تۇيغۇ ئىچىدە تىترەپ تۇرۇپمۇ ئاشۇ گۈزەل كۆزلەردىن كۆزىنى ئۈزەلمەيتتى.

— ئە... ئەمىسە ئۆز ئىختىيارلىقىڭىز بىلەن بىر سۆيۈپ قويۇڭ. پەقەت بىرنىلا...

قىز ئۇنىڭدىن سەسكەنگەندەك بولۇپ ياشلىق كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى ۋە دەررۇ يۇمۇۋالدى.

— مېنى يۆلەڭ... — ئۇ ھالسىز شىۋىرلىدى.

يىگىت قىزنىڭ بېشىنى يۆلىدى. ئۇلارنىڭ تىنىقى بىر بىرىگە ئارىلىشىپ كەتتى. يىگىت قىزنىڭ سۆيۈشىنى كۈتۈپ كۆزلىرىنى ئاستا يۇمدى. لېكىن قىز سۆيمىدى. ئورنى-دىن تايىنىپ ئۆرە بولۇپ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن كابىنكا روچكىسىنى قايرىپ ئاچتى-دە، كابىنكىدىن ئالدىراپ چۈشۈپ گىرىمسەن قاراڭغۇلۇقنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى، يىگىت كابىنكا كۆزنىكىدىن قىزنىڭ قاراڭغۇلۇق قوينىدا بارا-بارا ئۇزاقلاۋاتقان نازۇك گەۋدىسىگە تىكىلگىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. قىزنىڭ تۇفلىسىنىڭ سېمونت يولدىكى ھەر بىر تاقىلدىشى ئۇنىڭ يۈرىكىگە گويا بولقا بولۇپ ئۇرۇلماقتا ئىدى. قىزنىڭ قارىسى ئاخىرى غايىب بولدى. يىگىت قوللىرى بىلەن چاچ-لىرىنى قامالىغىنىچە پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن رول كەردىشىگە ئۆزىنى تاشلىدى. بىر ئەلەملىك يىغا ئۇنىڭ كېلىنى بوغدى. ئاھ... خۇدا! نېمە قىلدىمەن؟!

دۈشەنبە ئەتىگىنى يىگىتنى قاتناش باشقۇرۇش ئورگىنىغا ئېلىپ كېلىشتى. ئۇ ماشىنىنى ئۆز ئورنىغا توختىتىپ قويۇپ، كابىنكىدىن چۈشۈشى ھامان قولغا چۈشۈپ قالغان ۋە پەيچۇسونىڭ ئەسكى ئۆيىگە ئىككى كېچە قامالغانىدى. ئۇنىڭ شەنبىلىك ئالىپتەلىكىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى، چاچلىرى پاخپىيىپ، ئۆزى توپا-تۇمانغا مىلىنىپ شۇمشىيىپلا قالغانىدى.



سوراق ئۇزۇن داۋام قىلمىدى. ئۇ ئۆزىنى «ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياش» مەن دەپ تۇرۇۋالدى. راست ئىسمىنىمۇ ئېيتمىدى. ئۇ يېڭىلا ئىشقا چۈشكەن كالوندا «سېسىپ» كېتىشتىن قورقانىدى. ئۇلار ئاخىردا قانۇنسىزلىق قىلغان بولسىمۇ ماشىنىنى بىرەر خىيىم-خەتەرگە ئۇچراتماي ئەسلىدىكى جايىغا ئېلىپ بارغىنى، ئارىلىقتا پەقەت 20 مىنۇتلا ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ياش ۋە پوزىتسىيىسىنىڭ ياخشىلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ تەنقىد-تەربىيە بىلەن بىر تەرەپ قىلىندىغانلىقىنى، جەرىمانە ئۈچۈن ئەللىك سوم پۇل تۆلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىشتى.

— مۇبادا، يەنە شۇنداق قىلساڭ ئۆزۈڭنى تۈرمىدە كۆرىسەن، — دېدى قاتناش

باشقۇرۇش فورمىسى كىيگەن، يوغان قورساق، پالكۆز، بەستلىك كەلگەن باشلىق. ئۇ چارلاشقان بىشىغا قىيشايتىپ كىيىۋالغان فۇراژكىسىنىڭ كۆزىرىكى ئاستىدىن ئۇدۇلدا سالپىيىپ ئولتۇرغان يىگىتكە ئوغرىغا قارىغاندەك گۆلىيىپ قارىدى.

يىگىت ئۆزىنى مىڭلارچە كايىيتتى. ھېلىمۇ ئۇنىڭ تەلىيى بار ئىكەن. سولاپ قويۇشمىدى. پۇل بىلەنلا تۈگىسە، كالون بىلمەي قالسا، ساۋاقدىشى ھەسەن پولۇدەكلەرنىڭ زەھەرلىك شاكىخولىرىغا قالمىسىلا مەيلىغۇ، نىمە ئۇ، ئەللىك كوي دىگەن!

ئۇ بۆلۈمنىڭ ئىشىكىگە ئارقىسىنى قىلغىنىچە بىشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ شۇلارنى ئويلىدى. بىر كەمدە ئىشىك ئىچىلىپ كىمەۇر كىرىپ كەلدى. ئاياغ تىۋىشىدىن قارىغاندا كىرگىنىنى ئايالدەك قىلاتتى. يىگىت بىشىنى كۆتۈرمىدى، چۈنكى ئۇ ئۆزىنى تونۇيدىغان بىرەرسىنىڭ ئۇنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى كۆرۈپ قېلىشىدىن قورقۇپ ئولتۇرغانىدى.

— چاقىرتىپتىكەنسىز؟

ئايالنىڭ ئاۋازى شۇنچە زىل، مۇلايىم ۋە يېقىملىق...

يىگىت بىشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ باقماقچى بولدى - يۇ، پېتىنالمىدى. ئۇ پەقەت باشلىقنىڭ يوزلىنىپ تۇرغان فورما كىيگەن قىزنىڭ ئارا پاشنىلىق ئاق توفلىسىنىلا كۆرەلىدى.

— 50 كوي جەرىمانىگە تالون كىسىپ بىرىڭ ئۇنىڭغا، — باشلىق ئۇلاپلا سورىدى:

— يېنىڭىزدا پۇلۇڭ بارمۇ؟

يىگىت ئۆزىدىن سوراۋاتقىنىنى بىلدى.

— بار... — ئۇنىڭ ئاۋازى ئارانلا چىقتى.

بۆلۈم ئىچىدە پەقەت قەلەمنىڭ قەغەز يۈزىدە كىتىرلاۋاتقان ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى.

ھېلىقى قىز تالون يېزىۋاتاتتى.

— مانا... پۇلنى تاپشۇرۇڭ، — قىز نىمىشقىدۇر دۇدۇقلاپ قالدى. يىگىت شۇ چاغدىلا بىشىنى كۆتۈردى ۋە داڭقىتىپ قالدى. ئۇ دەل ھېلىقى قىز — مۇشۇ پاراكەندىچىلىككە سەۋەب بولغان كۆك كۆزلۈك قىز ئىدى. يىگىت چۆچۈپ كەتتى. يۈرىكى دۈپۈلدەپ سالاتتى. ئاھ... خۇدا! ئۇيات تۇيغۇسى ئۇنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. ئۇ نىمە قىلارىنى بىلمەي ئۇنسىز چەكچەيگىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. ئىشخانىنىڭ تاملىرى پىرقىرايتتى، ئۇ ئولتۇرغان ئورۇندۇق قىيشايماقتا ئىدى. ئۇ يىقىلىپ كىتىشتىن قورقۇپ ئىككى قولى بىلەن ئورۇندۇقنىڭ گىرۋىكىنى مەھكەم قامالاپ گەۋدىسى بىلەن يۆلەنچۈككە تايىنىۋالدى. راستىنلا شۇ قىز ئىدى. قاتناش فورمىسى ئۇنىڭ زىلۋا قامىتىگە چىپپىدە كەلگەن ۋە شۇنچىلىك ياراشقانىدى. ئۇنىڭ گۈزەل كۆك كۆزلىرى ھەيرانلىق، تىڭىرقاش، ئاچچىق ۋە قاتتىق مەسخىرە ئوتلىرى بىلەن يېنىپ ئۇنىڭغا تىكىلگەنىدى. ئۇنىڭ سىرىق بۇدۇر چاچلىرى سەلگىنە قىيشايتىپ كىيىۋالغان فۇراژكىسىغا پاتماي قالغانىدى.

يىگىتنىڭ يۈرىكى ئەنسىز تىپىرلايتتى. ئۇنىڭغا ھاۋا يېتىشمەيۋاتقاندەك، نەپىسى بوغۇلۇپ قالدى. يۈز - كۆزى ئوت بولۇپ كۆيەتتى. ئۇ، قىزنىڭ سوراق، تەئەججۇپ ۋە ئاچچىق مەسخىرە چىقىپ تۇرغان نەشتەردەك كۆزلىرىدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ يەرگە قارد-

ۋالدى. شۇ تاپتا كىردۋالغۇدەك بىرەر تۆشۈك بولسا، ھېچ نەرسىگە قارىماي ئۆزىنى ئاشۇ تۆشۈككە ئاتار ئىدى. ئاھ خۇدا، نېمە كارامەت بۇ؟

— قېنى پۇلنى تاپشۇرۇپ، بۇنىڭغا قول قويۇڭ!

قىز ئاخىرى زۇۋان سۈردى. ئۇنىڭ ئاھاڭىدىن كەمسىتىش ۋە زەردە چىقىپ تۇرسىمۇ يىگىت ئىچىدە ئۇھ! دەۋالدى. چۈنكى قىز «ھەي لۈكچەك، ئەمدى قىلە قىلىدىغىنىڭنى!» دەپ ئۇنىڭ بوغۇزىغا چاڭ سالمىغانىدى.

ئەزايىنى مۇزدەك تەر بېسىپ، ساراسىمە ئىچىدە قالغان يىگىت تىترەپ تۇرغان قولىدا تىرىش يانچۇقىدىن پۇلنى چىقاردى ۋە ئورنىدىن تەسلىكتە تۇرۇپ ئۈستەل ئالدىغا كېلىپ باشلىقنىڭ ئالدىدىكى قەلەمنى قولىغا ئالدى.

قىزنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭغا تىكىلگەنىدى.

— ئەمدى كەتسەڭ بولىدۇ،— باشلىق «ئىش تۈگىدى» دېگەندەك قىلىپ ئورنىدىن تۇردى.

— رە... رەھمەت...! — يىگىت باشلىققا قاراپ دەرمانسىز پىچىرلىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزى قىزنىڭ كۆزى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى.

— ئەمدى ئىبرەت بولسۇن جۇمۇ! نەمۇنىچى شوپۇر! — قىز زەھەردەك چېقىۋالدى. يىگىت نومۇستىن پۇچىلىنىپ كەتتى. ئۇ لېۋىنى چىشلەپ، قىزغا چىدىماسلىق بىلەن ھومايدى. قىزنىڭ گۈزەل كۆك كۆزلىرى غالىبانە تۈيغۇدا پارلاپ كەتكەنىدى. شۇ تاپتىكى تەكەببۇرلۇق ھالىتى بىلەن بۇ كۆزلەر تېخىمۇ جەزىبىلىك كۆرۈنەتتى. بۇنداق كۆزلەرنى ئەبەدىي ئۇنتۇتقىلى بولمايتتى.

يىگىت دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئارقىسىغا ئۆرۈلدى. شەپقەتسىز، مەككار ۋە گۈزەل كۆزلەر... سېنى ئەبەدىي كۆرەرگە كۆزۈم يوق...

قۇياش پاتتى. چۆل ئاسمىنى كۈڭگىلاشتى. سېرىق تۇمان توزۇپ كەتتى. نەلەرگە يوقالدىكىن؟ ئېرىپ كەتتىمكىن ياكى ئاشۇ ئوتلۇق قۇياش بىلەن كېتىپ قالدىمىكىن؟ شۇنداق، سېرىق تۇمان ئاشۇ قۇياشتىن كەلگەنىدى. ئۇ قۇياش، پۇرقىغان ھارارەت ئىدى. ئۇ ئۆزى ئىگىلىگەن پايانسىز بوشلۇقنى دەسلەپتە كۈمۈش رەڭ، كېيىن كۆل رەڭ، ئەمدىلىكتە بولسا قاپقارا تۇمانغا بوشىتىپ بېرىپ ئۆزى قۇياش بىلەن بىللە كېتىپ قالدى. نەلەرگە يوقالدى؟ راست قۇياش نەگە كەتكەنىدۇ؟ نەگە كېتىدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ ماكانى نەدىدۇر؟ يەرنى يۇمىلاق دېيىشىدىكەن، شۇنداق ئوقۇغان ئىدۇق — يەر توخۇمغا ئوخشارمىش، ئەگەر توخۇمغا ئوخشىسا كۆل، دەريا، دېڭىز - ئوكيانلاردىكى لىپمۇلىپ سۇ يەر شارىدىن تۆكۈلۈپ ئالەمگە — بوشلۇققا ئېقىپ كەتمەمدۇ؟ قېنى، شۇنداق دېگەنلەر توخۇمنىڭ ئېشىدا بىر تامچە سۇنى توختىتىپ كۆرسۇنچۇ؟!... توخۇمدەك دېگىنى يالغان! بىز پەقەت بىر تۈزلەڭدە، بىر چەكسىز تەكشىلىكتە ياشايمىز، دەريالار پەقەت مۇشۇنداق تەكشىلىكتىلا ئاقالايدۇ. توخۇمدەك بولسا... مەكتەپتە ئوقۇغان چاغدا ئەجەب مۇشۇنداق سوئالنى ئويلىمىغان ئىكەنمەن، توغرا، ئۇ چاغدا كىمنىڭ چولىسى؟ لېكىن بۈگۈن، ياق مۇشۇ قېتىملىق سەپەر ئۈستىدە ئويلاپ قېلىۋاتىمەن، نېمىشقا ئۆزۈمچىلا يەر - زېمىن توغرىسىدا، يەنە... يەنە

ئادەملەر توغرىسىدا، روزىكام ئەمەسمۇ، كۆك كۆز گۈزەل، ئادىمىكام، ھەسەن پولو، چۆلدىكى ئېشەكچى، شۇدىرغاندا قېلىپ قارغا كۆمۈلۈپ قالغاندا يول ئېچىپ ماڭغان ئۇستام، قار ئاستىدا قېلىپ ئۆلگەن شوپۇرلار، يەنە ھېلىقى يول ئۈستىگە تاۋۇز شاپىقى قويۇپ كەتكەن نامەلۇم شاپائەتچى، ھېلىقى ئىككى ئامېرىكىلىق... يەنە... ياق، راست، مېنىڭ كۆزۈمگە يەر يۈزى تەپتەكشى كۆرۈنگەن بىلەن، راستىنلا بىر تەرىپى ئېگىز ئوخشايدۇ... ياق، ھايات ئەسلىدىكى ھالىتىدە بىر تەرىپى ئېگىز، بىر تەرىپى تۆۋەن ئىكەن، ئادەملەر ھاياتىنىڭ تۆۋىنىدە تۇغۇلۇپ، يۇقىرىسىغا قاراپ ياشىشىدىكەن، بىر ئۆمۈر... شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھايات، ياشىماق بەك مۇشكۈل، بەك قىيىن، بەك جاپالىق ئىكەن. جاننى ئالقانغا ئېلىپ قويۇپ، تۇمشۇقنى يەرگە تىرەپ تىرىشىپ - تىرماشمىسا ياشىغىلى بولمايدىكەن... راست، زېمىننىڭ، ياق ھاياتنىڭ بىز تىرىشىپ يەتمەكچى بولغان بىر تەرىپى — ئاشۇ ئۈپۈق تەرەپ بەك ئېگىز ئوخشايدۇ! روزىكام ئەمەسمۇ، ھېلىقى تاۋۇزنىڭ ئىگىسى يەتمەكچى بولغان تەرىپى... مانا، بۈگۈنكىدەك ياشايدىغان گەپ ئىكەن-دە! ئىلگىرىمۇ ياشىغان، لېكىن كۈتۈپ، پەقەت كۈتۈپلا... بىرسىنىڭ مۇشەققەت ئىچىدىن مېنى لىككىدە كۆتۈرۈپ بىر راھەت باغقا يۆتكەپ قويۇشىنى كۈتۈپلا يۈرۈپتىمەن. ھېلىقى ئۇستام، قولىقى ئۈششۈپ قالغان ئۇستام مېنى، ياق بىزنى ئاشۇنداق قۇتقۇزۇپ قالغانىدى، ئەمدى مانا بۈگۈنمۇ مېنى يەنە نۇرغۇن ئادەملەر قۇتقۇزۇپ قالدى — روزىكام ئەمەسمۇ، ھېلىقى تاۋۇز شاپىقىنىڭ ئىگىسى، ھېلىقى مۇز داۋانىدا قولىقى ئۈششۈپ قالغان ئادەم!... يەنە ھېلىقى كۆك كۆزلۈك گۈزەل... مېنى قۇتقۇزۇپ قالدى. ھېلىقى ئامېرىكىلىقلارنىمۇ ھەم... ئاپلا، ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالى چاتاق، جېنىم تۇمشۇقىمغا كېلىپ قالدى، ماشىنام تېخى يېرىم جان... ياق، مۇشۇنداق ئويلىساملا، ھوشۇمدىن كەتمەيمەن، ئۆلۈپ قالمايمەن. مۇشۇلارنى ياق، ئاشۇلارنى ئويلاشنى ئۆگىنىۋالدىم. مانا ماشىناممۇ بىر ئوبدان مېڭىۋاتىدۇ... بىر قەدەم، بىر قەدەمدىن بولسىمۇ مېڭىۋاتىدۇ. بىز مېڭىۋاتىمىز...! ياشىسۇن مېڭىش! چاق چۆگىلەپلا بەرسە، ئۆلۈم بىلەن مېنىڭ ئارىلىقىم ئۇزىرايدۇ، كالۇن بىلەن مېنىڭ ئارىلىقىم قىسقىرايدۇ... لەنەتكەردى چۆلنىڭ جېنى ئاجىزلاپ ئۆلىدۇ. چۆل ئۆلىدۇ، مەن ئۆلمەيمەن، مەن دېگەن ۋاقىتتا، بەلگىلەپ بېرىلگەن سائەتتە كالۇنغا ئۈنىمەن! چوققىدا... چوققىدا پەيدا بولىمەن... ھەسەن پولو يامشىۋاتقان چوققىدا... ماشىنامنىڭ يۈرۈشى يەڭگىلىلەپ قالدى، قاراماي يولىغا ئۇلىشىپتىمەن، ئاھاي! قاراماي يول! سالام قاراماي يول، ئۇماق، گۈزەل قاراماي يول! مېنىڭ قېرىنداشىم، ئاغىنەم، دوستۇم قاراماي يول! ياشىسۇن قاراماي يول!

ئەمدى كاتاڭ يولنىڭ جازاسىدىن قۇتۇلدۇم، ئەمدى... ئەمدى مېڭىشىمنى كۆر!

ياشىسۇن قاراماي يولدا مېڭىش!

مەن سايغا قارىدىم، قارا تۇمان يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئەمدى چۆلنىڭ نېرىسىنى كۆرگىلى بولمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ھاۋامۇ خېلىلا سالقىنلاپ قالدى. چۆل كېچىسى سوغۇق بولىدىكەن. ئەتىگەندىن بۇيان چەكسىز كەڭلىكتە بەك غېرىبلىق باسقانىدى. ئەمدى يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان قاپقارا تۇمان بىلەن چەكسىز كەڭلىك تارايدى. تار-

لىشىۋاتقان بوشلۇقتا ئۆزۈمنى خېلى بەردەم ھېس قىلىۋاتىمەن. ئاسماندا تۇنجى يۇلتۇز چاقناشقا باشلىدى. نېمىدېگەن گۈزەل - ھە، چۆلنىڭ كېچىسى! مەن كىچىك چىراغلارنى ياقتىم. يول بەكمۇ سىلىق، ئەينەكتەك؛ چاقلار قايچىلىپ قالمايدۇ. چىراغلارنىڭ غۇۋا شولىسى قاراماي يول يۈزىدە يەڭگىل تىترەيدۇ. مەن سۈرئەتنى بارا - بارا تېزلەتتىم. بىر مىڭىپ باقاي ئەمدى! بېشىم يېرىلىپ كېتىدىغاندەك ئاغرىيدۇ. كانىيىم ئىششىپ كەتكەن ئوخشايدۇ. تۇكۇرگۈمنىمۇ يۇتالمايمەن. باياتىن سەل پەسەيگەندەك بىلىنگەن قىزىتما يەنە ئۆرلىگىلى تۇردى. تىنىقىمدىن ئوتنىڭ ھارارىتى كېلىدۇ. قولۇمنىڭ بېغىشى ئىششىپ كەتتى، ئاغرىقىدىن جېنىم سىرقىرايدۇ. تىزىممۇ مىخ قاققاندەك زىڭىلدايدۇ. مېڭەمنىڭ ئىچىدە ھېلىقى لەنىتى قىزىللىق، يالقۇن رەڭ، قان رەڭ قىزىللىق لۇغۇلدايدۇ. بۇ قىزىللىق گاھىدا كۆزۈمنى تىوسىدۇ. بۇنداق چاغدا ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەي قالىمەن، مەن لېۋىمنى قاناپ كەتكۈدەك دەرىجىدە چىشلىدىم. كۆزۈمدىكى قىزىللىق يوقتى. كۆز ئالدىم يەنىلا غۇۋا بولسىمۇ بايىقىدىن خېلىلا روشەنلىشىپ قالدى. لېكىن بۇ ئۆلگۈر قىزىللىق يەنە مېڭەمگە يىغىلىۋالدى. مېڭەمنىڭ ئوتتۇرىسىنى كۆيدۈرۈۋاتىدۇ. بۇ كۆيۈكنىڭ ئاغرىقى ھەلىتىلا، خۇددى كىمدۇر بىرى قىزىتىلغان تۆمۈر چوتكا بىلەن مېڭەمنىڭ يۇمشاق ئۈيۈمىسىنى چوتكىلاۋاتقاندەك بىلىنىدۇ، تووۋا، ئاغرىقىنىڭمۇ تەمى ئوخشىمايدىكەن - دە؟! ئاستا - ئاستا تەدرىجىي ھالدا مېنىڭ ئەتراپىمدىكى بوشلۇق يوقالدى، ئاخىرى جېرى ۋاقتىمۇ يوقالدى، كەڭلىك ۋە چەكسىزلىك، ۋاقىت ۋە تۇيغۇ ھەممىسىلا يوقالدى. بىر بىرلەپ... ئەسلىدە غايەت زور، كېلەڭسىز، بىر گىگانت مەخلۇق ئەتراپىمنى، بوشلۇقنى، كەڭلىكنى، چەكسىزلىكنى، ۋاقىتنى، ۋاقىت ھەم مەۋجۇتلۇق دېگەن ئۇقۇمنى ئىگىلىۋالغاندى. ئۇ مەخلۇق قاپقارا ئىدى، باش كۆزى، پۇت - قولى، گەۋدىسى، شەكلى يوق ئىدى. ئۇ پەقەت ھەممىنى، مېنى ۋە ماشىنامنى قاپساپ كېلەتتى. ئۇ بۇلۇتتەك قېلىن، ھاۋادەك شەكىلسىز، تۇماندەك يەڭگىل ئىدى. تىۋىش چىقارمايتتى. ياۋاش ھەم رايىش كۆرۈنەتتى، لېكىن ئاشۇ شەكىلسىزلىك، زېچلىق، يەڭگىللىك ۋە جىمجىتلىق ئىچىدە ئۇنىڭ قۇدرىتى، ئۇنىڭ تاقەتسىزلىكى، ئۇنىڭ تەرسالىقى، ئۇنىڭ ئايانمايدىغان ئىرادىسى ئاپئاشكارا بىلىنەتتى. ئۇ ھەر نەپەس، ھەر دەقىقە چەكسىز زورىيىپ، قېلىنلاپ، قويۇقلىشىپ، ئېغىرلىشىپ باراتتى. ھەممە نەرسىنى سايىنى، تاشنى، يولنى، ماشىنىنى، مېنى، خىيال - تۇيغۇم بىلەن قوشۇپ يوقلۇققا، ۋاكۇئۇمغا، مۇئەللەققە، شەكىلسىزلىككە ئايلاندۇرۇپ باراتتى... ئۇ ھەممىنى يالماپ - يۇتۇپ كېلەتتى. ئۇ ماڭمايتتى، لېكىن ھېچ نەرسە ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى، دەريادەك كېتىۋاتقان ماشىناممۇ ئۇنىڭ شەپقىتىدىن قۇتۇلالمايۋاتاتتى. ئۇ قىستاپ، باغرىنى ئېچىپ كەلمەكتە ئىدى. ماشىنامنىڭ سۈرئىتىنى تېزلەتكەنسېرى ماشىنام ئۇنىڭ قاپقارا ھاڭدەك تەگسىز چوڭقۇرلۇقىغا تېخىمۇ چوڭقۇر شۇڭغۇماقتا، پاتماقتا ئىدى...

مەن ئالدىراپ - تېنەپ چوڭ چىراغلارنى يېقىۋەتتىم. كۈچلۈك چىراغ نۇرى ھاۋانى ئىككىگە بۆلۈپ يىراق - يىراقلارغا سانجىلدى. مەن ۋە مېنىڭ ماشىنام ئاشۇ نۇر خەنجەرلىرى ئاچقان تارغىنە يولەكتە ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ، تىمىسقىلاپ كېتىپ بارىمىز. بەختسىز

قاراماي يول ئارقىمىزغا يۈگۈرەيدۇ... ئۇشتۇمتۇت، ئالدى تەرىپىمىزدە ئاسماننى پەلەك چوقچىيىپ تۇرغان بىر تاغ پەيدا بولۇپ قالدى. تاغنىڭ ئۇزۇنلۇقى پەقەت ئىككى-ئۈچ يۈز مېتىرچىلا كېلەتتى. قىزىق، بۇ تاغ تاق يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا غودۇيۇپ تۇراتتى. مەن بىردىنلا ھولۇقتۇم. يولدىن ئازمىغاندىمەن؛ يۈرىكىم ئاسىقىپ كەتتى. خۇددى بىرسى ئەتەي ياساپ قويغاندەك، ساي يولىنىڭ قاپ بېلىدىن ئۈنۈپ چىققان قانداق تاغ-بۇ؟! مۇبادا، يول راستتىنلا مۇشۇ يەردە ئاخىرلىشىدىغان بولسا تۈگەشكىنىم شۇ! يولدىن ئازغان بولۇپ چىقىمەن، ئۇ چاغدا...

مەن كۆزلىرىمنى يوغان ئېچىپ تاغقا ۋەھىمە ئىچىدە تىكىلدىم. بىردىنلا تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئاراشىنىڭ بارلىقىنى بايقاپ قالدىم-دە، گازنى تېخىمۇ كۈچەپ باستىم. قارىسام يول تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىكەن. يول بەك تار، تاغ بەك ئېگىز بولغىنى ئۈچۈن يىراقتىن قارىسا بۇ تاغ تۇتاش كۆرۈنىدىكەن. يۈرىكىم جايىغا چۈشتى. ھەرھالدا بايا مەن قىياس قىلغان ئاۋارىچىلىق ۋە قورقۇنچلۇق ئاقىۋەت يوققا چىقتى، مەن گازنى تېخىمۇ كۈچەپ بېسىپ، چىراغ نۇرىنىڭ باشلامچىلىقىدا تاغنىڭ قىسىلچىقىدىكى تار يولغا ماشىنامنىڭ بېشىنى تىقتىم. شۇ چاغدا، بىردىنلا كونا شوپۇرلارنىڭ «دەرۋازا تاغ» ھەققىدىكى پاراڭلىرى ئېسىمگە چۈشتى. توغرا! «دەرۋازا تاغ» دېگىنى مۇشۇ ئىكەن-دە، دېمىسىمۇ بۇ تاغ يول ئۈستىگە ياساپ قويغان بايرام دەرۋازىسىغىلا ئوخشايدىكەن. كونا شوپۇرلارنىڭ «بۇ يەردە قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ قاتتىق جەڭلەر بولغان، نۇرغۇن قان تۆكۈلگەن ئىكەن. كۈندۈزى ماڭسا يولبويىدا ئاقىرىپ ياتقان ئادەم سۆڭەكلىرىنى ھەر قەدەمدە ئۇچراتقىلى بولىدىكەن. مۇبادا بۇ يەردە قونۇپ قالسا، كېچىسى كىملەرنىڭدۇر زارلاپ يىغلىغىنى، قاقاقلاپ كۈلگىنى ئاڭلىنارمىش، گاھىدا قىلىچ-گۈرزىلەرنىڭ بىر-بىرىگە تېگىپ جاراڭلاشلىرىنى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرىنى، ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرىنى، ئايالنىڭ ئېيتقان مۇڭلۇق ھازا كۈيىنى، بوۋاقنىڭ چىرقىراپ يىغلىغىنىنى ئاڭلىغىلى بولىدىكەن. ھەتتا باش-بويى پاكىز بولمىسا، ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان ماشىنىمۇ ھېچ سەۋەبسىزلا ماڭالماي توختاپ قالارمىش، ئۇ يەردىن ئۆتكەندە چوقۇم ئايەت ئوقۇپ، روھ-ئەرۋاھلارغا دۇئا قىلىپ ئۆتمەك كېرەك» دېگىنىنى ئاڭلىغانمەن. راستىنى ئېيتسام، كىچىكىمدىنلا جىن-ئالۋاستىلار توغرىسىدىكى ھېكايە-چۆچەكلەرنى ئاڭلاشقا ئامراق ئىدىم. (لېكىن، «جىن» دېسە سىيىپ تاشلىغۇدەك قورقاتتىم.) شۇڭا بۇ تاغ توغرىسىدىكى قورقۇنچلۇق گەپ-سۆزلەر مېڭەمگە قاتتىق ئورناپ كەتكەنىدى. ئەمدى بىر تەنھا ئۆزۈم، تۈن كېچىدە، ئۆلۈك بىلەن تىرىكنىڭ ئايرىلىقىدىكى ئەھۋالدا مانا شۇ جىنلىق دەرۋازا تاغدىن ئۆتۈپ كېتىپ باراتتىم.

مەن گازنى جېنىمنىڭ بارىچە بېسىپ كېسىك تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ كەتتىم. خۇداغا شۈكرى، دەرۋازا تاغدىن چىقىۋالغۇچە ماڭا ھېچقانداق غەيرىي ئاۋاز ياكى شۈبھىلىك شەپە بىلىنمىدى، ئادەملەر بۇ تاغنىڭ خۇددى مۆجىزىدەكلا تۈپتۈزلەڭ سايدىن دوققىدە ئۈنۈپ چىقىپ قالغىنىغا قاراپ ۋە بۇ ھادىسىنى چۈشىنەلمىگەچكە ئۇنى تېخىمۇ سىرلىقلاشتۇرۇپ بۇ تاغ ھەققىدە ئاغزىغا كەلگىنىچە ئەپسانە رىۋايەتلەرنى توقۇۋالغان ئىكەن دەپ

ئويلاپ قالدىم مەن.

ئەھۋالىم بارغانسېرى ناچارلاشماقتا ئىدى. قىزىتمام زادى پەسەيمەيۋاتاتتى. پۈتۈن ئەزايىم چېقىلىپ ئاغرىيتتى. بۇ ئاغرىقنىڭ دەستىدىن، ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق دېگەنلەر نەلەردە قالدى، ھېلىدىن ـ ھېلىغا ھوشۇمدىن كېتىپ قالدىغاندەكلا. ئۆزۈمنى بەكمۇ مەھكەم تۇتمىسام ئىش چاتاق ـ زادى. قاپاقلىرىم تاش ئېسىپ قويغاندەك تۆۋىنىگە تارتىدۇ، كۆزۈمنىڭ قاراقلىرى پات ـ پات يۇقىرىغا تارتىلىدۇ. بۇنداق چاغدا، ئىككى چىراغنىڭ نۇر دەستىسى كۆزۈمگە ئالتە ـ سەككىز بولۇپ كۆرۈنىدۇ. تۇرۇپ ـ تۇرۇپ، يولنىڭ بىر تەرىپى قىيسىيىپ، ماشىنا بىر قارا ھاڭغا غۇلاپ كېتىۋاتقاندەك ئۆزۈمچە چۆچۈپ كېتەتتىم ـ دە، دەررۇ رولغا جان ـ جەھلىم بىلەن يېپىشىپ رولنى بىر تەرەپكە ئۇراتتىم. كۈچ ـ ماغدۇرۇم تۈگەپ كېتىۋاتقاندەك بولۇۋاتاتتى. مۇشۇنداق بولۇۋەرسە تاڭ ئاتقىچە جېنىم چىقىپ كېتەمدۇ نېمە دەپ قورقۇپ قالىمەن. لېكىن يەنە ئۆزۈمگە رىغبەت بېرىمەن ــ مۇشۇنداقلا ئۆلۈپ كېتەمسەن ئەخمەق! ئەڭ بولمىسا كالونغا يېتىپ بېرىشىڭ، جان بەرسەڭمۇ كالون باشلىقىنىڭ قۇچىقىغا يىقىلىپ جان بېرىشىڭ كېرەك! سېنىڭ قانداق شوپۇر ئىكەنلىكىڭنى ئۇلار كۆرۈپ قويۇشسۇن! ھەسەن پولودەكلەرنىڭ بىر قېتىممۇ پايلىماي يېرىم يولدا جا پېرىپتۇ دەپ كۈلۈشكە يول قويامسەن لاتا! چىڭ تۇر دەيمەن ئېشەك سويىدى...

مەن پۈتكۈل غەيرىتىمنى يىغىپ قەدىمىمنى رۇسلاپ رولنى تېخىمۇ مەھكەم قاماللىدىم ۋە قېلىن تۈن پەردىسىنى يىرتىپ شۇڭغۇپ سويلاۋاتقان چىراغ نۇرى ئاستىدا سوزۇلۇپ ياتقان قاراماي يولغا تىكىلدىم. مېڭەمدە تۇرۇپلا ھەرخىل سۈرەتلەر ئەكسلىنىپ قالاتتى. مەن يولغا تىكىلىپ ئولتۇرۇپ، مېڭەمدە ئۆزۈلمەي ئەكسلىنىۋاتقان سۈرەتلەرنى بىر ـ بىرلەپ كۆزدىن كەچۈرۈشكە باشلىدىم. بۇلار شۇ تاپتا مەن ئۈچۈن بىر قىزىق ئەرمەك بولدى. ئۇلار ــ ئادەملەرنىڭ سۈرەتلىرى ئىدى. ئۇ سۈرەتلەردىكى ئادەملەرنىڭ چىرايى ماڭا تونۇش، لېكىن خېلى زامانلاردىن بۇيان ئۇنتۇلغان چىرايلار... ماۋۇ ۋاپات بولغىلى ئۇزۇن بولغان دادامنىڭ چىرايى. دادامنىڭ چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ھەرقاچانلا بىر خىل مېھرى بىلەن يېنىپ تۇرىدىغان كۆزلىرى مېنى ئەركىلىتىۋاتىدۇ. دادام ئېگىز بويلۇق، بويى بەستى تولىمۇ كېلىشكەن، قامەتلىك ئادەم. دادامنىڭ ۋۇجۇدىدىن ھەرقاچانلا بىر خىل قەتئىي ئىرادە، كۈچ، ئەقىل ۋە پەزىلەت نامايان بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ چەۋەندازلارغا خاس يارالغان پۇت ـ قوللىرى شۇ قەدەر كۈچلۈك... دادام كۈلۈمسىرىگىنىچە مېنىڭ ئالدىمغا كەلدى ۋە يىرىك لېكىن ئىسسىق ئالقىنىدا مېنىڭ بېشىمنى ئۇزاققىچە سىلىدى. شۇ ھامان پېشانەم كۆيگەندەك قىزىپ كەتتى، دادام مېنىڭ ئاغرىپ تۇرغان قولۇمنى ئالىقانلىرى بىلەن سىلاشقا باشلىدى. قولۇمنىڭ ئاغرىقى شۇ ھامان توختاپ قالدى. قارىسام، دادامنىڭ يېنىدا بىر ئايغىر كىشنەپ تۇرۇپتۇ. دادام بىر ئۆمۈر ئاتتىن ئايرىلمىغان، ئاتنى تولىمۇ بەك ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئاتنىڭ ياخشى ـ يامىنىنى ھەر قانداق ئادەمدىنمۇ ياخشى بىلىدىغان ئاتخۇمار ئادەم ئىدى. ياشلىقىدا ئات بىلەن نۇرغۇن جەڭلەرگە قاتناشقان، قەشقەر بىلەن قۇمۇلغىچە بولغان جايلارنى كۆپ قېتىم ئاتلىق كەزگەن بىر باھادىر چەۋەنداز ئىدى. ھازىرمۇ دادام ئاشۇ ئاتتىن ئايرىلماپتۇ... ئاجايىپ

ئۇلۇغ ئەرلەرلا، ئۆز ئەقىدىسىگە مۇشۇنداق سادىق بولالايدۇ! مېنىڭ دادام ئەنە شۇنداق بىر ئۇلۇغ ئەركەك!... دادام مېنى يەردىن لىككىدە كۆتۈرۈپ چاپچىپ تۇرغان ئاق ئايغىرغا مىنگۈزدى ۋە قولى بىلەن ماڭا يىراقنى — ئاقىرىپ تۇرغان ئۇپۇقنى كۆرسەتتى. ئاندىن ماڭا ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا دۇئا قىلدى. مەن ئاق ئاتنى دېۋىتىپ، ئاقىرىپ كۆرۈنۈۋاتقان ئۇپۇق تامان ئات سالدىم. ئېتىم دۇلدۇل ئىدى. ئۇ مېنى ئېلىپ خۇددى قۇشتەك «لەپپىدە» كۆتۈرۈلۈپ ئۇچۇشقا باشلىدى. شامال چاچلىرىمنى يەلپۈيتتى. ئاق كۆڭلىكىم شامالدىن شاردەك كۆپەتتى. قۇلىقىمغا گۈلدۈرلىگەن بىر ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. نېمە ئاۋازكىنە؟ ئاتنىڭ تۇيىقى يەرگە تەگمىسە... شامالنىڭ ئاۋازى، ياق، ماتورنىڭ ئاۋازى... ماشىنا ماتورىنىڭ... مانا ماۋۇ سۈرەتتىكى بىر مەھەللىدە ئويناپ چوڭ بولغان رۇقىيە، يەنە تۇرسۇن گۈل، پاتىمە، مارىيە، ساجىدە... ئۇلار مەھەللىلىك ساۋاقداشلىرىم. ساجىدە قەشقەرگە كۆچۈپ كەتكەن، يەنە بەزىلىرى چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەن ۋە بەزىلىرى ئۈرۈمچىدە... قاي زامانلار-ھە؟... ئۇلار قولاقلىرىغا تۆت قۇلاقلارنى قىسىشىپ، دەريا قىرغىقىدىكى كوكات-چىملىقلاردا ئولتۇرۇپ، پۇتلىرىنى دەريا سۈيىگە چىلىغان ھالدا «يىراقتىن كۆرۈنەر ياڭغۇز بىر يەلكەن» دېگەن رۇس ناخشىسىنى ئېيتىۋاتىدۇ. بىرنەچچە ئوغۇل دوستلىرىم بىلەن ئۇلارنى چۆرىدەپ، دەرياغا يۈزلىنىپ ئۆرە تۇرىمىز، مەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ گارمۇشكام بىلەن تەڭكەش قىلىمەن، كېيىن ھەممىمىز جور بولۇپ «ئۈچ تانكىست»، «بايكال كۆلى»، «كاتيۇشا»، «چىغىر يول»، «دالا گۈلى»، «ئوكرائىن دالىسىدا»، «قېلىن قىزچاق تانيۇشا» دېگەن ناخشىلارنى توۋلايمىز. ۇ ناخشىلارنىڭ بەزىلىرىنى بىزنىڭ سۆيۈملۈك ۋە گۈزەل مۇئەللىمىمىز سەلىمەبانۇ خانىم ئۆگىتىپ قويغان، بەزىلىرىنى مەھەللىمىزدىكى ئىۋان، پېتىر دېگەن بېلىقچى رۇسلاردىن ئۆگىنىۋالغان... بوستۇن ئۇيغۇر تۈرك پادىشاھلىقىنىڭ شاھزادىسى قايدۇنىڭ نامى قويۇلغان قايدۇ دەرياسى بىزنىڭ شەھىرىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. بىز ئاشۇ ئۇلۇغ ئانا دەريانىڭ باغرىدا چوڭ بولغان. باغراش كۆلى (بوستۇن كۆلى) قايدۇ دەرياسى بىر-بىرىگە تۇتاش، بوستۇن پادىشاھىنىڭ ئېتى ئىكەن، قايدۇ شاھزادىسىنىڭ ئېتى ئىكەن. ئۇيغۇر خەلقى ئۆزلىرىنىڭ شاھلىرىنى ئۇلۇغلاپ، ئەۋلادلىرىمىز ئەبەدىي ئۇنتۇتماغاي دەپ بۇ دەريا ۋە كۆللەرنى شۇلارنىڭ ئېتى بىلەن ئاتىغانىكەن، ھازىرمۇ خەرىتىلەردە بىزنىڭ دەريا «كايدۇ» دەپ، باغراش كۆلى «بوستۇن» دەپ يېزىلىدۇ. بۇ ئۆزگەرگىنى يوق ۋە ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ! باغراشمۇ بوستۇن شاھىنىڭ نەۋرىسى، جەڭگىۋار ئۇيغۇر تۈرك پادىشاھىنىڭ ئېتى. كېيىن بۇ ئۇلۇغ خاقانىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇلۇغ بوۋىسىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان بوستۇن كۆلى باغراش كۆلى دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان. قايدۇ دەرياسى بەك گۈزەل ۋە بۈيۈك دەريا، كەڭلىكى بىر كىلومېتىر كېلىدۇ. سۈيى كۆپكۆك، قىرغاققا تولۇپ لەمشىپ ئاقىدۇ. دەريانىڭ ساھىلى ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئورمان. دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پارچە-پارچە تالزار ئاراللار گۈزەل ئارامگاھ باغچىلارغا ئوخشايدۇ. يىراقتا سالچىلارنىڭ، بېلىقچىلارنىڭ ھايقىرىشلىرى، ناخشىلىرى، كۈلكىلىرى جاراڭلايدۇ... كېچىدە دەريا ساھىللىرى ئۇلار ياققان گۈلخان يورۇقىدا

نۇرلىنىپ كېتىدۇ...

تۇن يېرىمىدىن ئېشىپ قالغانىدى. ماشىنام ئالۋاستىدىن قورقاندەك تاكىراڭلاپ چاپماقتا ئىدى. قاراماي يولىنىڭ ئۈستىدىكى ئويمان - چوڭقۇرلار چىراغ يورۇقىدا گاھ يوغىناپ، گاھ كىچىكلەپ قالاتتى. نۇر دەستىسى تۇن باغرىنى جىجاپ - جىجاپ سەكرەيتتى. مەن كۆزۈمنى زورىغا چوڭ ئېچىپ قاراڭغۇلۇق قوينىغا پېتىپ ياتقان ساي تەرەپكە كۆز تاشلىدىم. ماشىنام گويا ناھايىتىمۇ قېلىن ۋە ئېگىز تامنىڭ ئارىلىقىدىكى تارغىنە يولەكتە كېتىپ بارغاندەك ئىدى. ئىككى تەرەپتە ئاشۇ قېلىن قاراڭغۇلۇقتىن باشقا ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ماشىنا چىرىغى پەيدا قىلغان تارغىنە يولەكنىڭ ئاخىرى كۆرۈنمەس ئىدى. گويا بۇ يولەك ئۇ دۇنيا بىلەن، ئەرش بىلەن، دوزاخ بىلەن تۇتاشقاندەك ئىدى. مۇشۇ يۈرۈشتە مېڭىۋەرسەم بىردىنلا ئۇ دۇنياغا چىقىپ قالىدىغاندەكلا سېزەتتىم.

بىر كەمدە كىمدۇر بىرى «قارا!» دېگەندەك قىلدى. مەن كابىنكىنىڭ يان كۆزنىكىدىن قارىدىم. يولنىڭ چېتىدە مۇشتۇمدەك بىر يورۇقلۇق لۇغۇلداۋاتاتتى. ئۇ قىزغۇچ- سېرىق بىر كاللەك نۇر ئىدى. ياق نۇر دېسەم بولمىغۇدەك، نۇر دېگەن ئەتراپقا تارايدۇ. ئۇنىڭ باش - ئايىغى بولىدۇ. ھەر قانچە كىچىك بولسىمۇ مەلۇم بىر دائىرىنى يورۇتىدۇ. لېكىن ماڭا كۆرۈنۈۋاتقان بۇ يورۇق خۇددى شالۋەرەپ تۇرغان جاراھەتنىڭ ئاغزىدەك قىزىرىپ تۇراتتى. ئەتراپقا نۇر چاچمايتتى. پەقەت ئۆزىنى ئۆزى يورۇتۇپ قىزىرىپلا تۇراتتى. مەن مەست ئادەمدەك كۆزۈمنى يىرتىپ ئېچىپ ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىدىم— بۇ يورۇق يەردىن ئادەم بويى ئېگىزلىكتە كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. ئۇنى ئېسىپ قويۇلغان چىراغمىكىن دېسەم، بۇ يەردە نە بىر تۈپ دەرەخ، نە بىرەر ئۆي يوق، ھاياتتىن ئەسەر يوق قاپقارا دەشتتە ئۇنى كىم نېمە ۋەجىدىن ۋە نەگە ئېسىپ قويىدۇ؟

مەن بىردىنلا چۆچۈپ كەتتىم. شۇ تاپتا ماشىنام بەشىنچى خوتتا گۈلدۈرلەپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ يورۇقنى كۆرگىنىمگە بىرنەچچە مىنۇت بولدى. بۇنچە ۋاقىت ئىچىدە ھېلىقى يورۇق ئاللىقاچان ئارقىدا قېلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن قىزىق يېرى، بۇ يورۇق ھازىرغىچە ماڭا ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تېخى يېقىنلا يەردىن! مەن گازنى كۆچەپ باستىم. ماشىنام ئالغا تاشلاندى، لېكىن ھېلىقى يورۇق يەنىلا يېنىمدا كۆرۈنۈپ تۇراتتى، تۇۋا! چەكسىز دەشت، تۇن نىسپى، قېلىن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يېگانە، بىر تال غەلىتە يورۇق... بەدىنىم تىكەنلىشىپ، ھەر بىر تال چېچىمنىڭ بىر - بىرلەپ تىككىدە بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئولتۇرىمەن. يۈرىكىم ئاسقىپ ئاغزىمغا تىقىلىپ قالدى. مەن گازنى جېنىمنىڭ بارىچە بېسىپ ماشىنىنىڭ سۈرئىتىنى ئاخىرقى چەككىچە يەتكۈزدۈم. مەن ھېلىقى يورۇقنى دەسلەپتە كۆرگەندە ئادەم بار يەرگە كېلىۋاتقان ئوخشايمەن دەپ خۇشاللانغانىدىم. لېكىن ۋاقىت ئۆتكەنسېرى بۇ يورۇق ماڭا غەلىتە بىلىنىشكە، ئەمدى بولسا مېنى قورقىتىشقا باشلىدى. ئەمدىلىكتە مەن بۇ غەلىتە يورۇقتىن قېچىپ قۇتۇلۇشنىڭ كويىغا چۈشتۈم. لېكىن ماشىنامنىڭ سۈرئىتىنى قانچە ئاشۇرسامۇ ھېلىقى لەنىتى يورۇقلۇق ماشىنامنىڭ سۈرئىتى بىلەن ئوخشاش تېزلىكتە ماشىنامغا ياندىشىپ كېلىۋاتىدۇ...

ئاھ خۇدا! بۇ نېمە ئىشتۇر ئەمدى...

مەن گازنى كېچەپ بېسىپ، بۇ چەكسىز قاراڭغۇلۇق ئىچىدە سوزۇلۇپ ياتقان يىپتەك تار ۋە گىرىمسەن يولغا، قويۇق ۋە قورقۇنچلۇق قاراڭغۇلۇق ئاستىدا تىنالماي ياتقان چەكسىز بوشلۇققا بىر پاناھ، تەسەللى، ئىشەنچ، كۈچ، ياكى ئۈمىد ئىزدەپ قارايمەن، تەلمۈرىمەن... لېكىن ئۇ يەردە ئاشۇ قورقۇنچلۇق قاراڭغۇلۇقتىن ئۆزگە بىرەر تال ھاشاراتمۇ كۆرۈنمەيدۇ! ئۇشتۇمتۇت ئالدىڭغا قارا! دېگەندەك بىر ئاۋاز زاھىر بولدى. قارىسام ئالدى تەرىپىمدە نەق يولنىڭ گىرۋىكىدە بىر ئادەمنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. شۇ ھامان تومۇرلىرىمغا قان يۈگۈرۈپ يۈرىكىم ئويناپ كەتتى. پۇت-قولۇمغا جان كىرگەندەك بولدى. بايىقى ئويلىغىنىم توغرا ئىكەن، ئەسلىدە ئادەم بار يەردە كېتىۋاتقان ئىكەنمەن دەپ ئويلىدىم مەن ۋە بايىقى ھولۇقۇمدىن كۈلگۈم كەلدى. ھايت-ھۇيت دېگۈچە ئۇ ئادەمگە يېقىنلاشتىم. ئۇ ئادەممۇ چىراغنىڭ يورۇقىدا ماشىنامغا قاراپ بىر قولىنى كۆتۈرۈپ پۇلاڭلاتتى. قارىسام قىز بالا ئىكەن. ئۇ چىراغنىڭ شۇنچە كۈچلۈك يورۇقىدا كۆزىنى مىتمۇ قىلىپ قويماي، مەن تەرەپكە يۈزلىنىپ قېتىپ قالغاندەك چەكچىيىپ قاراپ تۇراتتى. مەن سۈرئەتنى ئاستىلىتىپ ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ماشىنىنى توختاتتىم. شۇ تاپتا ماڭا ھەمراھلىق ئۈچۈن بىرەر مۈشۈك بولسىمۇ بېشىم كۆككە يېتەتتى. شۇڭا ئۇنىڭدىن گەپ سوراشقىمۇ تاقەت قىلالماي بۇ قىز تۇرغان يان تەرەپتىكى كابىنكا ئىشىكىنى دەررۇ ئېچىۋەتتىم. نېمانچە چاققان قىز بالا-بۇ؟ ماشىنا توختاپ بولغىچە كابىنكىغا چىقىپ ئولتۇرۇپ بوپتىغۇ؟ يەنە تېخى كابىنكىنىڭ ئىشىكىنىمۇ يېپىپ ئۈلگۈرۈپتۇ. ئىشىكنىڭ يېپىلغان ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىغىنىم يوق، تازا كۈچەپ جاڭگىدە يېپىسا يېپىلمايدىغان ئىشىك ئىدى بولمىسا! مەن ماشىنىنى ئورنىدىن قوزغاۋېتىپ ئۇ قىزغا سىنچىلاپ قارىدىم. 18 - 19 ياشلاردىكى قىز ئىكەن. ئۇ خۇددى يېڭىلا ھازىدار بولغاندەك باشتىن-بويىغا ئاپئاق كىيىنىۋاپتۇ، ھەتتا ئۆچكىنىڭ قۇيرۇقىدەك دىڭگىيىپ تۇرغان ئىككى تال قىلىپ بوغۇۋالغان قىسقا چېچىدىن تارتىپ، پۇتىغا كىيىۋالغان كېپىشىگىچە ئاپئاق... ئۇنىڭ چىرايىنى دېمەيسىز تېخى! قىزنىڭ پېشانىسى، مەڭزى، قاڭشىرى، تومشۇقى، قۇلاقلىرى، ھەتتا بويىنىمۇ مېنىڭ كۆزۈمگە خۇددى ئۇنىڭغا مىلىنىپ چىققاندەك، ياق، ئاق گەجدە قاتۇرۇلغان ھەيكەلنىڭكىدەك ئاپئاق نۇرسىز لېكىن ئىنتايىن ئېنىق كۆرۈنۈۋاتىدۇ، تۇۋا!

ئۇ كابىنكىغا چىقىپلا ماڭا قاراپمۇ قويماي، قاتۇرۇپ قويغاندەك ئۇدۇلغا چەكچىيىپ ئۈنچىقماي ئولتۇردى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەپتىدىن مۇزدەك سوغۇقلۇق بىلىنىپ تۇراتتى. بۇ قىز نېمە ئىش بىلەن چىققان بولغىيدى بۇ يېرىم كېچىدە؟ قولىدا سەپەرگە چىققان ئادەمگە لايىق بىرەر بوغچىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ، يا ماڭا قاراپ قويمايدۇ، يا بىرەر ئېغىز زۇۋان سۈرمەيدۇ... قەيەرگە بارىدىكىن؟ ۋاي خۇدايىمەي، نېمە بولسا بولامدۇ، ئىشقىلىپ يېنىمدا بىر تىرىك جان ئولتۇرىدۇ. شۇ تاپتا ماڭا كېرىكىمۇ شۇ، بەكلا تارتىنچاق بولسا كېرەك، يا بولمىسا بىرەر دەرد-ئەلەم ئۇنى مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويغاندۇ، بولمىسا تۈن يېرىمىدا ئەرۋاھتەك بۇ يەردە تېنەپ يۈرمەس ۋە بۇنچە پەرىشان، مەيۈس

هالغا چۈشۈپ قالماس ئىدى... تاڭ ئاتقاندا ھەممىسى مەلۇم بولىدۇ ياكى بارىدىغان يېرىگە بارغان چاغدا ئۆزى بىر نېمە دەر... مېڭىشىڭنى ماڭ ئاغىنە! مەن ئۇ قىزغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ، گازنى كۆچەپ بېسىپ ماشىنامنىڭ يۈرۈشىنى جىددىيلەتتىم. ئۇ قىز بايىقى پېتىنى بۇزماي چوقماقتەك دىڭگىيىپ ئولتۇراتتى.

ئۇشتۇمتۇت، يۈرىكىم قاتتىق ئاسقاقلاندەك بولدى. تۇرۇپلا ئىچىمگە نېمىشقىدۇر بىر قورقۇنچ كىرىۋالدى! ئادەتتە، كابىنكىغا قىزلار چىقىپ ئولتۇرسا كابىنكىنىڭ ھاۋاسى بىردىنلا ياشىرىپ كېتىدۇ. لېكىن بۇ قىز كابىنكىغا چىققاندىن بېرى ئىچىمدىكى قورقۇنچ يوقىلىشنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ بەتتەر كۆچىيىپ كەتتى. يۈرىكىم بىرەر بالا-قازانىي سەزگەندەك ئەنسىز سېلىپ كەتتى. بۇ... بۇ... نېمە ئىشتۇر؟ ياكى بايىقى قورقۇنچنىڭ تەسىرىمىكىن، يا بولمىسا... بېشىمغا ئۇشتۇمتۇت چاقماق چۈشكەندەك تەسادىپىي كاللامغا پەيدا بولغان خىيالدىن قورقۇپ جان-پېنىم چىقىپ كەتتى. مەن ئالاقزادىلىك ئىچىدە قىزغا كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا قارىدىم ۋە شۇ ھامان ئۈنىدەرەپ ۋارقىرىۋەتتىم. ۋاي خۇدايىم!

يېنىمدىكى ھېلىقى قىز يوق تۇراتتى! ئۇ ئۇشتۇمتۇتلا غايىب بولغانىدى، گويا، ئۇ يەردە ھېچكىم ئولتۇرۇپ باقمىغاندەك، زادىلا ئولتۇرۇپ باقمىغاندەك ئىدى! ئۇ قىز قېنى؟ ئۇ، ئۇقتەك ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ماشىنىدىن قانداق چۈشۈپ كەتتى؟ ئىشىكمۇ ئېچىلغاندەك قىلمىدىغۇ؟!

قورقۇنچتىن يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالدى. پۇت-قولۇم بىردىنلا مۇزلاپ كەتتى. ئارتۇقچە جىددىيلىشىشتىن، مېڭەمنىڭ ئارقىسى بىلەن قوشۇلۇپ گەجگەم شالدەك قېتىۋالدى. پۇت-قولۇم ماغدۇرسىزلىنىپ رولغا ئېسىلىپ قالدىم. شۇ مىنۇتتا مۇبادا بىرەرسى ھەي! دەپ ئۇشتۇمتۇت ۋارقىراپ قويسا شۇ ھامان جېنىم چىقىپ كېتەر ئىدى!

مەن قورقۇنچتىن لاغىلداپ تىترەپ رول گەردىشىگە مەھكەم چاپلاشقىنىمچە يولغا ئالدىمغا كۆز سالدىم-دە، قورققىنىمدىن ۋاي ئانامەي! دەپ ۋارقىراپ تاشلىدىم. قارىسام بايا مېنىڭ كابىنكامغا چىقىپ ئولتۇرغان ۋە ئۇشتۇمتۇت غايىب بولۇپ كەتكەن ئاق كىيىملىك قىز ماشىنامنىڭ ئالدىدا — يولنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا بىخىرامان كېتىپ بېرىپتۇ!



پۈتۈن ئەزايىمدىن مۇزدەك تەر چىقىپ كەتتى. ئاكسىلاتورنى دەسسەپ تۇرغان پۇتۇم خۇددى تىكىش ماشىنىسى تېپىۋاتقان ئادەمنىڭ پۇتىدەك شىددەت بىلەن تىترەيتتى. تىزلىرىمنىڭ تىترىشىنى توختىتىۋالاي دەپ شۇنچىلىك ئۇرۇنساممۇ بولمىدى. پۇتۇمغا توك ئۇلاپ قويغاندەك مېنىڭ ئىختىيارىمغا بويسۇنمايتتى. ئاھ خۇدا! كۆزۈمگە نېمە كۆرۈنۈۋاتىدىغاندۇ مېنىڭ! مەن ئۆلگۈدەك قورقۇپ تۇرساممۇ ماشىنىغا ئارقىسىنى قىلغىنىچە بىر خىلدا كېتىپ بارغان ھېلىقى قىزنىڭ گەۋدىسىدىن كۆزۈمنى ئۈزەلمەيتتىم. قىزىق يېرى، ئۇ قىز ئادەتتىكىدەك ئېگىز قەدەمىدە چامداپ كېتىۋاتسىمۇ 5 - خوتتا كېتىۋاتقان ماشىنام ئۇنىڭغا زادىلا يېتەلمەيۋاتاتتى. ئۇ ماشىنام بىلەن باشتىن - ئاخىر بىر خىل ئارىلىقنى ساقلاپ كېتىۋاتاتتى. بۇ ئارىلىق قانداق قىلساممۇ يا ئۇزارمايتتى، يا قىسقارمايتتى. ماشىنا چىرىغىنىڭ كۈچلۈك نۇرىدا ئۇنىڭ پۈتۈن گەۋدىسىنى، ھەتتا ئۇنىڭ تارغاق سۆڭەكلىرىنىڭ بۆرتۈپ - چوقچىيىپ تۇرۇشلىرىنىمۇ ئېنىق كۆرۈۋاتاتتىم. قىزنىڭ گەۋدىسى تار ۋە نازۇك ئىدى. ئۇنىڭ بېلى بىلەن ساغرىسى تاختايدەك تۈپتۈز ئىدى. ئۇنىڭ كىيىۋالغان ئاق كىيىمىنىڭ يەڭلىرى ناھايىتى ئۇزۇن ئىدى، قوللىرىنىڭ ئۇچى كۆرۈنمەيتتى. خۇددى يەڭنىڭ ئىچىدە قول يوقتەك، يەڭلەر گاھ قاتلىنىپ، گاھ لەپىشىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ پۈتكۈل تۇرقىدا ياش قىزلاردا بولۇشقا تېگىشلىك پىگورا زادىلا كۆرۈنمەيتتى. ئۇ گويا ئەنىسىز تەندەك تۈپتۈز ۋە سېنىسىز ئىدى. مەن بىردىنلا ئۇنىڭ كىيىملىرىنىڭ باشتىن - بويى بىر تۇتاش ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالدىم. ئۇ ياقىسى بىلەن ئايىغىغىچە بىر تۇتاش كىيىم كىيىۋالغانىدى. ئۇنىڭ بايا مەن كۆرگەن بوغۇلغان قىسقا ئىككى تال چېچى ئەسلىدە چاچ ئەمەس ئىكەن، ئۇنىڭ ياقىسىنىڭ بوغۇلغان تۈگۈچى ئىكەن. ئۇنىڭ كىيىمىنىڭ نە كېسىپ ئۇلىغان، نە تىكىلگەن يېرى يوق ئىدى. راست، بۇ پەقەت خالتىسىمان كېپەن ئىدى. ئۇ قىز ئەسلىدە ئاق كېپەن ئىچىدە ئىكەن، ئۇنىڭ ئىككى پۇتىمۇ ئاق كېپەننىڭ ئىچىدە ئىكەن، بايا ماڭا ئاق كېپىش بولۇپ كۆرۈنگىنى ئەسلىدە كېپەننىڭ پۇتىنىڭ ئۇچىدىن بوغۇلغان يېرى ئىكەن! ئايىغى بوغۇلغان كېپەننىڭ ئىچىدە چامداپ كېتىۋاتامدۇ ياكى پۇتلىرىنى جۈپلەپ سۇدا ئاققاندەك سىرغىپ كېتىۋاتامدۇ، زادى بىلگىلى بولمايتتى. ئىشقىلىپ ئۇ ئارقىسىدىن گۈلدۈرلەپ باستۇرۇپ كېلىۋاتقان ماشىنىغا پىسەنت قىلماي، گويا باغ سەيلىسىگە ماڭغاندەك خاتىرجەم، بەھۇزۇر ۋە بىر خىل رىتىمدا كېتىپ بارىدۇ...

ئەمدى ھەممە ئىش ئايان بولدى! «ئەلھۆكمۇللا!» دېمەي ئامالىم يوق! ... «ئايەتەل كۇرسى» نى ئوقۇسا بولىدۇ دەپ ئاڭلىغانىدىم، لېكىن بىرەر ئايەتنى بىلسەم كاشكى! مەن شۇ تاپتا ئاشۇ «قىز» ئارقىسىغا «لەپپىدە» قاراپ قالمىسىدى دەپ تىلەشكە چۈشكەنىدىم. مۇبادا ئۇشۇنداق قىلىپ سالسا قورقۇنچتىن راستتىنلا جېنىم چىقىپ كېتىدىغانلىقىغا كۆزۈم يېتىپ قالغانىدى.

خۇداغا شۈكرى، ئۇ «قىز» ئارقىسىغا بىرەر قېتىممۇ قاراپ قويمىدى.

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنىنى بىلمىدىم، ئىشقىلىپ مۇشۇنداق «قوغلاشماق» ئويناپ خېلى ئۇزۇن يۈردۇم بولغاي، بىر كەم بولغاندا ئۇ قىز تۇرۇپلا غايىپ بولدى. ئۇنىڭ

پەيدا بولۇشى قانچىلىك ئۇشتۇمتۇت بولغان بولسا، ئۇنىڭ غايىب بولۇشىمۇ شۇنچە تۇيۇقسىز بولدى. مەن يېنىك تىن ئېلىپ چېكەمدىكى مۇزدەك تەرنى يېڭىم بىلەن ئېرتتىم. يۈرىكىمنىڭ سوقۇشىمۇ بارا-بارا ئىزىغا چۈشكەندەك بولدى. توۋا دەيمەن، ئادەم دېگەن نەقەدەر ئاجىز نېمە-ھە؟ ئادەتتە ئۆزۈمنى شۇ قەدەر كۈچلۈك سېزەتتىم، ھېچكىمنى كۆزۈمگە ئىلماي بۇقىدەك ھۆركىرەپ يۈرىدىغان يىگىت ئىدىم، ئەمدى، بىر يېگانە، يوچۇن كۆلەڭگىدىن قورقۇپ ئىشتانغا چىقىرىۋەتكىلى تاس قالدىم، ھېچ نەرسە قىلالمىسىمۇ يېنىمدا گۈگۈراپ ئولتۇرۇپ بېرىدىغان بىر بالىغا موھتاج بولۇۋاتىمەن، ئادەم، پەقەت ئەتراپىدىكى ئادەملەر بىلەنلا ئادەم ئىكەن! ئادەتتە سەن ئۈچۈن ھېچ ئەرزىمەس، سېنىڭ بىلەن ھېچ باغلىنىشى يوق ۋە ئەھمىيەتسىز كۆرۈنىدىغان ئادەملەر. ئەسلى تېگىدىن سېنىڭ مەۋجۇتلۇقىڭنى تەمىن ئېتىدىغان، سېنى ھېمايە قىلىپ تۇرىدىغان بىر كۈچ ئىكەن. تۈنۈگۈندىن بۇيان تارتىۋاتقان رەنج-مۇشەققىتىم، ئۆزۈمنىڭ تەنھالىقىدىن، يەككە-يېگانىلىقىمدىن بولۇۋاتامدۇ؟ ھېلىقى ئادىمىكامدىن قېچىشلىرىمنى قارا! مۇبادا بۇ دۇنيادا ئاشۇ ئادىمىكام، روزىكام ئەمەسمۇ، يول بويىغا تاۋۇز شاپىقىنى قويۇپ قويغان ھېلىقى نامەلۇم ئادەم... لەر بولمىغان بولسا، ياشاشنىڭ ئۆزى نەقەدەر ئېغىر ۋە خەۋپلىك بولار ئىدى؟ ھېلىقى جەزىرىدىكى يالغۇز ئېشەكچى بوۋاينىمۇ بىرەرى قۇتقۇلدۇرۇپ ئالغاندۇ، ھېلىقى ئىككى ئامېرىكىلىقنى مەن قۇتقۇلدۇرۇپ قالدىم. ئۇ ئېشەكچى بوۋاي ۋە ئىككى ئامېرىكىلىقمۇ شۇنداق ئويلاۋاتقاندۇر بەلكىم! شۇنداق! ئۇلار چوقۇم شۇنداق ئويلىدى... بۇ يەردە كىچىككىنە بىر ھەقىقەت بارغۇ؟ مەن سەن ئۈچۈن، سەن مەن ئۈچۈن دەيدىغان بىر ھەقىقەت بارغۇ؟ بۇ ھەقىقەت بەك ئاددىي بولسىمۇ ئىش يۈزىدە يەر شارىنىڭ ئۆزھال ئايلىنىشىنى، ئالەمدىكى ھاياتلىقنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماي داۋام قىلىشىنى تەمىن ئېتىدىغان بىر ئومۇرتقا، بىر ئوق ئىكەنغۇ؟! ئاھ... ئادەملە! بىز تېخىچە بۇ ھەقىقەتنى تونۇپ بولالمايۋاتىمىز... شۇڭىمۇ بىزنىڭ ئارىمىزدا بىر خىل ئىشەنمەسلىك، بىر خىل ھايۋانغا خاس ئەشەددىي دۈشمەنلىك ھۆكۈم سۈرىدۇ. شۇڭا بىز بىر-بىرىمىزگە قەست قىلىشتىن، بىر-بىرىمىزنىڭ ئەدىبىنى بېرىشتىن، بىر-بىرىمىزنى سېتىشتىن، ئۆزىمىزنىڭ بەختى ۋە خۇشاللىقى ئۈچۈن كىملەرنىڭدۇر كىچىككىنە بولسىمۇ خاتالىشىشىنى، بېشىغا كۈتۈلمىگەن بىرەر پېشكەللىكنىڭ كېلىشىنى كۈتۈش ۋە تىلەشتىن ئۆيالمايمىز. ئۆزىمىزنىڭ بىر قوۋم، بىر توپ ئىكەنلىكىمىزنى، بىر زېمىندا ياشاپ، بىر ھاۋادىن نەپەس ئېلىپ، بىرلا قۇياشتىن بەھىر ئېلىپ، بىللە ياشايدىغان بىر تۇردىن ئىكەنلىكىمىزنى بىلمەيمىز!

ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى قەدىرلەش، ئاسراشتىكى مەقسەت، ئۇلارغا ئىنسانلار موھتاج. لېكىن ئاشۇ ئۆسۈملۈكلەر بىلەن ھايۋانلارنى قوغداشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا ھەر كۈنى جار سېلىۋاتقان ئادەملەر، ئۆزلىرى بىلەن نەسلداش، قانداش بولغان ئادەملەرنى قوغداش، قەدىرلەش، ئاسراش توغرىسىدا بولسا ئويلاپمۇ قويمايدۇ! ئەكسىچە ئاشۇ قېرىنداشلىرىنىڭ ئەدىبىنى بېرىش، ئۇنى ھالاكەت چوڭقۇرىغا ئىتتىرىۋېتىشنىڭ سۈيىقەستلىك

پىلانلىرى ئۈچۈن باش قاتۇرىدۇ، قارىغۇ دۈشمەنلىكنىڭ نەتىجىسىدە ئېرىشكەن، قان ۋە كۆز يېشى تامچىپ تۇرىدىغان نەپ ھېسابىغا پەخىرلىنىدۇ، خوشاللىنىدۇ، ماختىنىدۇ، ھۇزۇرلىنىدۇ!

ئادەم ئاتا ۋە ھاۋا ئانىمىز بىلەن ئۇلۇغ بوۋا ۋە ئۇلۇغ مومىمىز، ئاباق بوۋا ۋە ئاباق مومىمىز ئارىلىقىدىكى ئەجدادلىرىمىزنى ھېچقايسىمىز بىلمەيمىز، ئاشۇ بىزگە نامەلۇم بولغان ئارىلىقتىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئارىسىغا بىرەر سەۋەب ياكى مۆجىزە بىلەن، يا بولمىسا ئاللانىڭ بىزگە ئەۋەتكەن جازاسى سۈپىتىدە بىرەر ئالۋاستى، ياكى بىرەر قانخور مەخلۇق ئارىلىشىپ قالغان بولغىيدىمىكىن - تاڭ؟!

بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزدىكى ئاشۇ مۇدھىشلىك، رەھىمسىزلىك، شەخسىيەتچىلىك، ئۇيالماسلىق ۋە ئاچكۆزلۈكلەر، ئاشۇ غەيرىي رەسمىي «ئەجداد» لىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرغان ئۇدۇم - مىراسىمىكىن - يە؟!

گۇم! قىلغان دەھشەتلىك پارتلاش ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئورنۇمدىن ئۇقچۇپ قوپۇپ كابىنكىنىڭ تورۇسىغا ئۇسۇپ يەنە جايىمغا ئولتۇرۇپ قالدىم. ماشىنام بىر تەرەپكە قىڭغىيىپ قالدى. مەن ماشىنىنى دەررۇ تورمۇزلىدىم - دە، كابىنكىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ يەرگە سەكرەپ چۈشتۈم.

يەر - جاھان قارا كىگىز بىلەن چۈمكەپ قويغاندەك قاراڭغۇ ئىدى. بىردىنلا ھېلىقى ئاق كېپەنلىك «قىز» يادىمغا كېلىپ قالدى - دە، تىزلىرىم بوشىشىپ يىڭنىباشتىن تىترەشكە باشلىدى. مەن كابىنكىنىڭ ئىشىكىنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ، ئەتراپىمغا ھولۇقۇش ئىچىدە كۆز يۈگۈرتتۈم. شۇ تاپتا، ئارقا تەرىپىمدىن تىترىق قىلغان ئاۋاز ئاڭلانسا، كابىنكىغا ئۆزۈمنى ئېتىپ، كابىنكىنىڭ ئىشىكىنى مەھكەم تاقىۋالماقچى ئىدىم. لېكىن ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمىدى. بىرەر غەيرىي شەپىمۇ سېزىلمىدى. مەن يۈرىكىمنى زورغا توختىتىپ، ئۆزۈمگە مەدەت بەردىم - دە، چاقلارغا سەپسالدىم. مەن ئويلىغاندەك بىر تەرەپنىڭ ئىككى چاقىنىڭ كامېرلىرى بىراقلا يېرىلىپ كېتىپتۇ. ئىككى چاقنىڭ بىر ۋاقىتتا يېرىلغىنىنى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغانىدىم. بۇ غەلىتە ھادىسە ماڭا، يەنە كېلىپ مۇشۇ تۈن قوينىدىكى جەزىرىدە چاپلاشقانىدى. بۇ ھالەتتە ماڭماق تۈگۈل، ماشىنىنى قوزغىلىشمۇ بولمايتتى. ياساپ ماڭمىسام ماشىنامغا ئوت كېتىشى مۇمكىن ئىدى. ياساي دېسەم پۇت - قولۇمدا ماغدۇر دېگەن نەرسە يوق ئىدى. ئۆزۈم ئاغرىق، ئاچلىق، ھارغىنلىق، ئۇسسۇزلۇق ۋە پاراكەندىچىلىك تۈپەيلى ماغدۇرسىزلىنىپ خۇددى ئەسكى چاپاندەك لاكاسلاپ قالغانىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ تاپتا ھېلىقى ئاق كېپەنلىك قىزنىڭ قورقۇنچى يۈرىكىمنى قىساتتى. چاق بىلەن ھەپىلىشىۋاتقىنىمدا ئۇشتۇمتۇت ئارقامدىن كېلىپ گېلىمنى بوغارمۇ دېگەننى ئويلىسام، بەدىنىم سوغۇق سۇ قۇيغاندەك شۈركىنىپ كېتەتتى.

لېكىن، كۈتۈش ئىش ئەمەس - دە! مەن ئەمدى كىمنى ۋە نېمىنى كۈتىمەن؟! دوزاختەك قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ھاسىراپ بۇ پايانسىز دەشتتە ئۆزۈمدىن باشقا، ئۈمىد قىلغۇدەك يەنە نېمە قالدى ماڭا؟! ئاخىرقى غەيرەت ۋە كۈچۈمنى يىغىپ سايمانلارنى ئالدىم - دە، يېرىلغان چاقلارنى ئالماشتۇرۇشقا كىرىشتىم. تەلىيىمگە زاپاس چاقىم بار

ئىدى. پەقەت بىرلا چاقنىڭ كامېرىنى يېڭىغا ئالماشتۇرۇپ يەل ئۇرسىلا بولاتتى. مەن لېۋىمنى چىشلەپ ئالدىراپ - تېنەپ زاپاس چاقنى يەشتىم. پۇت - قولۇم تىترەيتتى. ئۆزۈم ھاسىراپ، تىنىقىم بىر - بىرىگە ئۇلاشمايتتى. تىزلىرىم خۇددى بىرەر تال گايكىسىنى ئېلىۋەتكەن تەگىگە ئوخشاش ھە دېسىلا پۈكۈلۈپ كېتەتتى... ئىشىنىڭ ئېغىرلىقى ۋە ئەھۋالىمنىڭ ئوساللىقىدىن كۆرە، ھېلىقى يوچۇن يولۇچى «قىز» توغرىسىدىكى قورقۇنچلۇق خىياللار مېنى ماغدۇرسىزلاندۇرماقتا ئىدى.

مەن بىر تەرەپتىن مۈكچەيگىنىمچە چىشىمنى چىشلەپ جان - جەھلىم بىلەن چاق بىلەن ھەپىلەشسەم، يەنە بىر تەرەپتىن ۋەھىمە ئىچىدە پات - پات ئارقامغا ئۆرۈلۈپ قاراپ قوياتتىم. ئالدىرىغانسېرى ئىشىم قولاشمايتتى. گايكىنى بوشىتىپ چىقىرىمەن دەپ، چىڭىيىدىغان تەرەپكە بۇراۋېرىپ، بىر چاغ بولغاندا ھوشۇمغا كېلەتتىم - دە، ئۇنى قايتىدىن بوشاتقىلى تۇراتتىم. خۇداغا شۈكرى! ئاخىرى چاقلارنى ئالماشتۇرۇپ بولدۇم ۋە يېرىلغان چاقلارنى مىڭبىر بالادا كوزۇپقا تاشلاپ، ئالدىراپ - تېنەپ ماشىنىنى ئوت ئالدۇردۇم.

قىرىق - ئەللىك كىلومېتىر ماڭا - ماڭمايلا يەنە «گۇم» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ماشىنام بىر تەرەپكە قىيسايدى. بۇ قۇلاقنى يارغۇدەك كۈچلۈك ئاۋاز مېنىڭ قۇلىقىمدىن ئۆتۈپ تىترەپ تۇرغان يۈرىكىمنى پارا - پارا قىلىۋەتتى. يەنە چاق يېرىلغانىدى، ئاۋازىدىن قارىغاندا، كەم بولغاندىمۇ ئىككى پاي چاق يېرىلغانىدى! مەن ئەلەمدىن رولغا بېشىمنى قويۇپ كىچىك بالىدەك ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتىم. خۇدا دەيمەن، كەلگۈلۈكلا بولسا ماڭا كېلەمدۇ؟ مەن نېمە بولغان ئادەممەن - شۇنچە! مېنى شۇنچە مازاق قىلىدىغان، شۇ قەدەر قىينايدىغان، شۇ دەرىجىدە بوزەك قىلىدىغان قايسى تەقدىر، نېمە قىسمەتھە؟ ۋا دەرىخا!

يىغلاپ ئولتۇرىۋەرسەم بولمايتتى، شۇ تاپتا يىغىغىمۇ كۈچۈم يەتمەيۋاتاتتى. مەن رولدىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ، يەنە تەسلىكتە كابىنىكىدىن چۈشتۈم ۋە چاقلارنى سۆكۈشكە باشلىدىم. بۇ قېتىم ئوڭ تەرەپنىڭ چاقلىرى يېرىلىپتۇ، يېرىلغاندىمۇ بايىقىغا ئوخشاش ئىككى پاي چاق بىراقلا...

ئەمدى زاپاس چاق يوق ئىدى. مەن چاقلارنى سۆكۈپ ئوت پلاستىرى بىلەن كامېرلارنى يەملەشكە كىرىشتىم...

ئۆتىنچى قېتىم يېرىلغان چاقلارنى ياماپ بولغىنىمدا شەرق تەرەپ ئاقاردى. يىراقتىن چىراغلار پىلىلداپ كۆرۈندى. مەن ياش بىلەن غۇۋالانغان كۆزلىرىم بىلەن بىر تېگى يوق ھارغىنلىق ئىچىدە ئۇ چىراغلارغا تىكىلدىم. شۇ تاپتا مەن گويا دوزاختىن تىرىشىپ - تىرمىشىپ قېچىپ چىققان، ئاداققى نەپىسىلا قېلىپ، جېنى تومشۇقىغا كېلىپ قالغان بىر نىمجان ئىدىم. ۋۇجۇدۇمدا كۈچتىن ئەسەر يوق ئىدى. جېنىم كىچىككىنىلا يەردە قالغانىدى. ھارغان يۈرىكىمدە ھېس - تۇيغۇ دېگەن نېمە يوق ئىدى، قول - پۇتلىرىم بوشىشىپ، ئۆزۈم پەقەت ئۆمىلىيەلەيدىغان يۇمشاق قۇرتقا ئايلىنىپ قالغانىدىم...

ئەتىسى، مەن كالون دەرۋازىسىدىن گۈلدۈرلەپ كىرىپ كەلگىنىمدە، كالونىدىكىلەر ئەمدىلا ئىشقا كېلىشكە باشلىغانىكەن، مەن ماشىنىنى مەيدانغا توختىتىپ قويۇپ،

كابىنكىدىن ئۆمىلەپ دېگۈدەك چۈشتۈم ۋە ئارقامغا ئۆرۈلۈپ بىر چۈشىنىپ بولمايدىغان ھېس-تۇيغۇ ئىچىدە ماشىنامغا ئاخىرقى قېتىم سەپسالدىم. قىزىق ئىش چاقلار ساپ-ساق تۇراتتى، زاپاس چاقىمۇ ئۆز ئورنىدا، يەنى رامغا چېتىقلىق ھالدا تۇرۇپتۇ. كوزۇپىتىمۇ چاقلار كۆرۈنمەيدۇ.

مەن زاپاس چاقنى رامدىن چىقىرىپ ئالماشتۇرغان ۋە يېرىلغان چاقلارنى كوزۇپقا تاشلىغان ئىدىمغۇ؟ ئۇ چاقلار نەگە كەتتى؟ ماشىنا چاقلىرىنىڭ بولتىسىغىمۇ كۆلۈچ تەگمەپتۇ، تۇۋا، مەن قايسى ماشىنىنىڭ چاقىنى ياسىدىم؟ دېمەك، چاقلار يېرىلمىغانىكەن، مەنمۇ چاق ياسىمىغان ئوخشايمەن.

يەر ۋە ئاسماننىڭ پىرقىراشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي قالدىم ۋە يىقىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن يەرگە ئاستا يېتىۋالدىم، ئەتراپىمغا كىملەردۇر ئولاشتى.

— دەرھال دوختۇرخانىغا... قادىر! دەرھال كىچىك ماشىنىنى ھەيدەپ كەل.

— قارا ئۆزى مۇشۇ ھالدا...

كالون باشلىقى، بەلگىلەش خادىمى، ھەسەن پولو، يەنە... يەنە، جىنىم ئاپا! مەن ئۈچۈۋاتىمەن، مېنى تۇتۇۋال...

ئۈچىنچى كۈنى دېگەندە دوختۇرخانىدىن قايتىپ چىقتىم. دوختۇرلار يەنە بىر ھەپتە ئارام ئېلىپ ئاندىن ئىشقا چۈشكىن دەپ قولۇمغا خەت قىلىپ بەردى. لېكىن مەن ئەتىسىلا يولغا چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ، بەلگىلەش بۆلۈمىگە كىرىپ پۇتوپكا ئالدىم. ماشىنامنى ياساپ تاقمۇتاق قىلىپ قويۇشقانىكەن. مەن بالدۇرراق ئۇخلاپ سەھەردە مېڭىپ كېتىشنى ئويلاپ، ئۇششاق-چۈششەك ئىشلىرىمغا تۇتۇندۇم.

بىر چاغدا ھېلىقى ئادىمكام ياتاققا كىرىپ كەلدى. ئۇ مېنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ كەپتۇ. مېنى دوختۇرخانىدا مۇشۇ ئادەم بېقىپ چىققانىدى. ئۇنىڭ ئۆيىدە ئەتكۈزۈپ كېلىدىغان چۆچۈرىسى تامىقىمدا قالغانىدى. ئۇ مېنىڭ چۆچۈرىگە ئامراقلىقىمنى قانداق بىلىپ قالغانكىن؟ بۈگۈن يەنە چۆچۈرىگە تەكلىپ قىلدى.

ھە، ئېيتماقچى، ئۇ ئادەم كالونغا مەن دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغان كۈنىنىڭ ئەتىسى يېتىپ كەپتۇ. ئۇ ئادەم ھېلىقى ماشىنا بۇزۇلغان يەردىن ئارقىسىغا قايتىپ بېرىپ رولۋاي تەگىدىن بىرنى ھەم دورا، سۇ-يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ، ماشىنا توسۇپ ھېلىقى يەرگە يېتىپ كەلسە مەن يوقمىشمەن، شۇنىڭ بىلەن يەنە ئارقىسىغا قايتىپ مېنى ئىزدەپتۇ، ئۇ يەردە ئۇچراتمىغاندىن كېيىن مېنىڭ ئارقامدىن ئىز بېسىپ قوغلاپتۇ. مەن كېچىلەپ توختىماي ماڭغىنىم ئۈچۈن ئۇ ماڭا يېتىشەلمەپتۇ. مەن ئالدىراپ مېڭىپ كەتمەي ئازراق كۈتكەن بولسام ئاشۇنچىۋالا دىشۋارچىلىقلارنى تارتماس ئىكەنمەن... «شوپۇر بولغۇدەكسىز... ياراملىق شوپۇر بولالىغۇدەكسىز...!» دېگەنىدى ئۇ ئادەم دوختۇرخانىدا قولۇمنى مەھكەم سىقىپ.

بىز ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلگىنىمىزدە، ئاش كۆكى سالغان چۆچۈرىنىڭ مەززىلىك ھىدى مېنى مەست قىلىپ تاشلىدى. مېنى ئۇ كىشىنىڭ ئايالى — مېھرى ئىسسىق، تولۇقراق كەلگەن، ئوتتۇرا ياشلىق ئاق سېرىق ئايال ئالدىمغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. ئۇ ئايالنىڭ چېچى

قويۇق ۋە سېرىق بولۇپ، شۇ ياشتىمۇ ئۆزىنىڭ تەبىئىي بۇدۇرلىكىنى يوقاتماپتۇ. بۇ چىرايلىق ئايال نېمىشقىدۇر بىر قاراشتىلا كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالدى. بىز ئادىمكام بىلەن مېھمانخانىغا جايلىشىپ چاي ئىچكەچ تاتلىق تۇرۇملارغا ئېغىز تەگكەچ پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. ھېلىقى ئايال كىرگەندىن تارتىپ مېنىڭ باش-ئايىغىمغا سىنچىلاپ قاراپلا قېلىۋاتاتتى. ئاشخانا ئۆيدە كىمدۇر تاراقلاپ بىر نېمىلەرنى قىلىپ يۈرەتتى، لېكىن ئۆزى كۆرۈنمەيتتى.

نېمانچە بەك قارايدىغاندۇ بۇ خوتۇن؟ مېنى نېمىشقىدۇر بىر خىجالەتچىلىك قورۇنۇش باسقىلى تۇردى.

مەن ئادىمكامنىڭ قىستىشى بىلەن يولدا كۆرگەنلىرىمنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بەردىم. ھېلىقى ئايال ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ كۆزلىرىگە نەچچە قېتىم ياش ئالدى ۋە ئاپكىز بىچارە ئاڭلىسا نېمە بولۇپ كېتەر خۇدايىم، دېدى چوڭقۇر ئۇھسىنىپ.

كېيىن داستىخاندىكى تاتلىق تۇرۇملار يىغىشتۇرۇلدى. بىر چاغدا، چۆچۈرە ئۇسۇلغان چىنىلەرنى پەتنۇسقا تىزىپ كۆتۈرۈپ بىر قىز كىرىپ كەلدى. مەن ئۇ قىزنى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالدىم. ئۇ، دەل مەن ماشىنا ئوغرىلاپ ئۆيىگە ئەكىلىپ قويغان ھېلىقى سېرىق چاچ، كۆك كۆز قىز ئىدى!

ئۇ قىز مېنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتكەندەك بولۇپ تۇرۇپلا قالدى ۋە ۋىللىدە قىزىرىپ ئىتتىكلا ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى. مەن خىجالەتچىلىكتىن بويىنىمغىچە قىزىرىپ يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇم. مەن ئۇنىڭ بىلەن يەنە ئۇچرىشىپ قالارمىز دەپ زىنھار ئويلىمىغانىدىم. ئىككىمىزنىڭ كەيپىياتىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى چوڭلارمۇ سېزىپ قالدى بولغاي، ئۇلار ھەيرانلىق ئىچىدە دەممۇدەم ئىككىمىزگە قارىشىپ قېلىشتى ۋە بىر-بىرىگە قارىشىپ ئۇنچىقماي كۈلۈمسىرەشتى.

قىز پەتنۇسنى شىرەگە قويدى. ئۇ ئاش ئۇسۇلغان چىنىنى مېنىڭ ئالدىمغا قويۇۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئاپئاق ۋە نازۇك بارماقلىرىنىڭ سېزىلەرلىك تىترەۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ ئۇزۇن تۇرماي پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ يەڭگىل دەسسەپ چىقىپ كەتتى.

— قېنى چۆچۈرىگە بېقىڭ، خۇرشىدە ئەتكەن ... — ئۇنىڭ ئاپىسى تەكلىپ قىلدى. شۇندىلا ئۇ قىزنىڭ ئىسمى خۇرشىدە ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

ھەئە! ئاشۇ چۆچۈرىنىڭ تونۇش ھىدى. مەن دوختۇرخانىدا ئىچكەن چۆچۈرە مۇشۇ جىنەر كۆزنىڭ قولىدىن چىققان ئىكەن-دە!

بىرىنچى قوشۇقنى ئاغزىمغا سېلىشىم ھامان ئۇ قىزنىڭ يۇلتۇزدەك چاراقلاپ تۇرىدىغان كۆپكۆك گۈزەل كۆزلىرى مېنىڭ كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدى. مەن چىنەمدىكى ئاشنى تۈگەتكىچە ئۇ قىزنىڭ ئاشۇ شەھلا كۆزلىرىدىن خىيالەن ھۇزۇر قىلىپ ئولتۇردۇم.

— يەنە ئازراق ئىچىڭ. ئىيتماقچى بۇ بالىنىڭ ئىسمى ...؟
خۇرشىدەنىڭ ئاپىسى ئادىمىكامدىن سوراپ قالدى.
— رۇسلان. ئىسمى رۇسلان بولىدۇ.

مەن ئولتۇرغان جايىمدا قىمىرلاپ قويىدۇم. ئۇ قىز يەنە كىردى. بۇ قېتىم مەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدىم. ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى هاۋا رەڭ چىم - چىم كۆڭلىكى، ئالدىغا تارتىۋالغان قاردەك ئاپئاق ۋە رەشلىيە ئىشلەنگەن چىرايلىق پەرتۇقى، ئۇنىڭ نېپىز گاز ياغلىققا پاتماي كۆپچۈپ تۇرغان ئالتۇندەك سېرىق تەبىئىي بۇدۇر چاچلىرى ئۇنى بىر پەرىشتىگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ ئۇچىدا زەردەك تەر تامچىلىرى چىمىرلايتتى. كۆزلىرى ئوتتەك ياناتتى. ئىككى مەڭزى هال رەڭ بولۇپ تاۋلىناتتى. مەن ئۇنىڭ ئاشۇ چېهرىدىن پارلاپ بالقىپ تۇرغان ئىللىقلىقتىن بىر نەرسىنى — پەقەت ئۆزىنىڭ ئائىلە ئەمگىكىدىن خۇددى شاهانە سەنئەتتىن هۇزۇرلانغاندەك هۇزۇرلىنىشنى بىلىدىغان پاك ۋە هالال ياشاشقا ئىنتىلىدىغان ئاياللاردىلا بولىدىغان بىرخىل ئاياللىق ئىپتىخار ۋە ئىش خۇشاللىقىنى ئوچۇق هېس قىلدىم. تازا بەلەن خوتۇن بولغۇدەك - هە؟! ئۇنىڭ ئاشۇ كۆك ۋە خۇمار كۆزلىرىنىڭ گاھ مېنى ئەركىلەتكەندەك، گاھ ماڭا ئەركىلىگەندەك تاتلىق ۋە كۈلۈپ بېقىشلىرىدىن ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز بىر خۇشاللىق ۋە بىر بەختىيارلىق قۇچىقىغا بۆلەندىم. ئۇنىڭ هازىرلا كۈلۈپ تاشلايدىغاندەك ئاران - ئاران ھىمىرلىپ تۇرغان غۇنچە لەۋلىرىگە بىر ئوتلۇق ئىنتىلىش ئىلكىدە هاڭۋېقىپ قاراپ قالدىم. ئاشۇ پاكىز لەۋلەرگە سۆيۈۋالغاندىم - هە! لېكىن ... لېكىن مەجبۇرىي - دە! قاراقچىدەك ... بىردىنىلا دىلىم خىرەلىشىپ قالدى. ئىنتايىن ئەرزىمەس ۋە تولىمۇ چاكىنا ئادەم ئىكەنمەن، مۇشۇ قىز مېنى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقارمايۋاتىدۇ - هە! ئۇ خۇددى مېنىڭ نېمىلەرنى ئويلاپ ئولتۇرغىنىمنى بىلىپ قالغاندەك ۋىلىلىدە قىزاردى - دە، كۆزلىرىنى مەندىن ئېلىپ قېچىپ سەل يېرىم ئۇسۇلغان ئاشنى ئالدىمغا قويۇپ، پەرىشتىدەك تىۋىشسىز دەسسەپ تاشقارقى ئۆيگە چىقىپ كەتتى. ۋۇجۇدۇم ئۇنىڭ بايا ئاشنى ئالدىمغا قويۇۋاتقان چاغدا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن بالقىپ كەلگەن باش باهارنىڭ تىنىقىدەك ياش، پاكىز، خۇش خۇي ۋە قىزغىن بىر دولقۇندىن سىلكىنىپ تىترەپ كەتتى. مەن هودۇقۇش ئىچىدە ئاشنىمۇ ئىچەلمەي قالدىم...

ئەتىسى يولغا چىقتىم. كالونىنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ دادىسى (ئەمدى بىلسەم ئادىمىكامنىڭ ئىسمى پەتقۇل ئاكا ئىكەن) مېنى ئۇزىتىپ قويدى. ئۇ پولكىغا دەسسەپ تۇرۇپ قولۇمنى مەككەم سىقتى:

— ئەمدى سىزدىن خاتىرجەممەن.

ئۇنىڭ كۆك كۆزلىرى ئاتىلارچە مۇلايىملىق بىلەن قىسىلغانىدى. نەقەدەر ئوخشىشىدۇ - هە؟! مۇشۇ كۆزلەر ئاشۇ دەشتتە خۇرشىدەنىڭ كۆزلىرىنى، ئۇنىڭ ئاشۇ زىبا-

سۆيۈملۈك جەلپكار قىزىنىڭ كۆك ۋە خۇمار كۆزلىرىنى، ئاشۇ دىلرەبانىڭ مەن قاراپ تويـ
مايدىغان شەھلا كۆزلىرىنى ئەسلەتكەنىدى... ئاشۇ كۆزلەر مېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالـ
دى، ھالاكەت ئۇيقىسىدىن ساقلاپ قالدى، ماڭا غۇرۇر، كۈچ، ئۈمىد، جاسارەت ھەدىيە قىلـ
دى. غۇرۇرنىڭ غەلىبىسىنى، يىگىتلەرچە جاسارەتنىڭ شەرىپىنى بەخش قىلدى...

تاشيولغا قايرىلىدىغان دوقمۇشتا خۇرشىدە مېنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن. ئۇ دادىسىغا
كۆرۈنمەسلىك ئۈچۈن مۇشۇ يەرنى تاللاپتۇ.

بۈگۈن ئۇ ھېلىقى ئاخشىمى كىيگەن ئاق كۆڭلەكتە ئىدى. ئۇ شۇ تاپتا بەئەينى
«لەيپەدە» قىلىپ ئۈچۈپ كېتىشكە تەييار تۇرغان ئاق قۇدەك پاكىز ۋە گۈزەل كۆرۈنەتتى.

— كېيىنكى شەنبىدە ھېلىقى يەردە سىزنى كۈتىمەن، نەمۇنچى شوپۇر... — قىزـ
نىڭ سۆزىدىن كۆرە، شۇ سۆزنى قىلىۋاتقان چاغدىكى خۇش تەبەسسۇمى يۈرىكىمنى كۆيـ
دۈردى. ئاھ خۇدا، ماڭا قانداقلارچە كېلىپ قالدى بۇ ئامەت؟

— ياق، ئۇ يەرگە ئەمدى بارمايمەن، جەرىمانىڭىز بەك ئېغىر ئىكەن...

ئۇ كۈلۈۋەتتى. مەنمۇ كۈلدۈم. ئىككىمىز چىن كۆڭلىمىزدىن كۈلۈشتۇق. ماشىنىنى
قوزغىدىم. ئۇنىڭ ئاشۇ كۆزلىرىگە يەنە بىر قېتىم قارىۋالدىم. ئاھ! ئاشۇ كۆك كۆزلەر...
ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇمارلىشىپ قىسىلغانىدى. ماڭمايمۇ-يە؟ دەپ ئويلاپ قالدىم. ئاشۇ
كۆزلەردىن كۆزۈمنى ئۈزەلمەي، لېكىن مېڭىپ كەتتىم. ئەمدى ئۇ مېنىڭ ئىدى... قاچانلا
كەلسەم، ئۇ مېنىڭ ئىدى... ئاشۇ كۆزلەر. ئاللاغا تەشەككۈر، ئاشۇ كۆزلەر، ئاشۇ گۈزەل كۆك
كۆزلەر ماڭا پايانسىز جەزىرىدە، لاۋۇلداپ تۇرغان دەشت ئارىسىدىكى يوللاردا، مۇز داـ
ۋاننىڭ يۈكسەك چوققىلىرىدا دائىملىق يول باشلىغۇچى بولۇپ قالدۇ، ئەمدى...!

مەسئۇل مۇھەررىرى ئالىمجان ئىسمايىل



ماھىرە ئابلاخان

# ئاھ، تەقدىر شۇنداقمىدۇ

(ھېكايە)

خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ شەھەرگە كەلگىنىمگە بىر ھەپتىدىن ئاشتى. بۈگۈن مەن بۇندىن 12 يىل ئىلگىرى ئايرىلغان دوستۇمنىڭ ئۆيىگە بېرىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشقا كىرىشتىم. تۇيۇقسىز ئىشىك چېكىلدى. قولۇمدىكى نەرسىلەرنى كارىۋات ئۈستىگە تاشلىدىم-دە، دەرھال ئىشىكنى ئاچتىم. ئىشىك ئالدىدا رەتلىك كىيىنگەن 16-17 ياشلاردىكى بىر قىز تۆت-بەش ياشلاردىكى بىر ئوغول بالىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇراتتى. مەن بۇ قىزنى ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغاچقا تەئەججۈپ بىلەن:

— بىرەركىمنى ئىزدەمتىڭىز؟ — دەپ سورىدىم.

— مەۋلىيە ھەدەم سىز بولامسىز؟ — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

— ھە، مەن بولىمەن.

ئۇلارنى ياتاققا تەكلىپ قىلدىم ۋە ئاندىن قىزدىن كېلىش مۇددىئاسىنى سورىماقچى بولۇپ تۇرغىنىمدا، ئۇ ئىنىسىنىڭ يانچۇقىدىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ ماڭا سۇندى. خەتنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدىم.

«قەدىرلىك مەۋلىيە، ياخشىمۇسىز. سىزنىڭ كەلگەنلىكىڭىزنى ئاڭلاپ، ئىنتايىن خۇشال بولدۇق. ئەمما سىزنى نەچچە قېتىم ئىزدەپمۇ كۆرۈشەلمىدۇق. ئەھۋالدىن قارىغاندا ياتىقىڭىزدا كۆپ تۇرمايدىغان ئوخشايسىز. مەۋلىيە، ھەرقانداق مۇھىم ئىشىڭىز بولغان تەقدىردىمۇ، ۋاقتىڭىزنى ئاجرىتىپ ئۆيىمىزگە كېلىپ مېھمان بولۇپ كېتىشىڭىزنى سورايمىز. ئائىلىمىزدىكى ھەممەيلەن سىزنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە. «قىزىل بايراق» سودا بازىرى ئالدىدىكى بىرىنچى يول ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ، ئەڭ ئاخىرقى بېكەتتە چۈشۈپ، ئوڭ تەرەپكە بۇرۇلۇڭ. يۈز مېترچە ماڭغاندىن كېيىن سول تەرەپتىكى تار كوچىغا كىرىڭ. تار كوچىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى قورۇ بىزنىڭ. مەن ئەسلى بۈگۈن يەنە ئۆزۈم بېرىپ سىزنى باشلاپ كەلمەكچىدىم، بەزەن ئىشلار تۈپەيلى بارالماي، سىڭلىمدىن بۇ خەتنى ئەۋەتتىم.

دەپ،

تاھىر»

خەتنى ئوقۇپ داڭقېتىپلا قالدىم. قانداق قىلىشىم كېرەك. تاھىر بىلەن ئايرىلىپ كەتكىلى ئۇزۇن يىللار بولغاچقا، ئۇنىڭ بە-

لەن چوقۇم كۆرۈشۈشنى نىيەت قىلىپ كەلگەنىدىم. بۈگۈن بارماقچى بولۇۋاتقان دوستۇمنىڭ ئۆيىمۇ شۇ كوچىدا ئىدى.

— مەۋلىيە ھەدە، بىز قايتايلى.

شۇ چاغدىلا چۆچۈپ يېنىمدا ئىككى بالىنىڭ بارلىقىنى ئېسىمگە ئالدىم.

— بىردەم ئولتۇرۇپ قايتىڭلار.

— بولىدۇ، خوش ھەدە!

مەن ئۇلارنى ئۇزاتقىلى چىققاچ قىزدىن سورىدىم:

— سىز تاھىرنىڭ...

— تاھىر ئاكام ئاپامنىڭ ئىنىسى بولىدۇ.

— بۇ بالا ئىنىڭىز بولامدۇ؟ — دەپ سورىدىم ئىشىكتىن چىقىۋاتقان بالىنى ئەركىلىتىپ.

— ياق، ئۇ تاھىر ئاكامنىڭ ئوغلى.

تىترەۋاتقان لەۋلىرىم بىلەن بۇدرۇق قىنىا كەلگەن بالىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدۇم. ئۇلارنى ئۇزىتىۋېتىپ، ياتاققا كىرىپ ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلىدىم.

*

1980 - يىلى كۈز مەزگىلى ئىدى. مەكتەپ ماگىزىنىدىن كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ ياتاققا قايتتىم. ماگىزىندىن چىقىپ تېخى بىرنەچچە قەدەم ماڭا - ماڭمايلا، پىركازچىك ئايال توۋلاپ قالدى.

— قىزىم بەش موچەن پۇلىڭىز قالدى.

بىر يىگىت بەش مو پۇلنى پىركازچىكنىڭ قولىدىن ئالدى - دە، ماڭا ئۇزارتتى. قولۇمنى ئۇزارتىۋاتقاندا نەزىرىم يىگىتكە چۈشتى. ئۇ بىر بىلەن پاراللېل سىنىپتا ئوقۇيدىغان ساۋاقدىشىم تاھىر ئىدى.

— رەھمەت سىزگە، — ئاۋارە قىلىپ قويدۇم.

ئۇ كۆزۈمگە تىكىلىپ تۇراتتى. مەن تارتىنىپ يەرگە قارىۋالدىم - دە، ياتاققا ماڭدىم. ياتاقتا دوستۇم تۇرغۇنئايلا قالغانىدى. باشقا ساۋاقداشلار ئۆيلىرىگە ۋە تۇغقانلىرىنىڭكىگە كەتكەنىدى. كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇرۇشۇمغا، تۇرغۇنئاي:

— ئاداش، بۈگۈن شەنبە، شۇڭا تانسىغا بېرىپ كېلەيلىچۇ؟ — دېدى.

— مىجەزىم يوق، ھېچ يەرگە بارمايمەن، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا جاۋابەن.

تۇرغۇنئاي ماڭا ئوخشاشلا ئېغىر - بېسىق، كەم سۆز قىز ئىدى. ئىككىمىز ھەرقانداق ۋاقىتتا بىر - بىرىمىزنىڭ سۆزىنى ئاڭلايدىغان سادىق دوستلاردىن ئىدۇق. نېمىشقىدۇر يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان ئۇ كۈندە دېگۈدەك تىياتىر، تانسىخانىلارغا يۈگۈرەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئىلگىرى بولسا ساۋاقداشلىرىمىز بىزنى «جازىسى ئېگىز قىزلار» دېيىشەتتى. چۈنكى ئۇلار بىزنى ھەرقانچە قىلىپمۇ كىنو - تىياتىرخانا ۋە تانسىخانىلارغا ئاپىرالمايتتى. شۇڭا تۇرغۇنئاينىڭ يېقىنقى كۈنلەردىكى بۇ ئۆزگىرىشلىرى مېنى ھەيرەتتە قالدۇرماقتا ئىدى. بولۇپمۇ بۈگۈن ئۇ بەك خۇشالدەك كۆرۈنەتتى. بىردەم ئۇ كۆڭلىكىنى، بىردەم بۇ كۆڭلىكىنى ئالماشتۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ قىزىقسىنىپ سورىدىم:

— ئاداش، بۈگۈن ساڭا نېمە بولدى، بەكلا خۇشال كۆرۈنىسەنغۇ؟

— كەچتە بىلىپ قالىسەن.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئۇ مېنى يەنە زورلاپ تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ رايىغا باقماي ئىلاجىم قانچە؟ ئىككىمىز بىر قۇر ياسى-

نىپ تانسىخانىغا ماڭدۇق. مەكتەپنىڭ غەربىي تەرىپىدە تانسىخانا بار ئىدى. ئىككى يىلدىن بۇيان مەن بۇ تانسىخانىغا ئۈچ - تۆت قېتىملا چىققانىدىم. تانسىخانا زالىغا كىرىشىمىزگە بىر ئوغۇل بالا بىزگە قاراپ:

— كېچىكىپ قالدىڭلارغۇ؟ — دەپ سورىدى.

— نەدىكىنى، تېخى تانسا باشلانمىغان تۇرسا، — تۇرغۇنئاي ئىتتىكلا جاۋاب بەردى.

بىز ھېلىقى بالا بىلەن ياندىشىپ زالنىڭ بىر تەرىپىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردۇق. يىگىت تۇرغۇنئايغا قاراپ:

— مەن ھازىرلا كېلىمەن، — دېدى - دە، سىرتقا چىقىپ كەتتى.

— ئۇ كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدىم تۇرغۇنئايدىن.

— ماۋۇ نېمە دەيدۇ، تېخى تونۇمايۋاتامسەن، ئۇ بىز بىلەن پاراللېل سىنىپتا ئوقۇيدىغان ئىرپان ئەمەسمۇ؟! ئۇ ھەقتە ساڭا ئۆتكەندە سۆزلەپ بەرگەنىدىمغۇ؟

— ھە، — دېدىم مەن چاندۇرماستىن.

ئىلگىرى تۇرغۇنئاي ئىرپان قاتارلىق بىرنەچچە بالا ھەققىدە سۆز قىلغاندا، مەن «ھە» دەپلا قويۇپ، ئۆز ئىشىم بىلەن بولۇۋەرگەنىدىم. نېمە ئۈچۈنكى ياتاقداشلىرىم يىگىتلەرنىڭ گېپىنى قىلىشقاندا، مەن پەرۋاسىزلا يۈرەتتىم. شۇڭا ئۇلار ماڭا مۇھەببەت توغرىلىق جىق گەپ قىلمايتتى. مانا ئەمدى دوستۇمنىڭ ئىرپان بىلەن قاچانلاردا تونۇشقانلىقىنى بىلەلمەسلىك مېنى ھەيرانلىققا سالماقتا ئىدى.

تانسا باشلاندى. قىز - ئوغۇللار جۈپ - جۈپ بولۇپ پىرقىراپ تانسا ئويناشقا باشلىدى. بۇ چاغدا ئىرپانمۇ سىرتتىن ئۇسسۇزلۇقلارنى كۆتۈرگىنىچە كىرىپ كەلدى. ئۇ تۇرغۇنئاي بىلەن تانسىغا چۈشتى. بىراۋلارنىڭ تانسىغا تارتىشىدىن قېچىپ ئىچكىرىرەك ئولتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، ئورۇن ئىزدەۋاتقىنىمدا، بىرىنىڭ:

— قېنى، مەۋلىيە تانسا ئوينايلى، — دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئاستا بېشىمنى كۆتۈردۈم. ئۇ ھېلىقى تاھىر ئىدى.

ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭغا قولۇمنى بەردىم. ئۇنىڭ قوللىرى بىرئاز تىترىگەندەك قىلسىمۇ، لېكىن كۆزلىرى مەندىن بىر نەرسە ئىزدەۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇ ھالنى كۆرۈپ يۈزۈم لەپپىدە ئوت ئالغاندەك قىزاردى.

— مەۋلىيە، بىرئازدىن كېيىن سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كىرسەك قانداق؟ — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا. بۇ سۆزنى ئاڭلاپ يۈرىكىم تىپچەكلەپ كەتتى، ئەمما ئۈنچىقمىدىم. ئۇنى ئۆزۈمگە بىرنەچچە قېتىم ئېگىلدۈرۈشنى خىيال قىلدىم. بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ مۇشۇنداق تەلەپ قويغان ئوغۇللارنى جاۋابسىز قالدۇراتتىم. ھەتتا ئۇلار ئىككىنچى قېتىم تانسىغا تەكلىپ قىلغان تەقدىردىمۇ، ھەرگىز ئوينىمايتتىم. بۈگۈن نېمە بولدۇمكىن، كۆڭلۈمدە ئۇنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلۇش ئىستىكى پەيدا بولدى. ھەتتا تاھىردىن باشقا يىگىتنىڭ تانسىغا تارتماسلىقىنى تىلىدىم. تاھىر ئىككىمىز بىرنەچچە رەت تانسا ئوينىدۇق.

يەنە مۇزىكا باشلاندى. بۇ قېتىم تاھىردىن بىزنىڭ سىنىپ باشلىقىمىز ئىلھام چاقىقان كەلدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن تانسا ئويناۋېتىپ، يەر ئاستىدىن تاھىرغا نەزەر تاشلىدىم. ئۇ مەندىن كۆز ئۈزمەي ئولتۇراتتى. ئىلھامنىڭمۇ ماڭا ئۇزۇندىن بېرى ئىچ - پەش تارتىپ يۈرگىنىنى بىلەتتىم.

— بەك ئىسسىپ كەتتىم، نېمە دېگەن

دىمىق ـ ھە؟ ـ دېدىم مەن خۇش ياقمـ
غانىدەك.

ـ ئۇنداقتا، تالاغا چىقىپ بىردەم سە-
گىسپ كىرەيلى، ـ دېدى ئۇ ئاران تۇر-
غاندەك.

ئۇنىڭ تەكلىپىنى جاۋابسىز قال-
دۇردۇم. مۇزىكا ئاياغلاشقاندا، ئاستا
ئورنىمغا بېرىپ ئولتۇردۇم. تۇرغۇن-
ئايغا دەپ قويۇپ ياتىقىمغا قايتىپ كېتىشنى
ئويلىدىم. تۇرغۇنئاي بولسا بۈگۈن
ئادەتتىن تاشقىرى خۇشال كۆرۈنەتتى.
ئۇ خۇددى تانسىنىڭ تۈگىمەس-
لىكىنى تىلەۋاتقاندەك ئىدى. ياتاققا
قايتماقچى ئىكەنلىكىمنى ئېيتقىنىمدا،
رەنجىگەندەك قىلىپ:

ـ مەۋلىيە، بۈگۈن ساڭا نېمە بولدى،
ئەتىگەندىن بۇيان ئىچىڭلالمايلا كەتتىڭغۇ؟ ـ
دېدى. مەن ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى
كۈتمەيلا:

ـ ئەمىسە سىرتقا چىقىپ كىرەي، ـ
دېدىم ـ دە، تانسىخانىدىن چىقىپ كەتتىم.

مەن مەجنۇنتاللىق ئارىسىدىكى
ئورۇندۇقلارنىڭ بىرىگە كېلىپ ئولتۇرۇشۇم-
غا بىرىنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

ـ مەۋلىيە...

ئۈتتىك بېشىمنى كۆتۈردۇم. ئالدىمدا
تاھىر تۇراتتى. ئۇنىڭدىن يەتتە ـ سەككىز
مېتىر نېرىدا تۇرغان ئىلھامغا نەزىرىم
چۈشتى.

ـ نېمىشقا يېنىپ چىقتىڭىز؟ ـ دەپ
سورىدى تاھىر ھەيرانلىق بىلەن.

ـ ھە، بىرئاز سالقىنداي دېگەنىدىم.

مەن ئورنىمدىن تۇردۇم ـ دە،
ئىلھامنىڭ كۆزىچىلا تاھىر بىلەن
يانمۇيان مېڭىپ، نېرىدىراقتىكى بىر
ئورۇندۇققا بېرىپ ئولتۇردۇم. مەجنۇنتال
شاخلىرى بىزنىڭ گەۋدىمىزنى يوشۇرۇپ
تۇراتتى. يۈرىكىم تىنىمسىز سوقاتتى. بىر
پەستىن كېيىن تاھىر گەپ باشلىدى:

ـ ئۇزۇندىن بۇيان سىزگە بىر ئىشنى
دېمەكچى بولۇپ كېلىۋاتاتتىم. ئىككىمىز
كەسىپ ۋە باشقا جەھەتلەردە چوقۇم
كېلىشەلەيمىز...

تاھىر سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرماستىنلا
يەرگە قارىۋالدى.

ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنى ماڭا
ئايان ئىدى. تۇيۇقسىز پۇتۇمنىڭ ئاستىدا بىر
نەرسە مىدىرلىغاندەك قىلدى. بىر چىپار
يىلان كۆزۈمگە چېلىقتى.

ـ ۋاي ئاپا! ـ دېدىم ـ دە، ئۆزۈمنى
تاھىرنىڭ قۇچىقىغا ئاتتىم.

ـ قورقماڭ، بۇ زەھەرسىز يىلان، لا-
بوراتورىيىنىڭ بىر تەجرىبە يىلانى يوقاپ
كېتىپتىكەن، چوقۇم شۇ يىلان بولسا كې-
رەك، ـ دېدى تاھىر مېنى قۇچاقلىغىنىچە
بەزلەپ تۇرۇپ. قورققىنىمدىن تاھىرنى يە-
نىمۇ چىڭ قۇچاقلىۋالغانىدىم. بىر پەستىن
كېيىن ئېسىمگە كېلىپ چۆچۈگىنىمچە تا-
ھىرنىڭ قۇچىقىدىن يۇلقۇنۇپ چىقتىم.

ۋاي خۇدايىم، نېمىدېگەن سەتچى-
لىك، ئۇنىڭ قۇچىقىدا قانچىلىك ۋاقىت
تۇرغاندىمەن ـ ھە؟ باشقىلار كۆرۈپ قالمىغان
بولسىلا بولاتتى، دېگەنلەرنى ئويلاپ ئەت-
راپىمغا قارىدىم. ئەتراپ تىپتىنچ ئىدى.
مەن تېخىچە پۇتۇمنى يەرگە قويالماي،
ئورۇندۇققا ئېلىپ تىترەپ ئولتۇرماقتا ئىدىم.

ـ قورقماڭ، يىلان كېتىپ قالدى، ـ
دېدى تاھىر مۇلايىملىق بىلەن.

مەن قىزارغان يۈزۈمنى قوللىرىم بىلەن

توستۇم ـ دە، ئورنىمدىن تۇرۇپلا ياتاققا قاراپ يۈگۈردۈم. تاھىر:

ـــ مەۋلىيە، ھەي مەۋلىيە! ـــ دەپ ۋارقىرىغىنىچە كەينىمدىن قاراپ قالدى.

ئەتىسى ياتاققا كىرسەم تۇرغۇنىناي كارىۋاتتا يېتىپ كىتاب ئوقۇۋاتقانىكەن، مەن ئاستا يېنىغا بېرىپ ئۇنى قۇچاقلىۋالدىم. ئۇنىڭغا ئاخشام بولغان ئىشلارنى قالدۇرماي سۆزلەپ بەردىم. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۇ كۈلۈپ تېلىقىپ قالدى. ئۇ ماڭا ئېسىلىپ تۇرۇپ:

ـــ بەك ياخشى بوپتۇ، يىلان يولۇقمىغان بولسا، مۇھەببەت دېگەن نەرسە ئېسىڭگىمۇ كەلمىگەن بولاتتى. مەن ئىرپان بىلەن يۈرۈۋاتقىلى بىر مەۋسۇمدىن ئاشتى.

ـــ نېمە، سەن نېمىشقا ماڭا دېمىدىڭ؟

ـــ گەپ باشلاي دەپ تۇرسام، گېپىمىنىڭ شېخىغا ئۆرۈۋېتىپ بارساڭ، بۇ ئىشلارنى ساڭا قانداق دېيەلەيمەن، ـــ دېدى ئۇ لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ـــ بىز ئىرپان بىلەن سېنى ئىزدەپ چىقساق، سەن يوق. مەن تېخى سېنى كونا كېسىلى قوزغىلىپ، تانسا ئاخىرلاشمايلا ياتاققا قېچىپتۇ، دەپ ئاچچىقلانغانىدىم. سەن قالتىس ئىشلارنى قىلىۋېتىپسەن ئەمەسمۇ!

ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە مېنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ:

ـــ دوستۇم، بەك ياخشى بوپتۇ. تاھىر كېلىشكەن بالا ئەمەسمۇ! ـــ دېدى.

شۇ قېتىمقى تانسىدىن كېيىن مۇھەببەت كوچىسىغا قەدەم باستىم. تاھىر ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزنى ھەقىقىي ياخشى كۆرۈشتۇق. مەكتەپتىكى بەش يىللىق ئوقۇش ھاياتىمىز ئاخىرلىشىپ تەقدىر ئاخىر بىزنى ئايرىدى. خىزمەت ئېھتىياجى ۋە ئاتا ـ ئانامنىڭ رايىغا بېقىپ مەن ئۆز يۇرتۇمغا كەتتىم. تاھىر بولسا شۇ شەھەردە قالدى. ئۇ ھەر ئايدا دېگۈدەك بىرقېتىم كېلىپ، مېنى يوقلاپ تۇراتتى، ئۇ ھەر قېتىم كەلگەندە يېنىمدا ئۇزاقراق تۇرۇشنى ئويلايتتىم...

شۇنداق قىلىپ خىزمەتكە چىققىلىمۇ ئىككى يىلدەك بولۇپ قالدى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئىشخانىدا ماتېرىيال كۆرۈۋاتاتتىم، بىرىنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. بېشىمنى كۆتۈرسەم ئالدىمدا تاھىر تۇرۇپتۇ. ھاياجانلانغىنىمدىن ۋارقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدىم. ئىككىمىز تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن، سىرتقا چىقىپ، بىر پەس ئايلانماقچى بولدۇق. باغچىغا كىرىپ پىنھان بىر جاينى تاللاپ ئولتۇردۇق. تاھىرنىڭ بۇ قېتىم كېلىشتىكى مەقسىتى ئاتا ـ ئانامغا ئەلچى ئەۋەتىش ۋە خىزمىتىمنى يۆتكەپ كېتىش ئىكەن. ئەمما ئاتا ـ ئانامنىڭ مەندىن پەقەت ئايرىلغۇسى يوق ئىدى. بۇندىن بۇرۇن ئانامغا بۇ ئىشنى پۇرىتىپ باقسام ئۇ، نېمىلەرنىدۇ باھانە قىلىپ، مەندىن رەنجىگەنىدى. مەن بەزىدە نېمە ئۈچۈن بىر تاللا قىز بولۇپ قالغان بولغىيتتىم. تۇرغۇنئايمۇ ئوقۇغان، ئۇ شەھەردە كەسىپ ئالماشتۇرۇپ قالدى. ئائىلىسىدە قىزلار كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈنلا سۆيگەن يىگىتى بىلەن بىر يەردە قېلىپ ئۆز بەختىنى تاپتى... دەپ ئويلاپ، ئىچ ـ ئىچىمدىن ئازابلىناتتىم.

ـــ مەۋلىيە، نېمىشقا گەپ قىلمايسىز؟!

تاھىرنىڭ ئاۋازى خىيالىمنى بۆلۈۋەتتى. مەن ئۇنىڭغا:

ـــ مەن سىزنى سۆيىمەن، تاھىر،

لېكىن ئاتا- ئانام زادى قوشۇلمايدىغاندەك
قىلدۇ، شۇڭا ئىككىمىز ئايرىلىپ كەت-
سەك ... — دېدىم.
بۇ گەپلەرنىڭ ئاغزىمدىن قانداق چى-
قىپ كەتكىنىنى ئۆزۈممۇ بىلمەي قالدىم.
— نېمە؟ — تاھىرنىڭ چىرايى ئۆز-
گىرىپ، كۆكۈش كۆزلىرى چەكچىيىپ كەت-
تى، — مەۋلىيە، مەن سىزدىن مۇشۇ گەپنى
ئاڭلىغىلى كەلگەنمىدىم. سىز...
مەن بىردىنلا تاھىرنى قۇچاقلاپ،
ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتىم.
ئۇ مېنى قۇچاقلىغىنىچە قېتىپ قالغاندەكلا
تۇراتتى.
— تاھىر، ئاتا- ئانامنى زادىلا قايىل
قىلالمىدىم. ئۇلارنى تاشلاپ كېتەي دېسەم
تېخى، قەلبىمنىڭ قانچىلىك پۇچۇلىنىۋات-
قانلىقىنى بىلەمسىز؟ — دېدىم مەن كۆز ياش-
لىرىمنى سۈرتۈپ.
— مەن بىلەن توي قىلسىڭىز ئۇلار
ئارزۇسىغا يېتەلمەمدىكەن؟ ئۇنداقتا مەن
يۆتكىلىپ كېلەي.
— ياق تاھىر، سىزنىڭ ئاپىڭىز يال-
غۇز، ھەدىڭىز بولغىنى بىلەن باللىرى كۆپ،
ئۆزىدىن ئېشىنالمايدۇ. ئۈستىلىمدە ئاپىڭىز-
نى يالغۇز تاشلىۋەتمەك.
ئۇ كۆزىگە لىق ياش ئالغىنىچە بې-
شىمنى سىلىدى... شۇنداق قىلىپ بۇ يەردە
بىر كېچىنى ئۆتكۈزدۇق. ئەتىسى كۆز
قىيماستىن ئايرىلدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن
ئۇ ماڭا خەتمۇ يازمىدى.
بىر كۈنى ئىشتىن كەچرەك قايتىپ
ئۆيگە كەلسەم، ئاپام تاماق تەييارلاپ مېنى
ساقلاپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ مەن غىزالىنىپ
بولغاندىن كېيىن:
— قىزىم، بۈگۈن ئۆيىمىزگە ئەلچى
كەلدى، خېلى يامان ئەمەس كىشىلەر ئىكەن،
ئۇنىڭ ئۈستىگە داداڭ بىلەن بىر يۇرتلۇق
ئىكەن، بىز سېنىڭ بەختسىز بولۇپ قېلى-
شىڭنى خالىمايمىز. ھېلىقى يات يۇرتلۇق
يىگىتنى ئېسىڭدىن چىقىرىۋەتكىن. ئەلچى
ئەۋەتكۈچىلەرنىڭ ھەممە تەييارلىقى تەل
ئىكەن. سەنلا ماقۇل دېسەڭ بولغىنى...—
دېدى.
— بولدى ئاپا، سۆزلىمىگىن، — دېدىم-
دە، ياتاق ئۆيۈمگە كىرىپ، ئىشىكنى تاقاپ
كارىۋاتقا ئۆزۈمنى تاشلىدىم. تاھىرنىڭ رە-
سىمىنى قولۇمغا ئېلىپ، ئۈنسىز ياش تۆ-
كۈشكە باشلىدىم. تاھىردىن خەت كەلمى-
گەندىن بۇيان بۇنداق ياش تۆكۈش ئادى-
تىمگە ئايلانغانىدى. كېچىچە كىرپىك قاقمى-
دىم. قانداق قىلىشىم كېرەك؟ ئاخىرى
دوستۇم تۇرغۇنئاي ئارقىلىق تاھىرنى خە-
ۋەرلەندۈرۈشنى توغرا تاپتىم.
ئەتىسى ئەتىگەندە ئىشقا كەلسەم،
ئۈستىلىمدە بىر پارچە خەت تۇرۇپتۇ.
كونۋېرتنىڭ سىرتىغا قارىدىم، ئۇ تۇرغۇن-
ئايدىن كەلگەن خەت ئىكەن. كونۋېرتنى
يىرتتىم. خەت يېرىم بەتلا يېزىلغانىدى.
«سالام دوستۇم، ياخشىمۇسەن. مەنمۇ
ھەر هالدا ياخشى تۇرۇۋاتىمەن.
مەقسەت: ساڭا بۇ خەتنى يېزىپ بى-
ئارام قىلىدىغان بولدۇم. دېمەكچى بولغى-
نىم تاھىر تويغا قوپۇپتۇ. كېلەر ئايدا توي
قىلىدىكەن. جورىسى ئۆزى بىلەن خىزمەت-
داش قىز ئىكەن. بۇنى ماڭا ئىرپان ئېيى-
تىپ بەردى... شۇڭا ئەڭ ياخشىسى باشقا
ئىشلىرىڭنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ، بىر كې-
لىپ كەتسەڭ.
دوستۇڭ: تۇرغۇنئاي»
پۇت - قوللىرىم تىترەپ كۆز ئالدىم

قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. ھەسرەت - نادامەت
بىلەن ئۆز - ئۆزۈمگە ئىچىدە قىلدىم:
مەۋلىيە سەن ۋىجدانسىزمۇ ياكى
ئۇمۇ؟ ئۇ ساڭا مەڭگۈ سەندىن باشقا بىرە-
رى بىلەن توي قىلىش خىيالىدا بولماي-
مەن، دېمىگەنمىدى. ئۆزى ئارانلا تۇرۇپ-
تىكەن - دە، ساختىپەز. تۇرغۇنئاي ساڭا دوست-
مۇ ياكى دۈشمەنمۇ؟ ئۇ نېمىشقا قەلبىڭ-
نى ئازاپلايدىغان بۇ خەۋەرنى يەتكۈ-
زىدۇ - ھە؟! تويغا قويۇپسىز، دەپ تاھىرنىڭ
ئالدىغا بارىدىغانغا مەن ساراڭمىدىم.
يازغان خېتىنى كۆرمەمدىغان بۇنىڭ بولدى،
ئۇنىڭدىن بۇرۇن توي قىلىپ، توي باغ-
قىنى بالدۇر ئەۋەتىۋالاي!

* *

تەشكىل كېچىكىپ توي قىلدى، دەپ
بىزگە بىر ئايلىق دەم ئېلىش بەرگەچكە،
بۈگۈن تويدىن كېيىن تۇنجى قېتىم خىز-
مەتكە كېلىشىم ئىدى.

— سىزگە ئىككى پارچە خەت كەلگە-
نىدى، بىر ھەپتىدىن بۇيان ساقلاپ قويغا-
نىدىم، — دېدى خەت - چەك تارقاتقۇچى
ئايال ئىككى پارچە خەتنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ.

تۇۋا، خەتلەرنىڭ بىرى تاھىرنىڭ،
يەنە بىرى تۇرغۇنئاينىڭ ئىدى. قوللىرىم
تىترەپ، پۇتلىرىم بوشىشىپ كەتتى. ئالدى
بىلەن تاھىرنىڭ خېتىنى ئاچتىم:

«مەۋلىيە، ياخشىمۇسىز؟ تويىڭىزغا
مۇبارەك بولسۇن. توي باغقىڭىزنى ئېلىپ
كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيلا قالدىم. سىزگە تۆت
يىلدىن بۇيان ئەقىدە قىلىپ يۈرگىنىمگە
پۇشايمان قىلدىم. ئەجەبا، ئۈچ ئاي ئىلگە-
رى بۇ ئىشنى ماڭا نېمىشقا دېمىگەنىدىڭىز...
دۇنيادا سىزگە ئوخشاش ۋىجدانسىز
قىزلاردىن يەنە قانچىسى باردۇ - ھە؟!
سىزدە ۋىجدان دېگەن نەرسە بارمۇ-
زادى...

سىزنىڭ مەڭگۈ بەختلىك بولۇ-
شىڭىزنى تىلەيمەن. بۇندىن كېيىن
ئەمدى سىزنى ئاۋارە قىلىپ ھەرگىز خەت
يېزىپ ئولتۇرمايمەن. بۇ ئاخىرقى خېتىم
بولۇپ قالسۇن!

تاھىردىن»

خەتنى ئوقۇپ داڭقېتىپ تۇرۇپ قال-
دىم. نېمىلەرنى قىلغىنىمنى، نېمىلەرنى
ئويلىغىنىمنى ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن. مېڭەم
چېڭقىلىپ كېتىۋاتاتتى.

بىر پەستىن كېيىن ئېسىمنى يىغىپ،
ئىككىنچى كونۋېرتنى ئاچتىم، تۇرغۇنئاي
يەنە قانداق ئويۇن ئويناۋاتقاندۇ
دېگەن خىيال مېنى خەتنى تېزرەك ئوقۇپ
چىقىشقا قىستىدى.

«دوستۇم مەۋلىيە، ياخشى تۇردۇڭ-
مۇ؟ ئەۋەتكەن توي باغقىڭنى كۆرۈپ
ھەيران قالدۇق. تۇۋا، مەۋلىيە، ئۆتكەندە
مەن ساڭا بىر پارچە خەت يازغانىدىم.
خەتنى ئوقۇسا چوقۇم كېلىدۇ دەپ ئويلى-
غانىدۇق. ئەسلى ئىش مۇنداق ئىدى:

— تاھىر سېنىڭ قېشىڭدىن قايتىپ
كېلىپ، قاتتىق ئاغرىپ كەتكەنىدى. مەن
سېنى ئەكىلىش ئۈچۈن ئاشۇنداق مەزمۇن-
دا خەت يېزىش ھەققىدىكى تەكلىپنى ئوت-
تۇرىغا قويۇپ، ئىزىپان بىلەن تاھىرنىڭ
پىكرىنى ئالغانىدىم، ئۇلار قوشۇلدى. بۇ
خەت ئەكسىچە سەن ئۆزۈڭ ياخشى كۆر-
مەيدىغان، ھەتتا بىر سورۇندا بىرەر

قېتىممۇ بىللە ئولتۇرمىغان بىر يىگىت بىلەن توي قىلىشىڭغا سەۋەبچى بوپتۇ. ئالدىڭدا كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزدۈم. شۇندىن بېرى تاھىرنى كۆرسەممۇ قېچىپ يۈرۈيمەن. توي خەۋىرىڭنى ئاڭلاپ تاھىر يەنە يېتىپ قالدى. ئىرپان دائىم دېگۈدەك بېرىپ ئۇنى يوقلاپ تۇردى. ئىرپانىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ تېخى ئالدىنقى ھەپتىدە خىزمەتكە چىقىپتۇ. بەكلا ئورۇقلاپ، تېنى ئاجىزلاپ كېتىپتۇ.

10 - ئايدا ئىرپان ئىككىمىز توي قىلماقچى، يولدىشىڭ بىلەن تويىمىزغا قاتنىشىپ بېرىشىڭنى سورايمەن. ۋاقتى كەلگەندە باغاق ئەۋەتىمەن. خەير - خوش، بەختلىك بولغىن!

دوستۇڭ: تۇرغۇنئاي»

خەتنى ئوقۇپ بولۇپ پۈتۈن ئەزايىم تىكەنلىشىپ كەتتى. خۇددى تۇمان ئىچىدە قالغاندەك يۈرىكىم سىقىلدى. چېكە تومۇرلىرىم لوقۇلداپ ئاغرىماقتا ئىدى. ئاپامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئارام ئالماقچى بولۇپ ئىدارىدىن چىقتىم. يول بويى ئادەم - ئىنسان يوق بىرەر جاي بولسىدى، ئاۋازىمنى قويۇۋېتىپ راسا يىغلىۋالسام، دەپ ئويلايتتىم. تاھىر نېمىشقا مېنى خاتا ئەيىبلەيدۇ، ئەسلىدە تۇرغۇنئاي ھېلىقى خەتنى يازمىغان بولسىدى...

شۇندىن كېيىن تۇرغۇنئايىنىڭمۇ، تاھىرنىڭمۇ كېيىنكى ئىشلىرىدىن خەۋەر تاپالمىدىم.

* *

— مەۋلىيە ھەدە نېمانداق خىيال سۈرۈپ ياتىسىز؟ قاتتىق ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. كۆتىكۆچى قىزنىڭ قاچانلاردا ياتاقتا كىرگەنلىكىنى سەزمىگەنىكەنمەن. سائىتىمگە قارىدىم: بىردەمدە ئۈچ سائەت ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بازاردىن نەرسە كېرەك سېتىۋېلىپ ئالدى بىلەن تۇرغۇنئايىنىڭ ئۆيىگە، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە تاھىرنىڭ ئۆيىگە بېرىشنى ئويلاپ ياتاقتىن چىقتىم.

ئاپتوبۇستا ئولتۇرۇپ ئاخىرقى بېكەتتە چۈشۈپ كىشىلەردىن سوراپ يۈرۈپ، بىر قورۇ ئالدىغا كەلدىم. ھويلا ئىچى چىنىدەك پاكىز ئىدى. ئۆي ئىچىدىن ئۇنىئالغۇدىن چىنقىۋاتقان مۇڭلۇق ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى. ئىشىكنى ئاستا چەكتىم. ئىشىك ئېچىلىپ تۇرغۇنئاي كۆرۈندى.

— ۋاي خۇدايىم، مەۋلىيەمۇ سەن؟

تۇرغۇنئاي ئۆزىنى ئاتقىنىچە مېنى قۇچاقلىدى. بىر پەس يىغلاشتۇق، كېيىن كۈلۈشۈپ ئۆيگە كىردۇق. بىر - بىرىمىزگە تويماي قارىشىپ ئولتۇرۇپ ئەھۋال سوراشنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىپتۇق.

— ئاداش، ئۆيدە ئىرپان كۆرۈنمەيدىغۇ؟— دېدىم مەن قولۇمدىكى سومكىنى ئۈستەل ئۈستىگە قويۇۋېتىپ.

تۇرغۇنئاي ماڭا قاراپ ئاۋۋال كۈلۈمسىرىدى، كېيىن بىردىن رەڭگى ئۆزگەردى - دە، لېۋىنى چىشلەپ يەرگە قاراۋالدى. مەن يەنە سوئال قويدۇم.

— قانچە بالاڭ بار؟

— ئۈچ بالام بار، ئىككىسى قىز، بىرى ئوغۇل. سېنىڭچۇ؟!

— ئىككى بالام بار، بىرى قىز، يەنە بىرى ئوغۇل. ئىرپان ياخشى تۇرغاندۇ؟

ئۇ ماڭا ئۇزاق تىكىلدى ـ دە، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ:

ــ ئۇ ئۆلۈپ كەتتى، ــ دېدى.

ــ نېمە، قاچان؟

ــ 10 يىل بۇرۇن. توي قىلىدىغانغا بىر ھەپتە قالغاندا ماشىنا ھادىسىسىگە ئۇچرىدى.

مەن تۇرغۇنئايغا قاراپ قېتىپلا قالدىم. تووۋا خۇدايىم، ئۇنى مۇراد ـ مەقسىتىگە يەتتى دېسەم، بۇ تەقدىرنى قارىڭ، ئۇمۇ يەتكۈچە ئازاب تارتىپتىۇ ـ دە! ئاھ، بەختسىز تۇرغۇنئاي...

ــ ھازىرقى يولدىشىڭ نېمە خىزمەت قىلىدۇ؟ ــ دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

ــ شەھەرلىك مالىيە ئىدارىسىدە، بىز بىلەن پاراللېل سىنىپتا ئوقۇغان، ئۇنى سەنمۇ تونۇيسەن. ئەتىگەندىن بېرى ئۇ سېنىڭ يولۇڭغا تەقەززالىق بىلەن قارىدى. تېخى ھېلىراقتا نەرسە ـ كېرەك ئەكىلىشكە بازارغا بۇيرۇغانىدىم.

ــ مېنىڭ كېلىدىغانلىقىمنى قانداق بىلدىڭلار؟

ــ بۇ شەھەرگە سېنىڭ كەلگەنلىكىڭنى ساۋاقداشلاردىن ئاڭلىدىم، نەچچە قېتىم ئىزدەپ بېرىپ كۆرۈشەلمىدىم، كېيىن بالىلارنى ئەۋەتكەنىدىم.

ئۇنىڭ سۆزى ئاياغلاشماي تۇرۇپ، دالان ئۆينىڭ ئىشىكى تاراقشىدى. تۇرغۇنئاي:

ــ ئەنە، ئۇمۇ يېتىپ كەلدى، ــ دېدى ـ دە، يولدىشىنىڭ ئالدىغا چىقىپ كەتتى. مەن ئۆزۈمنى تۈزەشتۈردۈم.

ئىشىك پەردىسى قايرىلدى.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

ئورنىمدىن تۇرۇپ داڭقېتىپلا قالدىم. ئاجايىپ ئىش ـ ھە! بۇ ئۇچۇممىدۇ ياكى چۈشۈممىدۇ؟ مەندىن ئەھۋال سوراۋاتقان كىشى دەل تاھىر ئەمەسمۇ؟

تاھىرنىڭ كۆزلىرىدىن ماڭا بولغان نەپرەتمۇ، ياكى مۇھەببەتمۇ، ئىشقىلىپ بىرخىل نۇر چاقنىماقتا ئىدى.

مەن ئورنىمدا داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدىم.

ئاھ، تەقدىر شۇنداقمىدۇ؟

**بەختىيار پازىل**

**مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن**

# مومامنىڭ كالىچى

(ھېكايە)

ھەر يىلى بارات ئېيى كىرىشى بىلەن بالىلىق دەۋرىمدىكى بىر ئىش يادىمغا كېلىدۇ. مەن ئۇ چاغدا سەككىز ياشتا ئىدىم. ئۇ بارات ئېيىنىڭ تۈنەك كېچىسى مەنمۇ بارات ياقماقچى بولۇپ، ھويلىمىزنىڭ بۇلۇڭ پۇشقاقلىرىنى، قوتان ـ ئېغىللارنى ئاختۇرۇپ، بىرەر قاپاق ياكى رېزىنكە تۇرماق ئەسكى ئاياغمۇ تاپالماي جېلى بولۇپ تۇراتتىم، بىردىن كۆزۈم

بوسوغا يېنىغا قويۇپ قويغان مومامنىڭ كا-
لىچىغا چۈشتى-دە، خۇشاللىقتىن ئاغزىم قۇ-
لىقىمغا يەتتى...

كالاچىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئويـ
لىنىپ قالدىم، چۈنكى مومامنىڭ ياماق
ئۈستىگە ياماق چۈشكەن بۇ كالىچىدىن باشـ
قا كالىچى يوق ئىدى. بۇنى كۆيدۈرۈۋەتـ
سەم مومام ئامالسىز يېگىدىن بىرنى سېتىـ
ۋالار، دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزۈپ،
كالاچنى قوينۇمغا تىقىپ، تالاغا ئېلىپ چىـ
قىپ، ئالدىن تەييارلاپ قويغان ئۇزۇن تاـ
ياقىقا سىم بىلەن مەھكەم قىلىپ باغلىدىمـ
دە، ئۇنىڭغا ئوت تۇتاشتۇردۇم. ئۇنى كۆـ
تۈرۈپ بىر توپ باللار ئىچىگە قېتىلىپ،
قىن قىنىمغا سىغمىغان ھالدا بېيىت ئېيـ
تىشقا باشلىدىم:

بارات كەلدى
تۈيدۈڭلارمۇ؟
بىزگە قويماق
قويدۇڭلارمۇ...

مېنىڭ ئاۋازىم ھەممە باللارنىڭكىدىن
چىلىك ۋە ياڭراق چىقاتتى. بىز بۇ كونى
بەكمۇ كۆڭۈللۈك ئويىندۇق.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرسام
سىرتتا شارقىراپ يامغۇر يېغىۋاتقانىكەن،
مەن ھاپىلا - شاپىلا چېيىمنى ئىچتىم-دە،
دېرىزىدىن سىرتقا قارىدىم. يامغۇر توختايـ
دىغاندەك ئەمەس ئىدى، ئەمدى قانداق قىـ
لارمەن؟ مەكتەپ بىزنىڭ كەنتتىن يەتتەـ
سەككىز كىلومېتر نېرىدىكى يېزا مەركىزىدە
ئىدى. بۈگۈن قېرىشقاندەك بىزنىڭ سىنىپـ
تا ئوچۇق دەرس بولاتتى. شۇڭا، ئوقۇتقۇـ
چىمىز بىزگە «ئەتە ئائىلەڭلەردە قانداق
مۇھىم ئىش بولۇشتىن قەتئىينەزەر سىنىپقا
بۇرۇن كىرىپ بولۇڭلار» دېگەنىدى. يامـ
غۇر شۇنداق قاتتىق يېغىۋاتسا مەكتەپكە
قانداق بارىمەن... شۇلارنى ئويلاپ يىغـ
لىۋېتىشكە ئازلا قالدىم-دە، سۇپىغا ئۆزۈمنى
تاشلىدىم.

— ئارمانجان، مەكتەپكە ماڭماي دېـ
مەيسەنغۇ قوزام؟ — دېدى مومام مېنىڭ
تېخىچىلا مەكتەپكە ماڭماي تۇرغىنىمنى
كۆرۈپ مۇلايىملىق بىلەن.

— يامغۇر يېغىۋاتسا قانداق ماڭىمەن؟
يامغۇر ياغقاندا ئۆستەڭنىڭ سۈيى كۆپىـ
يىپ، بىز ئۆتىدىغان تاختاي كۆۋرۈكنى
بېسىۋالىدىكەن، مەن ئۇ يەردىن ئۆتۈشتىن
قورقىمەن، — دېدىم مەن يىغلامسىراپ.

— ھە، توغرا دەيسەن بالام، ئېسىم
قۇرۇسۇن، يۈر بالام، مەكتىپىڭگە مەن ئاپىـ
رىپ قوياي.

مومام شۇنداق دېدى-دە، پەگادىن
نېمىندۇر بىر نېمىنى ئىزدەشكە باشلىدى.

— مېنىڭ كالىچىم نەگە كەتتىكىنا؟ —
مومامنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ يۈرىكىم جىغـ
غىدە قىلىپ كەتتى. مەن نېمە قىلارىمنى
بىلەلمەي قالدىم.

— ھوي ئارمانجان بالام، ئاخشام كاـ
لىچىمنى كۆيدۈرۈۋەتمىگەنسەن؟ —

— يا... ياق موما، مەن كالىچىڭنى كۆيـ
دۈرمىدىم.

مومام شۇنچە ئىزدەپمۇ كالىچىنى تاـ
پالمىدى-دە، ئېغىر ئۇھ تارتىپ ئۆز
ئۆزىگە سۆزلىگەندەك:

— ھەي شۇملارەي، مېنىڭ كالىچىمنى
ئوغرىلاپ ئەچىقىپ «بارات ياقتۇق» دەپ
كۆيدۈرۈشكەن ئوخشىمامسەن؟ — دېدى-دە،
بېشىغا ياغلىقىنى ئارتىپ، مېنى يېتىلەپ
ئۆيدىن چىقتى. يول بەكلا تېيىلغاق
ئىدى. مومام مەسە بىلەنلا يولغا چىققانىـ

ندى. ھەربىر ماگدامدا دېگۇدەك سۇ يىغىلىپ قالغان كۆلچەككە كىرىپ كېتەتتى. يامغۇر تېخىچىلا چېلەكلەپ قۇيۇلماقتا. مومامنىڭ چەت-چۆرىسى يىرتىق مەسىسىنىڭ ئىچىگە سۇ كىرىپ كەتكەندى، ئۇ بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، مېگىپ مېنى مەكتەپ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ قويدى-دە، ئۆزى يەنە سۇ كېچىپ كەينىگە ياندى.

شۇندىن كېيىن بىرنەچچە كۈنگىچە چىۋىن يەۋالغاندەك بىئارام بولۇپ يۈردۇم. چۈنكى، مومامنىڭ شۇ كۈندىن باشلاپ رېماتىزم كېسىلى قوزغىلىپ ئاسقاقلاپ قالغاندى. يەنە تېخى مەسىسى يىرتىلىپ، يامىسىمۇ چۆرىسى تۇتمايدىغان بولۇپ قالدى. مەن شۇندىلا مومامنىڭ كىيىدىغان باشقا ئايىغى يوقلۇقىنى، يېڭىسىنى ئالغۇدەك پۇلىنىڭ يوقلۇقىنى سەزدىم.

بىچارە مومام شۇ يىلى قىشتىن ئەپلەپ-سەپلەپ چىقىۋالدى-دە، يازنى باشقا يېزا ئاياللىرىغا ئوخشاش يالاڭئاياق ئۆتكۈزدى. مەن مومامنىڭ پۇتىغا ھەربىر قارىسام كۆزلىرىمگە ياش كېلىپ، مومامنىڭ كالىچىنى كۆيدۈرگىنىمگە ئۆكۈنەتتىم. مومام بەزىدە:

— داداڭ-ئاپاڭ كۆمۈر كانىدىن قايتىپ كەلسە، ئائىلىمىزنىڭ ئەھۋالى ياخشىلىنىپ كېتەتتى، — دەپ قوياتتى. دادام بىلەن ئاپامنى كۆرمىگىنىمگە خېلى بولغاندى. ئۇلارنى شەھەردىكى ئىدارىسى تەرىپىدىن شەھەردىن يىراق بىر جايدىكى كۆمۈر كانىغا چۈشۈرۈۋەتكەندى. ئۇلار مېڭىشىنىڭ ئالدىدا مېنى مومامنىڭ يېنىغا ئەكىلىپ قويغانىدى. شۇندىن بېرى ئۇلارنى تازىمۇ سېغىنغانىدىم. بەزىدە ئۇلارنى چۈشۈمدە كۆرۈپ يىغلاپ ئويغىنىپ كېتەتتىم.

ئاشۇ يىللار ئاخىرى ئۆتۈپ كەتتى. دادام بىلەن ئاپام ئۆز ئورنىغا قايتىپ كېلىپ خىزمىتىگە چۈشتى ۋە مېنى يېنىغا ئاپىرىۋالدى. لېكىن، مومام يېزىدىن ئايرىلىپ بىز بىلەن شەھەردە تۇرۇشقا ئۇنىمىدى. مەن تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا ماڭىدىغاندا دادام ماشىنا بىلەن مومامنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئارانلا ماڭاتتى.

مومام ئىككىمىز قۇچاقلىشىپ، كۆز يېشى قىلىپ خوشلاشتۇق. مەن ئوقۇشقا كەتتىم. بارغان يىلىمنىڭ تۇنجى تەتىل ھارپىسىدا مومامغا ئاتاپ بىر جۈپ مەسە كالاچ سېتىۋالدىم.

قىشلىق تەتىلدە خۇشال-خۇرام ئۆيگە كەلدىم. دەرۋازىدىن كىرىشىمگىلا بېشىغا ئاق ياغلىق سالغان ئاپام بىلەن سىڭلىم ماڭا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى. مەن مومامنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتىم. مومام قازا قىلغىنىغا ئون كۈن بولغانىكەن، مومام ئۆيدىكىلەرگە ماڭا خەۋەر قىلماسلىقنى، ئوقۇشۇمغا تەسىر يەتكۈزمەسلىكنى ۋەسىيەت قىلغانىكەن.

مەن مومامنى قايتا كۆرەلمىگىنىمگە، مومامغا ئاتاپ ئەكەلگەن سوۋغامنى ئۇنىڭغا كۆرسىتەلمىگىنىمگە ئېچىنىپ يىغلىدىم.

شۇندىن كېيىن بارات ئېيىدىن نەچچىسى ئۆتۈپ كەتتى. ھەر بىر باراتتا مومامنى ئەسلەپ كۆز يېشى قىلىمەن. مومام كىيىشكە نېسىپ بولمىغان كالاچنى تەۋەررۈك ئورنىدا ساقلاپ قويدۇم. ئۇنىڭغا ھەر بىر قارىسام مومامنىڭ مېھرىبانلىق يېغىپ تۇرغان چىرايى كۆز ئالدىمدا نامايان بولىدۇ...

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

نۇرمەھەممەت ئىسمايىل

# تۇزاق

(ھېكايە)

كېرىم مۇدىر ئالدىرىماي ئېغىر قەدەملەر بىلەن ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلگەندە، ئۇنى چىرايلىققىنا كەلگەن ياش ئايال ئېھتىرام بىلەن كۈتۈۋالدى.

مۇدىر كەيپچىلىك ۋە ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزارغان كۆزلىرىنى پورۇشتۇرۇپ، ئۆزىگە ناز-كەرەشمە بىلەن قىيا بېقىپ تۇرغان قەمەرگۈلنىڭ ئالدىغا كەلدى-دە، ئىككى قولىنى ئۇنىڭ يادەك ئېگىلىپ تۇرىدىغان بېلىگە قويۇپ، ئېچىرقىغان كالىدەك كالپۇكىنى تامشىغىنىچە، قىسقا بويىنىنى ئالدىغا سوزدى.

— ۋىيەي... ھېلى بىكار بىرى كىرىپ قالسا...

دەرۋەقە دەل شۇ پەيتتە قېرىشقاندەكلا ئىشىك تۇيۇقسىز ئېچىلدى. ئۇلار ئالاقزادىلىك بىلەن بىر-بىرىدىن يىراقلاشتى. ئىشىك ئالدىدا قولىدا سومكا تۇتقان بارات تەئەججۇپ ئىچىدە ئۇلارغا قاراپ تۇراتتى. باراتنىڭ كۆزلىرى بۇ ھاياسىز كۆزلەر ئالدىدا ئاجىز كەلدىمۇ، ياكى نومۇس كۈچى غالىب كەلدىمۇ، يان تەرەپكە يۆتكەلدى.

بارات خىزمەتكە چىققىنىغا ئەمدىلا بىر يىل بولغان 20 ياشلاردىكى يىگىت بولۇپ، مۇشۇ مەكتەپنىڭ كاسسىرى ئىدى. ئۇ ئادەتتە كەم سۆز، تارتىنچاق بولغىنى بىلەن ئاسانلا ھاياجانلىناتتى.

غۇنچە بوي، يۇملاق يۈزلۈك، چىرايلىققىنا قەمەرگۈل توي قىلغىنىغا ئۈچ يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، تېخى پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەنىدى. ئۇنىڭ يولدىشى بۇندىن بىر يىل بۇرۇن ئۈرۈمچىگە ئىككى يىللىق بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلگەنىدى. بۇ يىل ئوقۇش باشلاش ھارپىسىدا كېرىم مۇدىر قەمەرگۈلنى مەكتەپنىڭ يوقلىما دەپتىرىنى تۇتۇشقا قويغانىدى.

— قېنى يوقلىما دەپتەرنى ئېلىپ كېلىڭ، — دېدى كېرىم مۇدىر گويا باياتىن بېرى بۇ يەردە ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىگەندەك خاتىرجەم ھالدا. باراتقا ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇرۇۋالغان قەمەرگۈل تارتمىسىدىن يوقلىما دەپتەرنى ئېلىپ گەپ-سۆز قىلماستىن مۇدىرنىڭ ئالدىغا قويدى-دە، ئورنىغا بېرىپ بايىقىدەكلا ئولتۇرۇۋالدى.

— ماۋۇ 10 مىنۇت سەۋەبلىك كېچىكتى دېيىلگەن قانداق گەپ؟

مۇدىرنىڭ بۇ سوئالىغا قەمەرگۈل ئورنىدا ئولتۇرۇپلا جاۋاب بەردى:

— شۇ كۈنى ئېزىزكامنىڭ ئايالى ئاغرىپ قېلىپ، كېچىچە دوختۇرخانىدا بوپتۇ. ئەتىگىنى رەسمىيەتلەرنى بېجىرگىچە كېچىكىپ قاپتىكەن.

— بۇ گەپچە ئىشتىن بۇرۇن خەۋەر تاپمىدىڭلار، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، بىراق ئۇلارنىڭ ئۆيى مەكتەپكە يىراق، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تۇغۇت ئىشىكەن...

— بولدى، بولدى، — مۇدىر قولىنى

سىلكىدى، — تۇغۇت ئىشى بولسا نېمە بوپتۇ، تۇغسا ئۇنىڭ ئايالى تۇغىدى، ئۆزمىكەن-يا؟! بۇنى دەرھال سەۋەبسىز قىلىپ ئۆزگەرتىڭ، بەلگىلىمە بويىچە بىر كۈنلۈك ئىش ھەققى تۇتۇلسۇن!

قەمەرگۈل يوقلىما دەپتەرنى قولىغا ئېلىپ، بۇيرۇقنى ئىجرا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن خۇلاسە بەتتىكى 320 يۈەن دېگەن رەقەم 332 يۈەنگە كۆتۈرۈلدى. بۇ ئاران يىگىرمە نەچچە ئوقۇتقۇچى-خىزمەتچىسى بولغان كىچىككىنە مەكتەپنىڭ خىزمەت قالدۇرغان دېگەن سەۋەب بىلەن ئوقۇتقۇچى-خىزمەتچىلەردىن بىر ئايدا تۇتۇلغان پۇل، بۇ يەردىكىلەرنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا «ئۆز كۈچىگە تايىنىپ قىلغان كىرىمى» ئىدى.

تۇۋا! بۇ ئادەمنىڭ رەزىللىكىنى كۆرمەمدىغان، ئۆزى ھەر كۈنى دېگۈدەك كېچىكىپ كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر-ئىككى كۈنلەپ يوقاپ كېتىدۇ، يوقلىما دەپتەرگە بولسا ھېچ نەرسە يېزىلمايدۇ. تېخى كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ: «مۇدىر دېگەن مەمۇرىي خادىم، شۇڭا يوقلىما قىلىش ھاجەتسىز» دەيدۇ. تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ، ياخشىلارغا قاراپ تۇرۇپ ئۇۋال قىلىدۇ. بۇ نېمىدېگەن ناھەقچىلىق. ھېلىمۇ ياخشى ھوقۇقنى خەلق بەرگەن دەيدىكەنمىز، ئەگەر ھوقۇق خۇسۇسىي مۈلۈك دېيىلگەن بولسا، ئادەمنى ئوتتا تىرىك پېتى پۇچۇلاپ يەيتتىمىكىن-تاڭ...

— ساڭا نېمە بولدى بارات، چىرايىڭ بىر قىسىملا بولۇپ قالدىغۇ؟ — مەڭدەپ قالغان بارات مۇدىرنىڭ سوئالى بىلەن ئۆزىگە كەلدى، — مائاشنى ئېلىپ كەلدىڭمۇ؟

— ئەكەلدىم.

— ئۇنداق بولسا مۇنۇ پۇللارنى قالدۇرماي تۇتۇۋالغىن. يەنە بىر گەپ، ئەتە مەن شەھەرگە 10 كۈنلۈك يىغىنغا بارىمەن. سەن ماڭا 500 يۈەن پۇل ھازىرلاپ بەر. بەزى ئىشلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ-بۇنىڭ ئالدىغا دوقۇرۇدىغان ئىش، بۇنىچىلىك پۇلغۇ ھېچ نەرسىگە يارىمايدۇ، شۇنداق بولسىمۇ مەكتەپ ئۈچۈن ماڭمىساق بولمايدىغان گەپ-تە.

بارات مۇدىرنىڭ مۇنداق ئىشلىرىغا نارازى بولسىمۇ، بۇ قېتىم مەكتەپ ئۈچۈن بەزى نەرسىلەرنى ھەل قىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، دېگەن ئۈمىد بىلەن شۇ يەردىلا 500 يۈەن پۇلنى چىقىرىپ، مۇدىرنىڭ ئالدىغا قويدى ۋە:

— مۇمكىن بولسا بىرەر پارچە ھۆججەت قالدۇرۇپ قويسىڭىزكەن، — دېدى.

— نېمە؟ مېنى بۇ پۇللاردا ئويۇن ئويناۋاتىدۇ دەپ ئويلىمايدىغانسەن؟ قولۇڭدا خېتىڭ بولغاندىكىن بىر يەرگە ئىلىپلا قويساڭ بولمىدىمۇ؟!

بارات ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىدىن قاتتىق غەزەپكە كەلگەن بولسىمۇ، ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇشقا مەجبۇر بولدى. چۈنكى ئۇ مۇدىرنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۆزىنى خېلىلا بىلىملىك چاغلايدىغان كېرىم مۇدىر بۇيرۇق چۈشۈرۈش، قورۇق سۆلەتتىن باشقا ھېچقانداق بىر يېڭى پىكىر ۋە يېڭى ئىشنى قىلىپ باقمىغان بولسىمۇ، كىشىلەر نەزەرىدىن خالىيراق بولغان خىلۋەتتىكى بۇ مەكتەپتە ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆزى بىلگەنچە ھوقۇق يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتاتتى.

بىر چاغلاردىكى شېرىن-شېكەر ئايالىنى بۈگۈنگە كېلىپ «كارغا كەلمەيدىغان كېسەل كۆرپىسى» گە چىقىرىۋەتكەن

كېرىم مۇدىر زىبۇ ـ زىننەتكە ئامراق،
ساددا قەمەرگۈلنىڭ تومۇرىنى تۇتۇۋېلىپ،
ئۇنىڭ بىلەن ئاپاق ـ چاپاق بولۇپ يۈرگە ـ
نىگە خېلى بوپقالغانىدى. مانا، بۈگۈنمۇ ئۇ
قەمەرگۈلنىڭ ئۆيىدە خۇددى ئۆز ئۆيىدى ـ
كىدەك بىمالال ئولتۇرۇپ كەچلىك غىزا
يېمەكتە.

ــ مەن شۇ تاپتا نازۇك بىر ئىشقا
دۇچ كېلىۋاتىمەن، بۇ ئىشنى دەرھال
بىر تەرەپ قىلمىساق بولمايدىغاندەك
تۇرىدۇ، ــ دېدى مۇدىر تاماقتىن كېيىن
غەمكىن تەلەپپۇزدا.

ــ قانداق نازۇك ئىش ئۇ؟

ــ بۇ ئىشتا پەقەت سىزلا كارغا
كېلىسىز.

ــ نېمە؟ نېمە دەيدىغانسىز ئەمدى،
مەن سىزگە نېمە ئىش قىلىپ بېرەلەي ـ
مەن؟ ــ جىددىيلىشىپ يەنە سورىدى
قەمەرگۈل.

كېرىم مۇدىر بىرى ئۆزلىرىنىڭ
گېپىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلاۋاتقاندەك ئېھتى ـ
يات بىلەن ئەتراپقا قاردۋېتىپ، ئاغزىنى
قەمەرگۈلنىڭ قۇلىقىغا يېقىن ئاپىرىپ
بىر نېمىلەرنى دەپ شىۋىرلىدى.

ــ ھە؟! ئۇنداق قىلساق قانداق
بولىدۇ؟ ــ قەمەرگۈل چۆچۈگەن ھالدا
مۇدىرغا قارىدى.

ــ قورقماڭ چىرايلىقىم، ئەمدى
شۇنداق قىلمىساق زادى بولمايدۇ. بۇ
ھەر ئىككىمىز ئۈچۈن ئوخشاشلا مۇھىم
ئىش، ــ ئۇ ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئالاھىدە
بىر تەلەپپۇزدا دەۋېتىپ، قەمەرگۈلنىڭ
نازۇك بارمىقى ئۇستىدە يالتىراپ تۇرغان
ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈكنى باش بار ـ
مىقى بىلەن سىلىنەرلىك قىلىپ بېسىپ

قويدى. قەمەرگۈل كۆزىنى يۇمغىنىچە
لام ـ جىم دېمەي ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ
ھەرقانچە ئويلىنىپمۇ بۇ ئىشنىڭ ھۆددى ـ
سىدىن چىقالايدىغانلىقىغا جەزم قىلالمىدى.
بىراق ئۇ ئۆزىنىڭ مۇدىرنىڭ گەۋدى ـ
سىگە يۆلىنىپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىپ،
ئۆزىنى خېلى جانلىنىپ قالغاندەك ھېس
قىلدى.

كېرىم مۇدىر يىغىنغا كەتكەندىن
كېيىن مەكتەپتىكى ئىشلار ئۆز يولى
بويىچە داۋام قىلىۋەردى. بارات دەسلەپكى
كۈنلەردە قەمەرگۈلگە چىرايىنىمۇ ئاچمىدى،
ئۇنىڭ گەپلىرىگە بولسا سوغۇققىنە جاۋاب
قايتۇرۇپ يۈردى. بىراق قەمەرگۈل ئۇنىڭ ـ
دىن رەنجىمىدى، ئەكسىچە باراتقا مېھرى ـ
بانلىق بىلەن قىزغىن مۇئامىلە قىلىۋەردى.
ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتۈپ باراتنىڭ
قەمەرگۈلگە بولغان قارىشى ياخشىلىنىشقا
باشلىدى. ئۇ ھېلىقى كۈنى كۆرگەن سەت ـ
چىلىكنى مۇدىرنىڭ شۇ چاغدىكى تاسادىپىي
تۇتۇپ قالغان تەلۋىلىكىدىن بولغان
بولسا كېرەك، دەپمۇ ئويلاپ قالدى.

بىر كۈنى ئىشتىن چۈشكەندە قەمەر ـ
گۈل بىلەن بارات يولدا ھەمراھ بولۇپ
قالدى. بىردەم نېرى ـ بېرى گەپلەردىن
كېيىن قەمەرگۈل باراتقا:

ــ مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى
مەن ئۆزۈمنى بەك خاتىرجەم ھېس قىلىدى ـ
غان بولدۇم، ــ دېدى باش ـ ئاخىرى
يوق ــ لا.

ــ نېمىشقا ئەمدى؟ ــ ھەيران بولۇپ
سورىدى بارات.

ــ نېمىشقا بولاتتى، ھېلىقى بۇدۇش ـ
قاق قېرى كۆزۈمدىن يىتتى ئەمەسمۇ.

ــ ھېلىقى كۈنى...

— ئادەمگە خۇددى رودۇپايدەك چاپلىشىپلا ئالىدۇ ئەمەسمۇ بۇ قېرى، — قەمەرگۈل باراتنىڭ كېپىنى ئۈزۈۋەتتى.

بارات ئويلىنىپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قەمەرگۈلنى ئورۇنسىز ئەيىبلەپ يۈرۈپتىمەن، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

— نېمانچە جىمىپ كېتىسەن بارات، نېمە ئويلاۋاتىسەن؟

— ھېچنېمە.

— كەچتە بىزنىڭ ئۆيگە بارامسەن؟

— نېمىشقا؟

— نېمىشقا دېگىنىڭ قانداق گەپ، مېھمان بولىسەن دە.

— ماقۇل باراي.

— ھە، بۇ گېپىڭ جايىدا بولدى. خوش ئەمىسە.

— خوش.

بارات كەتكەندىن كېيىن، قەمەرگۈل مەكتەپكە كىرىپ، مۇدىر ئىشخانىسىنى ئاچتى - دە، تېلېفوننى قولىغا ئالدى.

كەچ. قەمەرگۈلنىڭ مېھمانخانا ئۆيىدە بارات قەمەرگۈل بىلەن روبىرو ئولتۇرۇپ مېھمان بولدى. قەمەرگۈلنىڭ تەكلىپى بويىچە بىرقانچە رومكا ئىچىپمۇ قويدى. ئۇ بۆلەكچىلا ئىچىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ تەرلەپ كەتكەچكە كاستۇمىنىڭ تۈگمىلىرىنى ئېچىۋەتتى. قەمەرگۈل دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ:

— كاستۇمىڭنى سېلىۋەتكىن، ئۆز ئۆيۈڭدىكىدەك كەڭ - كۇشادە ئولتۇرغىن، — دېدى ۋە باراتنى يەپ - ئىچىشكە زورلىغاچ، ئۇنىڭغا يەنە بىرنەچچە رومكا ئىچكۈزدى. قەمەرگۈل باراتقا سەزدۈرمەي پات - پات سائىتىگە قاراپ قوياتتى.

— ئازراق ئارام ئالامسەن؟ — دېدى قەمەرگۈل باراتنىڭ كەيپىنىڭ بىر يەرگە بارغانلىقىنى كۆرۈپ.

دەل شۇ چاغدا تۇيۇقسىز ئىشىك ئالدىدا ۋېلىسىپىت قوڭغۇرىقىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. قەمەرگۈل چۆچۈپ دېرىزە تەرەپكە بېرىپ سىرتقا قارىدى - دە، دەرھال كەينىگە ئۆرۈلۈپ:

— تېز بول، ئاكام كېلىپ قالدى، — دېدى ۋە كىيىم ئاسقۇچتىن باراتنىڭ چاپىنىنى ئالدى. بىچارە بارات قەمەرگۈلنىڭ ياردىمىدە ئالمان - تالمان چاپىنىنى كىيدى - دە، ئۇنىڭ باشلىشى بىلەن دالان ئۆينىڭ ئىشىكى كەينىگە يوشۇرۇندى. قەمەرگۈل ئىشىكنى ئاستا ئاچتى. قەمەرگۈلنىڭ «ئاكىسى» ئۈن - تىنسىز كىرىپ كەلدى - دە، ئۇدۇل مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. دەل شۇ پۇرسەتتە باراتمۇ غىپلا قىلىپ، سىرتقا چىقىۋالدى. ئۇ تېخىچە دۈپۈلدەپ تۇرغان يۈرىكىنى قولى بىلەن بېسىپ تۇرۇپ، مېھمانخانا ئۆينىڭ دېرىزىسىگە قارىدى. شۇ ئان ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقلىرى ئىزىدا قېتىپ قالغاندەك توختاپ قالدى. چۈنكى ئۇنىڭ كۆرگىنى كېرىم مۇدىر ئىدى. ئەلەم ۋە كاڭگىراشتىن ئەس ھوشىنى يىغىشقا ئاجىز كەلگەن بارات، خۇددى ساراڭلاردەك باش - ئاخىرى يوق بىر نېمىلەرنى دېگىنىچە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولدى.

— ئىشلار قانداقراق؟ — سورىدى كېرىم مۇدىر قەمەرگۈلگە قاراپ ھىجىيىپ تۇرۇپ.

— كۆرۈپ تۇرۇپسىزغۇ ئەنە، بەلكىمۇ ئاشۇرۇۋەتتۇقمۇ دەيمەن؟!

— مەن سىزدىن ئىشلار قانداق دەپ

سورىدىم خېنىم؟ — قايتا سورىدى كېيىم مۇدىر تاقەتسىزلىنىپ.

— سىز ئورۇنلاشتۇرغاندەك.

— ھە، ئەمدى بولدى، — كېيىم مۇدىر يانچۇقىدىن چىرايلىق ئىشلەنگەن بىر بولاپكىنى چىقىرىپ، قەمەرگۈلنىڭ كۆكسىگە تاقاپ قويىدى. ئارقىدىن ئۇنى قولتۇقلىغان پېتى ياتاق ئۆيگە كىرىپ كەتتى...

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

نۇرمەھەممەت سايىم

# شېئىرلار

## ئىتتىپاقلىق ناخشىسى

بارچە مىللەت ئۈچ-ئىناق بىز،
ئورتاق بىزگە مۇھەببەت.
ئۆزۈلمەيدۇ دىل رىشتىمىز
ئۆيۈلتاش بىز تا ئەبەت.

ئىتتىپاقلىق كارامەت كۈچ
ئۆزگەرتىدۇ ئالەمنى.
ئۆزگەرگەن شۇ ئالەم ئۆزرە،
خىزىر دېگىن ئادەمنى.

بارچە مىللەت قېرىنداش بىز،
بىر ھەمىشە دىلىمىز.
ئۇ ئەزىزدۇر بىزگە دائىم
ئۇنى ئەلا بىلىمىز.

## ئوغلۇم بىلەن سۆھبەت

ئوغلۇم سوئال سورىدى،
بىر ھاياجان ئىلكىدە.
چوڭقۇر ئىدى مەنىسى،
لەۋلىرى شوخ كۈلكىدە.

— مەدھىيىلىدى شائىرلار
ئاتىلارنىڭ قەلبىنى.
يازمايدۇ ھېچ نېمىشقا؟
ئاتىلارنىڭ ئەجرىنى.

دېدىم: ئوغلۇم قايىلمەن،
سەن سورىغان سوئالغا.
ئاتىلارمۇ تەر تۆككەن،
بىزنىڭ ئالتۇن دىيارغا.

ھېكمەتلىك بىر تەمسىل بار:
«ئەرنىڭ غېمى ئەل» دېگەن.
جەڭدە رۇستەم ئاتىلار
ئەلنىڭ غېمىنى يېگەن.

پەخرىمىز مەھمۇد-يۈسۈپ،
مەرىپەتنىڭ چولپىنى.
سادىر ئوخشاش پالۋانلار
مەڭگۇ دىلنىڭ گۈلخىنى.

ئاتىلاردا خىسلەت كۆپ،
يازسا پۈتمەس ئەجرى بار.
كۆڭلى-كۆكسى كەڭ دۇنيا،
ئالىيجاناب قەلبى بار.

## سۇغا قاراپ...

ئولتۇرىمەن ئۆستەڭ بويىدا،
سۈزۈك سۇغا قاراپ زوقلىنىپ.
ئۆركەش ياساپ ئۆستەڭ سۇلىرى،
ئاقتى ئەجەب ئەركىن شوخلىنىپ.

تەسىراتقا تولىدۇ قەلبىم،
ئاققان سۇغا قارىغانسېرى.
ئۆرلەپ كۆككە خىيال قۇشلىرىم
تەنگە ھۇزۇر تارىغانسېرى.

بولدۇم شۇ تاپ مەدمۇ بىر ئېقىن
ئاقتىم گويا دەۋرەپ، لەك ئۇرۇپ.
سىگىپ كەتتىم چەكسىز دەشتلەرگە
نۇرغا ئوخشاش، نۇرغا تەك تۇرۇپ.

## بىر تەن ئەمەسمۇ

«سېنىڭ جېنىڭ، مېنىڭ جېنىم بىر جان ئەمەسمۇ،
سېنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ جېنىم قۇربان ئەمەسمۇ؟»
بىرگە ئويناپ چوڭ بولغان بىز بىر مەھەللىدە،
بالىلىقتا قوشماق ئاداش بولغان ئەمەسمۇ؟
سەبىيلىكتە قوش مېغىزنى بىرگە يېيىشىپ،
دوستلۇق ئۈچۈن بىز ھەدەمنى تىككەن ئەمەسمۇ؟
بىر شاختىكى غۇنچىلاردەك تەك ئېچىلىپ بىز،
ئايرىلماي ئىككى ئالەم دېگەن ئەمەسمۇ؟
ۋاپا قىلدىڭ ئەقدەڭگە ئەي ئەزىز دىلدار،
شۇڭا يۈرەك سېنىڭ ئۈچۈن كۆلخان ئەمەسمۇ؟
قوينى جەننەت ئانا ۋەتەن بەردى ھاياتلىق،
شۇ ۋەجىدىن بىز ئىككىمىز بىر تەن ئەمەسمۇ؟

## دوستلۇق

تاغ كەبى يۆلەكتۇر ئادەمگە ئادەم
بۇنى سەن سېزىسەن ھاياتتا ھەر دەم.
ئۇلۇغدۇر دىللارنى دىللارغا چېتىش
ئۇنىڭدىن يول راۋان، ئەقدە بەردەم.

بېشىمغا كۈن چۈشسە دوست بولدى پاناھ،
سۇرىنى يوقاتتى مۇشەققەت - جاپا.
دەريادا سۇلارمۇ ئاقىدۇ نۇر بوپ
ساداقەت يۈز ئاچسا، يۈز ئاچسا ۋاپا.

قەلبىمدە ھۆپپىدە ئېچىلدى گۈللەر،
دوستلارنىڭ مېھرى بار ئۇنىڭ تېنىدە.
مېھرگە موھتاجدۇر بىزنىڭ دۇنيامىز،
شەپەقتەك رەڭ كىرەك ئۇنىڭ بېتىگە.

شەپەقتەك رەڭ كېرەك ئۇنىڭ بېتىگە،
ھەرگىزمۇ خازاندەك سارغايمىسۇن ئۇ.
يۈرەكتىن يۈرەككە سېلىنىدى يوللار،
كېچەيسۇن ھەرگىزمۇ تارايمىسۇن ئۇ.

دوستلىرىم بىباھا دۆلىتىم مېنىڭ،
بۇ دۆلەت بولىدۇ ئالەمگە تىرەك.
گۈللەشنى ئۆگەتتى تاشلارغا سۆيگۈ،
سۆيگۈدىن ئۆزگىسى ماڭا نە كېرەك.

دىلشات ئابلىز

# شېئىرلار

## تۇيغۇلار

تۇيغۇلار سۇپسۇزۇك، تۇيغۇلار زىبا
تۇيغۇلار مىسالى تاڭدىكى ئۇپۇق.
تۇيغۇلار جاناتنىڭ ھىدىنىمكىن يا،
تۇيغۇدا مۇقەددەس بىر سۆيگۈ تولۇق.

تۇيغۇلار تىك چوققا، كۆكنى تىرىگەن،
ۋە ياكى سامادىن چۈشكەن زىلال سۇ.
تۇيغۇلار يار لېۋى نازۇك تىترىگەن،
ۋە ياكى يالت قىلىپ چاقان چېقىن ئۇ.

تۇيغۇلار تۇرىدۇ گاھى چوققىدا،
يۇكسەكتە ئايلىنىپ ئۆچمەس يالقۇنغا.
غاپىللار بۇ سىرنى بىلمەي ئۇيقۇدا،
تالجىقتى قەھىرلىك ئۇرغان دولقۇندا.

تۇيغۇغا مۇجەسسەم مىڭ سىر، مىڭ نىدا،
ۋە ئۇنىسىز تىۋىنىش، ئوتلۇق كۆيۈشلەر.
ۋىسال دەپ تالايلار قىلدى جان پىدا،
تۇيغۇلار قويىنىدىن ئىزدەپ سۆيۈشلەر.

قەلبىمنى رام قىلدى يارقىن تۇيغۇلار،
ھېسلىرىم تاراملاپ سىڭدى ھەر قۇرغا.
كۆزلەردىن قاچقاندا شېرىن ئۇيقۇلار،
تۇيغۇلار ئىچىدە بۆلەندىم نۇرغا.

## كۆي دېدى، ئۆل دېدى يەنە ۋىجدانىم

سۆيگۈنىڭ مېھرىدىن كېچىش مۇمكىنمۇ،
ئالدىڭدا قول بېرىپ جىلمايسا يارىڭ.
ۋىسالغا يەتمىكىڭ لېكىن قىيىنغۇ،
باغرىڭغا ئوت تاشلاپ كەتسە نىگارىڭ.

كۆزۈمدىن ئۆچقاندا شۇ ئوماق قامەت،
توقايلار ئىچىدە يىتتى پىچىرلاش.
باھارمۇ كۆچۈپتۇ يار تامان ئەمدى،
شەپەق ئۇ، بىزلەرنى نۇردا چايقىماس.

تىنىقلار ساھىلدا ياش پېتى قالدى،
باغرىمغا ئوت يېقىپ كەتتى نىگارىم.
ياشنىغان گۈللەردىن ئالار يار ھىدىن،
ئۆكسىگەن ئىزتىراپ چەككەن خىيالىم.

شولا بوپ چۈشتى يار شۇندا ئالدىمغا،
ئىزىنى تاپقاندا مىسكىن نىگاھىم.
قاغجىراق ھېسلىرىم مۇدۇرۇپ قوپقاندا،
كۆي دېدى، ئۆل دېدى يەنە ۋىجدانىم.

نۇرلارغا كۆمۈلدى مېنىڭ بۇ قەلبىم
ھېسلىرىم ئۆركەشلەپ ياسىدى ئۇپقۇن.
كىرپىككە قونغىنى نۇرلار تالاسى،
يۈزۈمگە چاچرىتار جىلۋىلىك ئۇچقۇن.

**كېلمەن ئەي جانان ۋەسلىڭنى ئىزدەپ**

تاڭ سەھەر ھەممە يەر ئاجايىپ گۈزەل،
ئۇپۇقنىڭ مەڭزىنى قىزارتقان قۇياش.
كەڭ زېمىن رەڭمۇرەڭ گۈللەر ماكانى،
جىلۋىسى چىرايلىق شەپەققە رەڭداش.

زېمىننىڭ ئوغلى بوپ، شوخ ئەركىسى بوپ،
كېلمەن ئەي جانان ۋەسلىڭنى ئىزدەپ.
تىڭشايدۇ يۈرىكىم شوخشۇپ بىتىنىم،
نە سادا كېلەركىن بىر سېنىڭدىن دەپ...

مۇسا ئەھەد

# شېئىرلار

## تەنھالىقتا تۇغۇلغان شېئىرلار

1

خىيالىم بىر غېرىب سەيياھ، دىلىم مىسكىن كۆلەرىم يوق،
كۆيۈپ كۆل بولسىمۇ جىسمىم لېكىن دەردتە ئۆلەرىم يوق.

ۋىسدىنىڭ گۈللىرى ھىجران جۇتىدا سولسىمۇ مىڭ رەت،
چىدامدىن شەمشىرىم تەييار كۆزۈمدىن ياش تۆكەرىم يوق.

قېتىلماي پەس-سايىقلارغا ۋاپا بىرلە ئۆتەر بولسام،
ساداقەت بەھرىدە ساھىل تامان بىللە ئۈزەرىم يوق.

يولۇڭغا كۆكتىكى يۇلتۇز كەبى يۈكسەكتە باقسامۇ،
نىچۈك ھالىڭ دىبان بىر رەت كېلەرگە جان-جىگەرىم يوق.

ئۆتەرمەنمۇ بىۋىسال كۆلبە ئىچىدە قان يۇتۇپ مەڭگۈ،
كۈتۈپ كۆلمەس ۋىسالىڭنى كۆزۈمدە نۇر-گۆھەرىم يوق.

2

ئەجەب دىل شادىنى تەڭرىم بېرەركە قىلمىشىڭ كۆپكەن،
سېلىپ دىللارنى دەيدەيگە گۇناھلار يازمىشىڭ كۆپكەن.

بىرىپ قاسىراقچە خۇشلۇقنى، ئاشۇ خۇشلۇققا پاتمان مۇڭ،
قوشۇپ ھەسسە بالا - تەشۇىش يەنە غەم سالمىشىڭ كۆپكەن.

كىچىك بىر كاللىغا نەختاپ جىمى غەۋغايۇ - ئاھلارنى،
ئەجەل يەتكەندە بىر - بىرلەپ ھېسابلار ئالمىشىڭ كۆپكەن.

## شۇنداق ئالەم، شۇنداق ھايات بۇ

(بىر تىلسىز قىزغا بېغىشلاپ)

1

ھەر باھار
ئاشۇ تونۇش ئۆستەڭ بويىدا،
چاچلىرىنى تارايدۇ
ئۇزۇن - ئۇزۇن قىرىق ئۆرۈم چېچىنى.
ئۆتۈپ قالسا ئالدىدىكى تار يولدىن،
ئاڭا تونۇش ئاللىكىملەر
ئۇ ھۆسنىدىن ئۇيالغاندەك،
ئاستاغىنە قارايدۇ،
كۆتۈپ تۇرغان كەبى ھامان بىرىنى.
كۈن ئۆتىدۇ،
ئاي ئۆتىدۇ.
ئۆستەڭدىكى ئېقىن سۇ كەبى
ئۇنىڭمۇ ھەم خىياللىرى
ئاچچىق - تاتلىق خىياللىرى
ئېقىنلارغا تامچە بولۇپ
ئېقىپ بارار
ئېقىپ بارار
ئۆزى بىلمەس يەرلەرگە
چۆللەرگە
شەھەرلەرگە ...
چەكسىز كۆتۈش، بىتاقەت ھېسلار
ۋۇجۇدۇمغا تارايدۇ.
ئەنە شۇنداق
كىملەرگىدۇر قاراپ تەلمۈرۈپ،
كىملەرنىدۇر كۈتەر زارىقىپ،
كۈتكىنى كىم؟
سۆيگىنى كىم؟
ئۆزىمۇ ھەتتا بىلمەيدۇ.

2

ھەر باھار
ئاشۇ تونۇش ئۆستەڭ بويىدا،
چاچلىرىنى تارايدۇ
ئۇزۇن - ئۇزۇن قىرىق ئۆرۈم چېچىنى.
ئۆتۈپ قالسا ئالدىدىكى تار يولدىن
خۇدا قوشقان بىر قىز بىر يىگىت،
تەبەسسۇمدىن
كۈلگەن يۈزىنى،
قايغۇ تۆتەكلىرى ئۇرايدۇ.
ئۇلار شۇنداق ئۇنىڭ پىنھان،
دىل زارىنى قوزغايدۇ.
ئۇمۇ بەزەن
چۈش كۆرىدۇ.
كېچىكىدە ئاي تۇنەپ
چىققان ئايدەك بىر كېچىدە.
چۈشىدە
كۈن

ئاي
كۆندەشلىكى قوزغالغۇدەك،
مەلىكىگە ئايلانغان
بىر توپ كېنىزەك،
ئۇنى لەرزان رىتىم بىلەن
يىگىتى بار چارىباغقا باشلايدۇ.
چاپچىپ تۇرغان ئاتەش لاۋا،
ئاتەش تىنىق
ئۇنى مەستخۇش ھالداتۆشىكىگە بۆلەيدۇ...

3

ھەر باھار
ئاشۇ تونۇش ئۆستەڭ بويىدا،
چاچلىرىنى تارايدۇ
ئۇزۇن - ئۇزۇن قىرىق ئۆرۈم چېچىنى.
ئۇنى كۆرگەن كۆرەڭ قىزلار
پىچىرلىشىپ ئۆز - ئۆزىگە:
شۇ تىلسىزنىڭ ئۇزلۇقىنى
تەڭرىم ماڭا بەرسىكەن دەيدۇ.
ئۇمۇ شۇنداق ئۇلۇغ تىنىپ:
ياراتقۇچە تەڭرىم تىلسىز
رازى ئىدىم ياراتسىمۇ بەدبەشىرە،
ئۇلاردىكى شېرىن زۇۋان
مېنىڭدىنمۇ چىقسىكەن دەيدۇ.
شۇنداق ئالەم، شۇنداق ھايات بۇ
ھەر بەندىدە
ئۆزگە ئارزۇ،
ئۆزگە تىلەك،
ھەركىم ئۆزىدە يوقىنى تىلەيدۇ.

## ئەجەبكى مەن سېنى ئۇنتۇيالمىدىم

ئەجەبكى مەن سېنى ئۇنتۇيالمىدىم،
ئۇزۇن يىل
ۋىسالىمغا زارىققان سەنەم،
ۋىسال پەيتىدە،
مەھكەم بېسىپ باغرىغا مېنى
لەۋلىرىمدىن ئۈزۈپ دەستە گۈل
تۆشەك ئۆزرە قويغاندىمۇ باش.
ھارارەتلىك ئاتەش تىنىقلار
چىرمىشىپ
ھېسلار چاپچىپ تۇرغاندىمۇ شاش.

كېچىلەر
ماڭا ئەبەت تاڭ ئاتماس بولۇپ
تۇيۇلدۇ
جانغا پاتقان گويا تۇرمىدەك.
تۇيۇلىدۇ
ھەسرەتلەرگە يەم بولغان دەملەر
زىندانىدىكى مەھبۇس ئۆمرىدەك.

ئەجەبكى مەن سېنى ئۇنتۇيالمىدىم،
ياشلىقىمىكى تۇنجى سۆيۈشتەك.
كۈلۈپ تۇرغان بىر جۈپ قوي كۆزۈڭ،
قۇياش، ئايدىن نۇر ئەمگەن خۇلقۇڭ،
قارىشىڭ
قامىتىڭ
ھەتتا كۈلەڭگەڭ
ئېڭىمدا
ھېسسىمدا
سەزگۈلىرىمدە
كېزىدۇ يۈرەر گويا ئەرۋاھتەك.

**بىلمەيمەن سۆيۈلمەي ئۆتكەن ئۇ دەملەر**

كەتتىڭ
بۇلبۇلدەك خۇش ئاۋاز، گۈل كەبى جىلۋەڭ،
چۆگىلەپ ئەرۋاھتەك ئوڭۇ - سولۇمدا.
قېپقالدى، خىيالىم سەزگۇ - ئېڭىمدا.

سەن كەتتىڭ پۇلاڭلاپ قالدى كۆلەڭگەڭ،
سۆيگۈدىن نۇر ئەممەي ئاتقان تېگىمدا.
سەن كەتتىڭ، ۋىسالسىز قالغان بىر ئۈمىد،
تۇمانلىق نېگاھىم ئۈستىدە لەيلەر.
دىلرابا كۆلكەڭدىن بالقىپ چىققان نۇر،
ۋە قەلبىم ئۆيىگە شۇڭغۇغان شولاڭ،
سەن باسقان يوللاردىن ۋەسلىڭنى ئىزدەر.
سەن كەتتىڭ،
سەن ئۈچۈن ئاتالغان قەدىردان چۈشلەر
قېپقالدى ئاھ نىتەي پەقەت چۈش پېتى.
ساڭا خاس دىلدىكى شۇ ئالتۇن چەشلەر
بولدى يەم ھىجرانغا قەدىرسىز خەستەك.

نامىڭنى يادلاپ ئۆتكەنگەن قەلبىم،
ئۆركەشلىك ھېسلىرىم ئارا ئۇردى لەڭ...

سەن كەتتىڭ، قىيالماس بىر نىگاھ قالدى،
نە نىگاھ ھىجراندىن قان يۇتقان يۈرەك.
سەن كەتتىڭ، جۇدۇنلار كۆكسىدە تىترەر،
ئەمدىلا مېھرىڭدىن بىخلانغان تىلەك.
مىڭ بالا تەردىغۇ پەرىزات خۇلقۇڭ،
ئەپكەتتى بارىمنى نىلۇپەر تۇرقۇڭ!

سەن كەتتىڭ، ئاشۇ تاڭ شۇ قۇتلۇق سەھەر،
روي يەردى روھىمدا شۇ كۈن قىيامەت.
بىلمەيمەن سۆيۈلمەي ئۆتكەن ئۇ دەملەر،
پۈتكەنمۇ ئۆمرۈمگە شورلۇق مۇھەببەت.

تۇرسۇن ئىمىن

# سەن پۈتمەس بىر سۆيگۈ، مۇقەددەس قىبلە

## سەن پۈتمەس بىر سۆيگۈ،
## مۇقەددەس قىبلە

قۇياشقا تەشنادۇر پۈتكۈل مەۋجۇدات
ياشاشچۈن ھەممىگە يورۇقلۇق كېرەك.
سەن قەلبىم سەتھىدە پاتماس بىر قۇياش،
بار تەرىپ ساڭا خاس ئەزىز سەن، يۈكسەك.

ئانامدىن تۆرىلىپ ئۇشبۇ ئالەمگە،
كۆز ئېچىپ كۆرگىنىم نۇرانە چېھرىڭ.
«كەل ئوغلۇم!» دېدىڭدە ئاچتىڭ كەڭ قۇچاق،
نۇر بولۇپ جىسمىمغا تارالدى مېھرىڭ.

باغرىڭغا بۆلەندىم بوۋاق چېغىمدا
ۋەتىنىم سەن بولدۇڭ ئالتۇن بۆشۈكۈم.
تۇپرىقىڭ بىر تالدىن سىڭدى قېنىمغا،
سەن بولدۇڭ كۆكرەكتە ئۇرغان يۈرىكىم.

«ۋەتەن» دەپ تۇنجى رەت چىقتى بۇ تىلىم،
دىلىمدا نامىڭنى قىلدىم مەن زىكرى.
تاغ - دەريا، باغلىرىڭ، قىر - ئېدىرلىرىڭ،
تەپەككۇر خەزىنەمدە ئۇيغاتتى پىكرى.

تومۇزدا چاڭقىسام يەتكۈزدۈڭ زەمزەم،
ياپرىقىڭ بېشىمغا بولدى سايىۋەن.
تىترىسەم سوغلاردا، بېرىپ ھارارەت،
سەن تۇغقان قۇياش، ئاي بولدى بىرلىۋەن.

ئۆمرۈمنىڭ يىلتىزى پەقەت سەن ئۆزۈڭ،
سۆيۈملۈك تۇپرىقىم ئەزىز ئانىجان.
سېنىڭسىز يوق ئىرۇر مېنىڭ بارلىقىم،
ھەر نەپەس تىنىقىم ئەجرىڭدىن نىشان.

چىگىلگەچ مەن ساڭا يېشىلمەس بولۇپ،
ئازابتا ئۆرتەنسەڭ باغرىم بولدى خۇن.

نۇرلىنىپ كۈلگەندە گۈزەل باھارىڭ،
شادلىقتىن چېھرىمگە يامراپ چىقتى كۈن.

ئاقىمەن سەن ئۈچۈن ئىشقىم دەرياسى،
گەز كەلسە تامچىلاپ ئاقىدۇ قېنىم.
گەر ئۆلسەم بىر زەررەڭ بولۇپ شۇ ھامان،
تۇپرىقىڭ قېتىغا قوشۇلار تېنىم.

قۇياشسىز ياشالماس پۈتكۈل مەۋجۇدات،
ياشاشچۈن ھەممىگە يورۇقلۇق كېرەك.
پۈتمەس بىر سۆيگۈ سەن، مۇقەددەس قىبلە،
زەررەڭدىن تاڭ كەبى نۇرلىنار تىلەك!

## يېشىل زېمىن، يېشىل كەڭ دالا

ئەتراپ يېشىل - يېشىل ھەممە ياق،
يېشىل زېمىن، يېشىل كەڭ دالا.
يېشىل چىملىق زۇمرەتتەك ئوتلاق،
يېشىللىقنىڭ بولۇپ ئەركىسى،
قىلار مېنى مەپتۇن - مەھلىيا.

تارام - تارام سۇ ئاقار شىر - شىر،
شۇنداق مەيىن يەڭگىل ھەر رىتىم.
چۇچۇلايدۇ ئاندا ھەر خىل قۇش،
ھەرخىل جانىۋار مىڭ خىل ساز بىلەن
ئۆز تىلىدا ھەر كۈن مىڭ قېتىم.

سوزۇپ - سوزۇپ مۆرەيدۇ كالا،
بالىلىرى يۈرسە قىيغىتىپ.
ئاندا خۇشال بىر توپ شوخ بالا،
يېشىل مەخمەل كىيگەن ساھىلدا،
نېمىندۇر ئوينار دوم يېتىپ.

تاغلار كىيگەن يېشىللىقتىن تاج،
باغلار ھۆسنى ئالغان ھەم ئەنداز.
تەبىئەتكە يېشىللىق ئىلاھ،
تۇتاشتۇرۇپ زېمىن، ئۇپۇقنى
سالغان شۇنچە كۆركەم پايانداز.

سۈرەنلەردىن ئەجەب خالىي - ساپ،
ئاشۇ يېشىل ھايات قۇچىقى.
يېشىل زېمىن، كەڭ يېشىل دالا،
سەن ئەمەسمۇ شائىر ئوغلۇڭنىڭ،
مۇھەببەتلىك ئىلھام ئۇچىقى.

## باھار لىرىكسى

قىش يوشاتتى پەسىل تەختىنى،
مۆھلەت يېتىپ بېرىپ ئىستېپا.
باقتى كۈلۈپ كۆكتە زەر قۇياش،
كەتتى ئاياز يىللىدى ھاۋا.
يېشىل تونلۇق پەرى نەۋ باھار،
ۋىسال ئىزدەپ قىلدى ئىلتىجا!

جانلانماقتا ئانا تەبىئەت،
قېچىپ ئەنە كۆزىدىن ئۇيقۇ.
كۆي ياڭرىتىپ شۇنچە شاۋقۇنلۇق
ئېقىنلارغا تولغان زىلال سۇ،
گۈل - گىياھلار بوينىغا زۇننار
ئاستى، چېچىپ مەرۋايىت چاچقۇ.

تەبىئەتنىڭ ئەركىسى سابا،
ۋادىلارنى قىلدى سەيلىگاھ.
ئوينار ئۇسسۇل جىلۋە - ناز بىلەن،
سۆگەت، تاللار ئېسىپ ئۆز جالا،
چېچەك قىسقان باغلار قوينىدا،
بۇلبۇل، كاككۇك ئەيلىدى ناۋا.

يەر ئەكچىدى تېرىم پەيتىدىن،
بېرىپ مېھنەت ئەھلىگە ئۇچۇر.
گۈلشەنلەردىن خۇش ئىپار چاچقىپ،

دىماغلارنى پەيتلەر ھۇزۇر، بەھار كەلىدۇ جۇشقۇن تاختا ـ كۆي،
ياسانغاچقا توز كەبى كۆركەم، تەتەككەش بولۇپ شائىر نەزمىسى.
ئاقتى يۇرتۇم چىرايىدىن نۇر، ئاي مارايدۇ كۈمۈش گۈردىدىن،
بولغاندەك لال ئۇ كۆك پەردىسى.

يېنىپ باھار كۆكلەم ئىششىقىدا،
كەلدى تۇرنا كۆكتە سەپ تۈزەپ.
جۇلالىنار گۈزەل دالىلار،
ھۆپۆپ كەبى ھۆسنىنى بېزەپ.

كەلدى باھار گۈل ئىسمى پەسىل،
يۇرتىمىزغا يېتىپ كەلگ ئۆتەك.

زەرباپ يوپۇق يېپىنغان زېمىن،
سۆيۈندۈرەر دىللارنى ئەجەب!

مەمۇرچىلىق ـ بەرىكەت ياغدۇرۇپ،
بەختىمىزگە بولۇپ قوش كېزەك.

مەشرەپ، ساما چىقتى ئەۋجىگە،
قىزىپ كەتتى نورۇز بەزمىسى.

باھار كەبى خۇش جامال ئېچىپ،
جىلۋە ئەيلەر ئىقبال ـ كېلەچەك...

ئابدۇكېرىم ئەمەت

# ئىككى غەزەل

## پاك ۋىجدان ھەققىدە غەزەل

ئى، پاك ۋىجدان، جاھاندا ھېچ روناق تاپماس ئىشىم سەنسىز،
ئۆتەر قانداق تېپىپ مەنە باھار، ياز، كۈز، قىشىم سەنسىز.

سېنىڭ بىرلە بەختلىكمەن، پەخىرلىك شاھى سۇلتانمەن،
كى بولسامۇ بۈيۈك سۇلتان تۇرالماس تىك بېشىم سەنسىز.

بويۇم ئاسمانغا يەتسىمۇ نەزەردە بارچىدىن پەسمەن،
تۆكۈلگەي ئاقىۋەت كۆزدىن تۈگىمەس كۆز يېشىم سەنسىز.

ۋەتەن ـ ئەل سۆيگۈسى، جۈرئەت، غۇرۇر ھەر كۈن ساڭا ھەردەم
تېشىپ چىقمامدۇ قارىمىدىن يېگەن نېمەت ـ ئېشىم سەنسىز.

كېلىپ لاپ ئۇردى بىر دوستۇم سېنى مەندە يېتەرلىك دەپ،
نەزەر سالسام خۇشامەتتە يۇرۇپتۇ يۇرتىدىشىم سەنسىز.

بېگانە ماڭغىنىم ئەلا، سېنى ھەمراھ قىلىپ چۆلدە،
بولۇر دۈشمەن سەپەردە بولسا شۇنداق سەپدىشىم سەنسىز.

قەدىرسىزدۇر ۋەتەننىڭ ئىشقىسىز ئۆتكەن ئۆمۈر ھەر چاغ،
بى ھۆرمەتمەن بېرىپ يەتسە، يۇز ئەللىككە يېشىم سەنسىز.

## سەندىن

كۆرۈنگەننى يامان دەيسەن، ئۆتەلمەس ھىچ يامان سەندىن،
سېنىڭ پەيلىڭنى بىلگەنلەر قاچار كۆرسە ھامان سەندىن.

مېنىڭدىن رەنجىمە ھەرگىز، سېنى خوپ بىلمىگەنلەرگە،
قەلەمنى تەۋرىتىپ ئازراق بېرەي ئۇچۇر-بايان سەندىن.

ئەگەر مۇمكىن بولۇپ قالسا ياماندىن چەمپىيون تاللاش،
تالاشقانلار بۇ ئۇنۋاننى ئالالماس ھىچقاچان سەندىن.

ۋاپادار دوست-يارانلەرگە جاپا بىرلە جاۋاب بەردىڭ،
كىشىلىك ئاڭدا مىڭ ئارتۇق بىلىمسىز پاك نادان سەندىن.

ئىناق دوستلار ئاراسىغا ئاداۋەت ئۇرىغىن چاچتىڭ،
قېرى-ياش، ئەر-ئايال تاپتى تالاي زەخمەت-زىيان سەندىن.

قوشۇلغان قايسى شۇم كۈندە ئۆزۈڭ ئىنسان قاتارىغا،
بىلەلمىدىم نىمە كۈتكەن ئىدىكى بۇ جاھان سەندىن.

سېنى كۆرگەن قارا تاشمۇ ئۇقۇر مىڭ رەت دۇرۇت-ئايەت،
مىجەز-پەيلى خەتەرلىك دەپ قاچار يىرتقۇچ-قاۋان سەندىن.

سېنىڭ دامىڭغا بىر دەسسەپ جاپا چەكتىم تۈمەن پاتمان،
تىلەي ئەمدى، يېقىنلاشما قۇتۇلغان مەن ئاران سەندىن.

ئابدۇغېنى ئوسمان

# ئىككى شېئىر

## ماي كېپىنىسى

خازان قىلدىڭ چىرايلىق ماي كېپىنىسى
سېنىڭ ئۈچۈن بېغىشلانغان سۆيگۈمنى.
ئۆتەر يەنە شۇ ئاخشامدىن قانچىسى،
سوراپ سېنىڭ پەرىزاتتەك خۇلقۇڭنى.
خازان قىلدىڭ چىرايلىق ماي كېپىنىسى
سۆيگۈم بىلەن ئەقىدەمنى، تۇرقىمنى.
لىغىرلايدۇ كۆزۈمدە ياش تامچىسى،
زەھەر قىلدىڭ شېرىن شەربەت تۇيغۇمنى.
خازان قىلدىڭ چىرايلىق ماي كېپىنىسى
ساڭا بەرگەن شۇ چىرايلىق سۆيگۈمنى.
تولا كۈتۈپ تاشتى سەۋرەم قاچىسى،
سۇ بولىدۇ ئاڭلىغان تاش كۆيۈمنى.

## ئاھ ھەببە

ۋىسال پەيتى شېرىن بىر دەملەر،
ئاھ ئايرىلىش ئاچچىق دەقىقە.
مەن سېنىڭدىن قالدىم ئايرىلىپ
ئاھ ھەببە، گۈلۈم ھەببە.

ئايرىۋەتتى تەتۈر شۇم پەلەك،
بىرى باي دەپ، بىرى گاداي دەپ.
باغلىغانتىم ساڭا ئەقىدە،
كۆز يۇمغىچە بىرگە بولاي دەپ.

زېمىن كۈلۈپ باققاندا بىر چاغ،
يوللىرىڭغا پايانداز سالاي.
كەلگىن جېنىم ئاخىرقى قېتىم،
كۆزلىرىڭگە بىر قاراپ ئالاي.

كۆزلىرىڭگە بىر قاراپ ئالاي،
ئاقسۇن مەيلى كۆزۈم گۆھىرى.
كۈلۈپ خۇشال ئالدىڭغا باراي،
تەلىيىمنىڭ سەنغۇ جەۋھىرى.

ئابدۇزېھەم ئۆتكۈر

## «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ شېئىرىي قىممىتى توغرىسىدا

«قۇتادغۇ بىلىك» 11 - ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ پارلاق نامايەندىسى، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ تىپىك نەمۇنىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ ئەسەرنى ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلماي تۇرۇپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ، بولۇپمۇ، ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ شەكىللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانىنى يورۇتۇپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس.

قوجو (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىن مۇستەسنا، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەردە شېئىرىيەت ژانىرى ئومۇمەن ئېغىز خەلق قوشاقلىرى باسقۇچىدا تۇرغان، مىللىي شېئىرىيەتنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە بىرەر يازما نەمۇنىسى تېخى مەيدانغا كەلمىگەن شارائىتتا، «قۇتادغۇ بىلىك» تەك يىرىك بىر داستانىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكى ھەقىقەتەنمۇ دىققەتكە سازاۋەر مەسىلە. بولۇپمۇ مەزمۇنىنىڭ كەڭلىكى، ئىلمىيلىق دەرىجىسىنىڭ يۈكسەكلىكى ئېتىبارى بىلەن ئېنسىكلوپېدىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن مۇنداق بىر يىرىك ئەسەرنىڭ ئەرەب - پارس شېئىرىيىتىدە نادىر شەكىل ھېسابلانغان مەسنەۋىي شەكلىدە، يۈكسەك دەرىجىدە قېلىپلاشقان ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغانلىقى، يەنە كېلىپ «ئارۇز ۋەزنى پەقەت ئەرەب - پارس تىللىرىغىلا خاس ۋەزىن» دېگەن قاراشنىڭ ئەكسىچە، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئۇيغۇر تىلىدا دەل شۇ ۋەزىندە مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلىپ چىققانلىقى تېخىمۇ دىققەتكە سازاۋەردۇر.

دېمەك، «قۇتادغۇ بىلىك» مەزمۇنىنىڭ كەڭلىكى ۋە باش تېمىسىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەنلا ئەمەس، شەكىل، ئۇسلۇب جەھەتتە دەۋر بۆلگۈچ ئەدەبىي ئەسەر بولغانلىقى بىلەنمۇ ئەتراپلىق تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك ئەسەردۇر. بۇ ماقالىدە ئەنە شۇ مەقسەتتە «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ شېئىرىي قىممىتى ھەققىدە تۆۋەندىكى نۇقتىلار بويىچە بەزى مۇلاھىزىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

### I «قۇتادغۇ بىلىك» تىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا مىسال كەلتۈرۈلگەن خەلق قوشاقلىرى ۋە نامەلۇم شائىرلاردىن نەقىل ياكى ئىقتىباس قىلىنغان بېيىت ۋە تۆتلىكلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا،

«قۇتادغۇ بىلىك» تىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئۈچۈن بىردىنبىر ئىشەنچلىك مەنبە قوجو (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر شېئىرلىرىدۇر. ھەرقايسى ئەللەر شەرقشۇناسلىرى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ قوجو (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر شېئىرلىرىنى قەدىمكى يادىكارلىقلار سۈپىتىدە قېزىش، توپلاش، تەرجىمە ۋە نەشىر قىلىشقا ناھايىتى زور ئەمگەك سىڭدۈردى. تۈركىيە ئالىمى رېشىت رەھمەتى ئارات ئەنە شۇ قىممەتلىك ئەمگەكلەرنىڭ مۇجەسسەمى سۈپىتىدە بۇ شېئىرلارنىڭ ترانسكرىپسىيىلىك تېكىستىنى تۈركچە تەرجىمە ۋە ئىزاھاتلىرى بىلەن نەشىر قىلغاندىن بۇيان① قوجو (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر شېئىرلىرى ساھەسىدىكى تەتقىقاتقا تېخىمۇ كەڭ زېمىن ھازىرلاندى. كۆپ قىسمى ئاپىرىنچۇر تېكىن، كۈل تارقان، ئاسىغ تۇتۇڭ، چىسسويا تۇتۇڭ، قالىم كەيشى قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى، مەلۇم قىسمى تەرجىمە ئەسەرلەردىن ئىبارەت بولغان قوجو (ئىدىقۇت) شېئىرلىرى سان جەھەتتىن خېلى زور سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ. بىرەر ماقالىدە بۇ شېئىرلارنى بىر - بىرلەپ تەھلىل قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بىز پەقەت بۇ شېئىرلارنىڭ بەزى گەۋدىلىك خۇسۇسىيەتلىرى ئۈستىدىلا توختىلىپ ئۆتىمىز.

بىرىنچى، قوجو (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى مانىخېزم ۋە بۇددىزم ئىدېئولوگىيىسىنى ئاساس قىلغانلىقى، تىل جەھەتتە ئورخۇن ئۇيغۇرخانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى بولغانلىقى، شېئىرىي ماھارەتتە ئالاھىدە يۈكسىلىپ، ئۆزىگە خاس شەكىل ۋە ئۇسلۇب ياراتقانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ دېيىشكە بولىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، قوجو (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، مانىي ۋە بۇددىغا بېغىشلانغان مەدھىيە ۋە مۇناجاتلارنى، دۇئا ۋە تىلەكلەرنى، دىنىي ئەخلاق مەزمۇنىدىكى پارچىلارنى، مۇھەببەت لىرىكىسى ۋە تەبىئەت تەسۋىرلىرىنى، قەدىمكى ماقال - تەمسىللەرنى ۋە كېيىنچە ئىسلام مەدەنىيىتى شارائىتىدا يېزىلغان پارچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ شەكىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتە، ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن تامامەن يېڭى بىر باسقۇچقا كىرگەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ جەھەتتە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان ئالامەتلەرنىڭ بىرى مىسرا تۈزۈلۈشىنىڭ ئەركىن شەكىلدە بولغانلىقىدىن ئىبارەت. يەنى بۇ شېئىرلار تامامەن بارماق (ھېجا) ۋەزنىدە يېزىلغانلىقىغا قارىماي، مىسرالار ئۇزۇن - قىسقا تۈزۈلگەن چاچما ياكى ئەركىن شېئىرلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئاپىرىنچۇر تېكىننىڭ بىر مۇھەببەت لىرىكىسىدىن ساقلىنىپ قالغان تۆۋەندىكى قۇرلار بۇنىڭ روشەن مىسالىدۇر:

(ئەسلى تېكىست) ئا......
ئادىنچىغ ئامراق ...
ئامراق ئۆز — كىيەم

① رېشىت رەھمەتى ئارات: «قەدىمكى تۈرك شېئىرى»، 1965 - يىل، ئەنقەرە.

قاسىنچىغىم ئۇ (يۇ) قادغۇرۇرمەن
قادغۇردۇق (چا) قاشى كۆركەم
قاۋشىغسا يۇرمەن

ئۆز ئامراقىمىن ئۇيۇرمەن
ئۇيۇ ئىۋىرۇرمەن ئۇدۇ...چۇن
ئۆز ئامراقىمىن ئۆپۆگ سەيۇرمەن

بارايىن تىسەر باچ ئامراقىم
بارۇ يەمە ئۇماز مەن
باغىر ساقىم

كىرەيىن تىسەر كىچىكىيەم
كىرۇ يەمە ئۇماز مەن
كىن يىپار يىدلىغىم

يارۇق تەڭرىلەر يازلىقازۇن
ياۋاشىم بىرلە
ياقىشپان ئادرىلمالىم

كۆچلۈگ پرىشتىلەر كۆچ بىر زۇن
كۆزى قارام بىرلە
كۆلۈ شۇ كىىن ئولۇرالىم

(يەشمىسى): ئا......
مىسلىسز ئامراق....
ئامراق جىنىم......

(سەن) نىگارىمنى ئويلاپ قايغۇرۇرمەن،
قايغۇرغانىمىرى قاشى گۆزەلىم (بىلەن)
قوۋۇشقۇم كېلۇر.

ئۆز ئامرىقىمنى ئويلايمەن،
ئويلاپ ـ ئويلاپ تۇرغانىمىرى
ئامرىقىمنى سۆيگۇم كېلۇر.

باراي دېسەم، گۈزەل ئامرىقىمەل
بارالمايمەن تېخى
مېھرىبانىم.

كىرەي دېسەم، كىچىككىنەم،
كىرەلمەيمەن تېخى
ئىپار ھىندىلىقىم.

يورۇق تەڭرىلەر يارلىقاسۇن،
مۇلايىم (يار) بىلەن
بىللە ئۆتەي (بولاي) ئايرىلماي.

كۈچلۈك پەرىشتىلەر مەدەت بەرسۇن،
كۆزى قارام بىلەن
كۈلۈشۈپ ئولتۇراي.

بۇ ھال ئاپرىنچۇر تىكىندىن باشقا شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: «ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا» دېگەن شېئىردىن بىر پارچە:

(ئەسلى تېكىست) ئادقا شۇتۇرۇر قات ـ قات تاغدا
ئامىل ئاغلاق ئارانىيا تاندا
ئارتۇچ سۆگۈت ئالتىنتا
ئاقار سۇۋۇلۇقتا
ئامرانچىغىن ئۇچتاچى قۇشقىنالار
تىرىنلىك قۇۋراغلىقتا
ئاتقاغسىزىن ئەگى تېكىنكۈلۈك ئول
ئانى تەگ ئورۇنلارتا

(يەشمىسى) قاتار ـ قاتار، قات ـ قات تاغلاردا،
تىنچتىنچ ئاراملىق ئارانىيا تاندا،
ئارتۇچ، سۆگەت ئاستىدا،

ئاقار سۇلار بويىدا،
شادىمان ئۇچقان قۇشلار كېلىپ،
توپلىنىدىغان جايلاردا،
غەم ـ ئەندىشىسىز ھۇزۇر سۈرگۈلۈك
ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، مىسرالارنىڭ مۇنداق ئۇزۇن ـ قىسقا تۈزۈلگەنلىكى شېئىرغا ھېچقانداق نۇقسان يەتكۈزمىگەننىڭ ئۈستىگە، شېئىرنىڭ ئاھاڭدارلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشكە، ھېس ـ تۇيغۇنى يەنىمۇ ئۇرغۇتۇشقا ياردەم بېرىش رولىنى ئوينىغان. بەزى شېئىرلاردا قىسقا مىسرالارنىڭ تەكرارلىنىشى بىلەن شېئىرغا باشقىلاتتىن جان كىرىپ، ئۇنىڭ جازىبىلىك كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. بۇنىڭ ئۈچۈن نامەلۇم بىر شائىرنىڭ مەدھىيە تېمىسىدىكى شېئىرىدىن تۆۋەندىكى پارچىنى مىسال كەلتۈرۈش كۇپايە:

ئەركلىگ ئۇلۇغ ئېلىگىمىز ئېرۇرسىز
ئالتۇنچا تومىش
تومۇلۇنچا تومىش
قۇتلۇغ بىلگە بەگىمىز ئېرۇرسىز

(يەشمىسى)
سىز بىزنىڭ قۇدرەتلىك پادىشاھىمىز سىز،
ئالتۇندەك پاك،
مەرۋايىتتەك ساپ،
قۇتلۇق دانا بېگىمىزسىز.

ئىككىنچى، كۇبلېتلارنىڭ ھەر خىل شەكىلدە، ئەركىن تۈزۈلۈشىنىمۇ قوجۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى دېيىشكە بولىدۇ. مەسىلەن: يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن كۇبلېتلار ئۈچ، تۆت، سەككىز مىسرادىن تەركىب تاپقان. ھەتتا ئاپرىنچۇر تېكىننىڭ «تاڭ تەڭرى» ناملىق شېئىرىنىڭ كۇبلېتلىرى ئىككىلىك، تۆتلىك ۋە بەشلىك شەكىلدە تۈزۈلگەن.

مەسىلەن:

(ئەسلى تېكىست) تۇرۇغلار قاموغ بېگلەر قاداشلار
تاڭ تەڭرىگە ئۆگېلىم

كۆرۈگمە كۈن تەڭرى
سىز بىزنى كۆزىدىڭ
كۆرۈنۈگمە ئاي تەڭرى
سىز بىزنى قورتىغارىڭ

تاڭ تەڭرى
يىدلىغ يىپارلىغ
يارۇقلۇغ ياشۇقلۇغ
تاڭ تەڭرى
تاڭ تەڭرى① *

(يەشمىسى) تۇرۇڭلار بارلىق بەگلەر، قېرىنداشلار،
تاڭ تەڭرىنى مەدھىيىلەيلى!

ئايان بولغان كۈن تەڭرى،
سىز بىزنى كۆزىتىڭ.
بالقىپ چىققان ئاي تەڭرى
سىز بىزنى قۇتقۇزۇڭ!

تاڭ تەڭرى
خۇش پۇراقلىق، ئىپارلىق.
پارلاق (ۋە) نۇرلۇق
تاڭ تەڭرى!
تاڭ تەڭرى! *

ئەمما قۇجۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يەنىلا ئەنئەنىۋى تۆتلىك لەردىن ئىبارەتتۇر.

ئۈچىنچى، قۇجۇ (ئىدىقۇت) شېئىرلىرىنىڭ شەكىل جەھەتتىكى ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتى شۇكى، مۇتلەق كۆپ قىسمى (ئايرىم كۇبلېتلاردىن مۇستەسنا) ھەم باش قاپىيىلىك، ھەم ئاياغ قاپىيىلىك شەكلىدە يېزىلغان. ھەتتا بۇ شېئىرلاردا ئاياغ قاپىيىگە قارىغاندا باش قاپىيىگە كۆپرەك دىققەت قىلىنغان. شېئىرنى ھەم باش، ھەم ئاياغ قاپىيىلەر

① بۇ تېكىستتىكى بەزى كۇبلېتلار قىسقارتىلدى.

بلەن يېزىش قۇجۇ ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ ئاجايىپ بىر ئىجادى بولۇپ، مۇنداق شېئىرلار ئۆزىنىڭ ئاھاڭدارلىقى بىلەن كىشى قەلبىنى قاتتىق لەرزىگە سالىدۇ. تۆۋەندىكى مەرسىيە ئەنە شۇنداق شېئىرلارنىڭ بىرى:

(ئەسلى تېكىست)

ئاقلار بولۇت ئۆرلەپ گۈركىرەپ
ئالقۇقا مۇ قار ياغۇرۇر
ئاق بىر ساچلىغ قارى ئانام
ئاچىيۇ مۇ ياشلىرىن ئاقىدۇر

*　　*

قارالار بولۇت ئۆرلەپ كۈكىرەپ
قارمۇ ياغمۇر ئول ياغۇرۇر
قارى ياشلىغ ئول ئانام
قايغۇدا مۇ ياشىن ئاقىدۇر

*　　*

يازقى بولۇت ياشلاپ كۈكىرەپ
ياغمۇرلار مۇ ئول ياغىدۇر
ياشى كىچىگ ئالغانلارىم
ياشلىرىن مۇ ئاقىدۇر

*　　*

كۈزكى بولۇت كۈكىرەپ ئۆرلەپ
كۆپ مۇ ياغمۇر ئول ياغىدۇر
كۆڭۈل تاشىم ئىكى كىچىگ
كۆز ياشلىرىن مۇ ئول ئاقىدۇر

(يەشمىسى)

ئاق بولۇتلار ئۆرلەپ گۈركىرەپ،
تەرەپ ـ تەرەپكە قارمۇ ياغدۇرار،
ئاق چاچلىق قېرى ئانام
غەم ـ قايغۇدا ياشلار ئاققۇزار،

قارا بۇلۇتلار ئۆرلەپ گۈرۈلدەپ،
قارمۇ، يامغۇرمۇ ياغدۇرار.
ئۇ قىردىغان چوڭ ياشلىق ئانام
قايغۇ ئىچىدە ياش ئاققۇزار.

يازقى بۇلۇت چاقماق چېقىپ گۈركىرەپ،
قاتتىق يامغۇر ياغدۇرار.
ئۇ مېنىڭ ياش خوتۇنۇم
كۆز ياشلىرىن ئاققۇزار.

كۈزگى بۇلۇت ئۆرلەپ گۈرۈلدەپ
كۆپلەپ يامغۇر ياغدۇرار.
جان باغرىم ئىككى نارەسىدەم،
كۆز ياشلىرىن ئاققۇزار.

بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، باش قاپىيە رىتورىك (كۈچەيتىپ ئېيتىلىدىغان ئاھاڭدا) ئۇرغۇ بىلەن ئوقۇلىدىغان بولغاچقا، شېئىرنىڭ ئاھاڭدارلىقىنى ئالاھىدە كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ. ئەپسۇسكى، بۇ ئەنئەنە بىزنىڭ زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلەلمىدى.

دېمەك، قۇجۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر شېئىرلىرى شېئىريي شەكىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتە يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن بولۇپ، ئوبرازلىق تەسۋۋۇر، شائىرانە تەسۋىر (ئوخشىتىش، قىلدۇرۇش، كىنايە، ئىستىئارە، مۇبالىغە) ۋە رىتىم، قاپىيە، ۋەزىن، تۇراق، ئاھاڭدارلىق قاتارلىق شېئىرىيەت ۋاسىتىلىرىدە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئەپسۇسكى، قۇجۇ (ئىدىقۇت) شېئىرلىرى سان جەھەتتىن خېلى كۆپ بولسىمۇ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان يىرىك بىر كلاسسىك ئەسەرنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى مەلۇم ئەمەس، ياكى مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ بىزنىڭ زامانىمىزغا يېتىپ كېلەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن.

## II «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى

ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، «قۇتادغۇ بىلىك» ئۆزىنىڭ شەكلى بىلەن داستان دەپ ئاتالسىمۇ، ئۇ ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىگە ئوخشاش قەھرىمانلىق داستانى، ياكى ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى تەسۋىرلەنگەن ئىشىق - مۇھەببەت داستانى ئەمەس، بەلكى بىر مۇتەپەككۇرنىڭ دۆلەت ۋە قانۇن، ئىنسان ۋە جەمئىيەت، بىلىم ۋە ئەخلاق قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەر ھەققىدىكى قاراشلىرىنى، «غايىۋى جەمئىيەت» ھەققىدىكى پىكىر - ئارزۇلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پەلسەپە كىتا-

بى ياكى «كىشىلىك پەلسەپىسىدۇر»، باشقىچە ئېيتقاندا، «11 - ئەسىرگىچە بولغان ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى، روھىي قىياپىتىنى، دۇنيا قاراشلىرىنى، ئەخلاق - پەزىلەتلىرىنى بەدىئىي ۋاسىتىلەر بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن»① بىر قامۇستۇر. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بۇ كىتاب ئىچكى تۈزۈلۈشىنىڭ داستان ياكى دراما شەكلىدە بولغانلىقى بىلەن، بولۇپمۇ شېئىرىي ماھارەت جەھەتتىكى ئۈزگىچىلىكى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ شېئىرىيەت ژانىرى بويىچە ئەڭ نادىر تۇلگىسىدۇر. بۇنىڭ ئاساسلىرى شۇكى:

بىرىنچىدىن، «قۇتادغۇ بىلىك» ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا تۇنجى قېتىم دۇنياغا كەلگەن كۆلەمى ئەڭ زور، بەدىئىي قۇرۇلمىسى ئەڭ مۇكەممەل لىرو-ئېپىك داستان.

ئىككىنچى، «تۈركىي تىل ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ كېتىۋاتقان»② زاماندا، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ بالاغەت ۋە پاساھىتىنى شېئىر ئارقىلىق نامايىش قىلىپ، تۈركىي تىلىنىڭ ئەرەب ۋە پارس تىلى بىلەن تەڭ بەيگىگە چۈشەلەيدىغانلىقىنى ئەدەبىي ۋاسىتىلەر بىلەن تۇنجى قېتىم ئىسپاتلىغان ئەسەر «قۇتادغۇ بىلىك» تۇر.

ئۈچىنچى، «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى مۇكەممەل سيۇژېت لىنىيىسى، دراماتىك توقۇنۇشلار، ھەربىرى ئۈزگىچە خاراكتېرگە ئىگە پېرسوناژلار تەسۋىرى 11 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ھېكايىچىلىق سەنئىتىنىڭ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن نەقەدەر يۈكسەلگەنلىكىنىڭ بىر دەلىلى بولسا، نۇرغۇنلىغان مىسرالاردىكى ياقۇتتەك چاقناپ تۇرىدىغان شېئىرىي دۇردانىلەر بۇ داستاننىڭ شېئىرىي ماھارەتتە ئۆز دەۋرى ئۈچۈنلا ئەمەس، بۈگۈنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئۈچۈنمۇ قىممەتلىك نەمۇنە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «پارلاق باھار مەدھىيىسى» گە بېغىشلانغان تۆۋەندىكى قۇرلارنى ئوقۇغىنىمىزدا، باھار پەسۋىرىگە دائىر شائىرانە ئىبارىلەرنىڭ ھەممىسىنى گويا يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئېيتىپ تۈگىتىۋەتكەندەك ھېسسىياتقا كېلىشىمىز مۇمكىن.

63. ئېسىپ كەلدى شەرقتىن باھار شامىلى،
بىزەشكە جاھان ئاچتى جەننەت يولى.

64. قوڭۇر يەر ئىپار تولدى، كافۇر كېتىپ،③
بىزەنمەك تىلەر دۇنيا كۆركەم ئېتىپ.

65. يېقىمسىز قىشنى قوغلاپ يازغى ئېسىن④

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئۇيغۇرچە نەشرىگە يېزىلغان مۇقەددىمىگە قاراڭ (بىرىنچى توم، ٥٧ - ٥٤)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 - يىل نەشرى.

② مەھمۇت قەشقەرى (يەنە شۇ كىتابنىڭ نەسلى تېكىستى، ى - بېتىگە قاراڭ).

③ «كافۇردەك ئاق قارلار كېتىپ» دېگەن مەنىدە.

④ ئېسىنپ (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) «شامال» مەنىسىدە.

پارلاق ياز يەنە قۇردى دۆلەت يايىن.

66. قۇياش ياندى بولغاي يەنە ئورنىغا،
بىلىق قۇيرۇقىدىن قوزى بۇرنىغا.

67. قۇرىغان ياغاچلار كيىنىدى يېشىل،
بىزەندى سۆسۈن، هال، سېرىق، كۆك، قىزىل.

68. قوڭۇر يەر يېپىندى يىپەك تورقىنى،
تاۋغاچ رەختى يايدى قىتان كارۋىنى.

69. دالا، قىر، ئويمان تۈشەندى يېپىپ،
بىزەندى ۋادىلار يېشىل، هال كيىپ.

70. تۈمەن رەڭ چېچەكلەر ئېچىلدى كۈلۈپ،
ئىپار، كافۇر هىدىغا دۇنيا تولۇپ.

71. ئېسىپ تاڭ شامىلى قەلەمپۇر پۇراق،
ئىپار هىدىغا تولدى دۇنيا بىراق.

72. غاز، ئۆردەك، قىل ①، ئاق قۇ خۇشاللىق بىلەن،
قاقىلداپ ئۇچۇشار يۇقىرى - تۆۋەن.

73. ئەنە كور، بىرى قونسا، ئۇچار ئۇ بىرى،
بىرى ئۈزسە ئوينىاپ، ئىچەر سۇ بىرى.

74. تىزىلغان تۆگىدەك كوكىش تۇرنىلار،
ئۇچار، يەلپۈنەر هەم ئۈنىن ياڭرىتار.

75. ئۇلار قۇش سايرىدى ئۈندەپ يولدىشىن،
گۈزەل قىز قىچقىرغان كەبى سويىمىشىن.

76. قاقىلدىدى كەكلىك، كۈلۈپ قاتقارا②،
قىزىل ئاغزى قاندەك، قېشى قاپقارا.

---

① قىل — قىلاقۇيرۇق؛ ② قاتقارا — قاقاقىلاپ.

78. چېچەكلىكتە مىڭ خىلدا بۇلبۇل ئۈنى،
ئوقۇر «سۈرە ئەبرى» نى كۈن ھەم تۈنى.

79. ئىلىك، جەرەن گۈل ئۈستىدە ئوينىشۇر،
بۇغا - مارال قىيغىتىپ ئويناپ سەكرىشۇر①.

تاڭ سەھەر ۋە كېچە مەنزىرىسى تەسۋىرلەنگەن مىسرالارمۇ ئۆزىنىڭ سېھىرلىك كۈچى بىلەن كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ:

3839. شەرقتىن چاقنىدى ئوتتەك يېلىن،
يورىدى جاھان يۈز ئاچقاندەك كېلىن.

3288. يېپەك قالقان بېشىن چىقارغان ھامان،
يورۇق يۈز كۈلگەندەك يورىدى جاھان.

3284. يېيىپ ساچىن ساما ياپتى نۇر يۈزىن،
گۈزەل زۇلپى قاپلاپ كەتتى يەر يۈزىن.

3948. يوشۇردى يۈزىن يەرگە رۇمى قىزى،②
جاھانىنىڭ تۈسى بولدى زەڭگى يۈزى.

«ئودغۇرمىشنىڭ ئېلىگكە نەسىھىتى» بابىدىكى بىر قاتار مىسرالارنى ئوقۇغىنىمىزدا، ئوت يۈرەك بىر شائىرنىڭ بۈيۈك ھۆكۈمدار ئالدىدا كۆكرەك كېرىپ، ھېچنېمىدىن ئەيمەنمەي، ئۇنى دادىللىق بىلەن پاش قىلغان يالقۇنلۇق شىكايەتنامىسىنى ئاڭلاپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ شېئىرىي ماھارىتىگە تەھسىن ئوقۇماي تۇرالمايمىز («قۇتادغۇ بىلىك» ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمى يەشمىسى، 1103 — 1099 - بەتلەرگە قاراڭ.) يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىر بولۇش سۈپىتى بىلەن ھايات ۋە ئەمگەكنىڭ قىممىتى، ئىنسانىي پەزىلەت، بىلىم، تىل، ئەقىل - ئىدراك بابىدا ھەم لىرىك، ھەم ئافورىستىك (ئەقلىيە، ھېكمەت) دۇردانىلىرىنى بىزگە مىراس قالدۇرغاندۇركى، بۇ قىممەتلىك مىراسلار قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئېسىل نەمۇنىلىرى ۋە خەلق ماقال-تەمسىللىرى قاتارىدا ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ساقلىنىپ كەلمەكتە. مەسىلەن:

---

① مىساللار «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمى يەشمىسى بويىچە ئېلىنىدى ۋە ئېلىنىدۇ.

② رۇمى قىزى — قۇياش مەنىسىدە.

274. ئەقىل كوركى تىلدۇر، بۇ تىل كۆركى سۆز،
كىشى كوركى يۈزدۇر، بۇ يۈز كۆركى كۆز.

152. بىلىمنى بۈيۈك بىل، ئىدراكنى ئۇلۇغ،
بۇ ئىككى يۈكسەلتۇر قۇلنىمۇ تولۇق.

154. ئەقىل قايدا بولسا، ئۇلۇغلۇق بولۇر،
بىلىم كىمدە بولسا، بۈيۈكلۈك تاپۇر.

262. بىلىمسىزگە تۆردە ئورۇن بولسا كۆر،
بۇ تۆر بولدى پەگا، پەگا بولدى تۆر.

263. بولۇپ قالسا پەگا ئالىمغا ئورۇن،
بۇ پەگا بولۇر تۆر، تېخى ئەڭ بۇرۇن.

314. كىشىگە ئەقىل ۋە بىلىمدۇر كىشەن،
يامانلىق قىلالماس ئەر كىشەن بىلەن.

1015. تولا سۆز بىلەن ئالىم بولالماس كىشى،
كۆپ ئاڭلاپ بولۇر ئۇ ئالىم تۆر بېشى.

163. قەدىرلىك قىلار تىل، تاپار بەخت كىشى،
قىلار ئەرنى تىل خار، كېتەر ھەم بېشى.

167. سۆزۈڭنى تۈزەتكىن، بېشىڭ كەتمىسۇن،
تىلىڭنى كۆزەتكىن، چىشىڭ سۇنمىسۇن.

164. ئىشىكتە تۇرار ئارسلاندۇر بۇ تىل،
ئەي ئۆيلۈك ھەزەر قىل، بېشىڭ يەيدۇ بىل.

2579. كىشى سۆز ۋە تىلدىن بىرەركەن ئازار،
سۆڭەكنى ئاغرىتىپ، دىلگە ئوت ياقار.

2580. ئۇرۇلغان قاچىنىڭ ياراسى پۈتەر،
بۇ تىل سۆكسە پۈتمەس، ياراسى تۇرار.

1916. دېمەستە سۆزۈڭنى ئالتۇن ھېسابلا،
ئېغىزدىن چىقسا، سەن ئۇنى مىس سانا.

2895. كېسەل دەردى ئەرگە كېلىدىن كىرۇر،
ئۇنىڭ دورىسىمۇ ئېغىزدىن بولۇر.

2004. كۆزى ئاچ كىشىلەر بولماس مالغا باي،
ئۇ نۇرغۇن دۇنيالىق بولسىمۇ، گاداي.

4733. بۇ دۇنيا ئۆچى بىر ئېتىزلىق ئېرۇر،
نېمە تەرسە ئاڭنا شۇ نەرسە ئۈنۈر.

1101. ئاقارسا ئاق قۇدەك كىشىنىڭ بېشى،
دىلىن ھەم ئاق قۇدەك ئاقارتسۇن كىشى.

كىتابتىن مۇنداق مىسرالارنى ئەنچە يۈزلەپ تېپىش مۇمكىن.

## III «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى شېئىرىي ژانىرلار

### A. غەزەل

بىرىنچى بېيىتنىڭ ھەر ئىككى مىسراسى بىر خىل (ئوخشاش) قاپىيىدە كېلىپ، قالغان بېيىتلارنىڭ ئاخىرقى مىسراسى شۇنىڭغا قاپىيىداش يېزىلىدىغان لىرىك شېئىر غەزەل دەپ ئاتىلىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئاخىرىغا ئۇلاۋە قىلىنغان ئۈچ پارچە شېئىر غەزەل ژانىرىنىڭ بەزىلەر ئېيتقانىدەك «چاغاتاي ئەدەبىياتى» دەۋرىدىلا ئەمەس، يۈسۈپ خاس ھاجىپ زامانىسىدىن باشلاپلا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، شۇنداقلا شائىرنىڭ لىرىك شېئىر ماھارىتىنىڭمۇ نەقەدەر يۈكسەكلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. تۆۋەندە يۈسۈپ خاس ھاجىپ لىرىكىلىرىدىن بىر-نەچچە بېيىتنى مىسال كەلتۈرىمىز.

1. شائىرنىڭ يىگىتلىككە (ياشلىققا) ئېچىنىپ، قېرىلىق ھەققىدە ئېيتقانلىرى:

6521. يىگىتلىكنى ئۆتكۈنچى بولۇتتەك ئۆتكۈزۈۋەتتىم،
ھاياتىمنى ئۆتكۈنچى شامالدەك تۈگەتتىم.

6522. ئىست ھەي يىگىتلىك، ئىست ھەي يىگىتلىك،
تۇتۇشنى بىلمەي سېنى تېز قاچۇرۇۋەتتىم.

6524. ئىست، بۇ يىگىتلىك قىنى، نەگە كەتتى؟
تىلەپ تاپمىدىم مەن، شۇنچە تىلەيتتىم!

6529. قىزىل ئىدى مەگزىم، تامام ئەرغىۋاندەك،
بۇگۈن ئاڭا زەئپەر ئۇرۇغىن سۇرتتىم.

6530. ئىپاردەك قارا باشقا مەن كافۇر پۇركۇدۇم،
تولۇن ئايدەك يۈزۈمنى نەگە ئىۋەتتىم.

6531. يورۇق يازدەك ئىدىم تۈمەن رەڭ چىچەكلىك،
خازان بولدۇمىنكىن، ھەممىنى تۇزۇتىۋەتتىم.

6532. قىيىنىدەك بويۇم ئوقتەك ئىدى تۈز،
بولۇپ ئەگرى يادەك ئىگىلدىم، ئىگىشتىم.

6533. ئىست، زايە قىلدىم ئۆمۈرنى ھەۋەس بىلەن مەن،
ئەمدى پۇشماندا كۆزدىن قان ياش ئىقىتتىم.

6547. گويا كىسرا① يا قەيسەردەك② بولدۇممۇ دەي،
يا شەدداد ۋە ئاددەك بىيىشمۇ ياساتتىم.

6548. ئىسكەندەردەك ئالدىم جاھاننى پۈتۈنلەي،
نوھ ئۆمرىنى پۈتۈن ياشىدىم، ياشاتتىم؛

6549. چىقىندەك قىلىچلىق ھەيدەرمۇ③ بولدۇم دەي،
يا رۇستەمدەك جاھانغا داڭقىم تاراتتىم؛

6550. بولۇپ ياكى ئەيسا ئۇچۇپ كۆككە چىقتىم،
يا نوشىرۋاندەك ئادىل قانۇن يۈرۈتتىم؛

6551. يا خەزنەم تولۇق بولدى قارۇن④ مىلىدەك،
يا ئەسھابى رىستەك تۆمۈر شەھەر ياساتتىم؛

---

① كىسرا — ئىرالدا ئۆتكەن ساسانىلار سۇلالىسى شاھلىرىنىڭ لەقىمى ياكى نامى.
② قەيسەر — رىم ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى.
③ تۆت چاھارىيارنىڭ بىرى — ھەزرىتى ئەلىنىڭ سۈپەتلەش نامى.
④ مۇسا پەيغەمبەرنىڭ تۇغقانلىرىدىن ئەڭ زور باي ۋە پخسىق بىر ئادەمنىڭ ئىسمى.

6552. نه پايدا بۇلاردىن، كىردىم ئاخىر يەرگە،
جاھان قالدى، مەن ئىككى بۆز بىلەن كەتتىم.

2. «زامانىنىڭ بۇزۇقلۇقى ۋە دوستلارنىڭ جاپاسى» باياندىكى ئىككىنچى غەزەل شائىر ياشىغان زامانغا ۋە كىشلەر مۇناسىۋىتىدىكى ئىللەتلەرگە قارشى غەزەپ - نەپرەت بىلەن يېزىلغان ئىسيانكار لىرىكىدۇر، تۆۋەندىكى قۇرلارنى ئوقۇغىنىمىزدا قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى غەزەل ژانىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز.

6565. قوپاي مەن، ماڭاي مەن، جاھاننى كېزەي مەن،
جاھاندا ۋاپادار كىم ئىكىن، تاپاي مەن.

6566. كىشى قىسلىقى بولدى، ئىزدەي قەيەردىن؟
ئىزدەپ تاپقىلى بولسا، ئىزدەپ كۆرەي مەن.

6567. جىمى ئارزۇغا يەتتىم، كىشى تاپمىدىم مەن،
بۇ ئارزۇغا يەتسەم، يۈزىگە باقاي مەن.

6570. ئەگەر تاپالمىسام مەن ۋاپادار كىشىنى،
ياۋايى كىيىك بىرلە ئۆمۈر سۈرەي مەن.

6571. يېمىكىم ئوت يىلتىزى، يامغۇر سۈيى ئىچسەم بەس،
قىلىپ قۇمنى توشەك، تاغار تون كىيەي مەن.

6572. بولۇپ ياكى ۋەھشى، باياۋاندا يۈگۈرۈپ،
كىشىدىن يىراقلاپ، جاھاندىن يۈتەي مەن.

6577. كۆزۈمدەك يېقىن كۆرسەم كىملى ئۆزۈمگە،
شەيتاندەك ياۋ بولدى، ئۇنى نە يۈتەي مەن.

6579. كىشى كۆڭلىن بىلمەككە گۇۋاھ ئىدى تىل،
كۆڭۈل، تىل ئالا بولدى، كىمگە پۈتەي مەن.

6582. ئاداش - دوستلىرىمدىن ۋاپا كۆرمىدىم مەن،
قاياش قىلىقى ياتتەك، نېچۈك تىل ئاچاي مەن.

6588. بۇزۇلدى نېچۈن خەلق، نىزامنى تەرك ئېيتىپ،
نېچۈك بىر زامانغا قالدىم، قايان كېتەي مەن.

6595. جەمى ياخشىلار كەتتى، يوسۇن - قانۇنمۇ ھەم،
رەزىل قالدى، ياخشىسىنى نەدىن تاپاي مەن.

6601. چايانىدەك چاقۇرلار، چىۋىنىدەك شورارلەر،
ئىتتەك قاۋارلەر، قايسىسىنى ئۇراي مەن.

6602. ئەلەم يەتتى ماڭا بۇ جاھىللار ئارا،
پۇشايماندا كۈن - تۈن نەچە يۈك يۈدەي مەن!

3. كلاسسىك شائىرلارنىڭ غەزەللەردە ئۆز ئىسمى ياكى كۆپىنچە ئۆز تەخەللۇسىنى قەيت قىلىپ ئۆتۈش ئادىتىنىمۇ بەزى كىشىلەر «چاغاتاي ئەدەبىياتى» دەۋرىدە ئومۇملاشقان دېگەن پەرەزدە ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ 3 - غەزىلى «كىتاب ئىگىسى يۈسۈپ ئۇلۇغ ھاجىپنىڭ ئۆزىگە نەسىھىتى» دە بۇ ئادەتنىڭ 11 - ئەسىردىلا ئۇيغۇر كلاسسىكلىرى شېئىرلىرىدا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. مەسىلەن:

6605. «بىلىم بىل، ئۆزۈڭ بول تۆردە ئولتۇرا،
بىلىمدۇر كىشىگە ئۇ مەھكەم تۇرا.

6606. بىلىمسىز يۈرەك تىل، نېمىگە يارار،
بىلىم بىرلە سۆدەك ئومۇمغا يارا»

دەپ باشلىنىدىغان ئۇزۇن غەزەلدە

6627. «يۈسۈپ سەن، كېرەكلىك دۇرۇس سۆزنى ئېيت،
كېرەكسىزنى يوشۇر، ئۇ زەرەرلىك، قارا»

دېگەن بېيىت ئۇچرايدۇ. بۇ ھالنى يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن كېيىن، يەنى قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ياشىغان ئۇيغۇر شائىرى ئەخمەت يۈكنەكىنىڭ كىتابى «ئەتەبەتۇلھەقايىق» تىمۇ ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن:

ئەدىب ئەھمەد ئاتىم، ئەدەب - پەند سۆزۈم،
سۆزۈم مۇندا قالۇر، بارۇر بۇ ئۆزۈم.

B. رۇبائىي

بىر قىسىم كىشىلەر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى رۇبائىي ژانىرى پەقەت «چاغاتاي ئەدەبىياتى» دەۋرىدىلا پارس شائىرلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن باشلانغان دەپ قارايتتى. «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئىككى يۈزدىن ئوشۇق رۇبائىينىڭ مەۋجۇتلۇقى رۇبائىي ژانىرىنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ رۇبائىيلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆزىنىڭ كامالەت دەرىجىسىنىڭ يۈكسەكلىكى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ رۇبائىي پېشىۋالىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى. تۆۋەندىكى مىساللار بۇنىڭ دەلىلى بولۇشى مۇمكىن.

2380. كېلىن قىز سۆيۈنچى نىكاھ - توي تۈنى،
باتۇرنىڭ سۆيۈنچى جەڭ قىلغان كۈنى.

2381. سۇرەۋ ئالغا لەشكەر باتۇر ئات چېپىپ،
لاچىن قۇش ئالغاندەك، تۆكەر ياۋ قېنى.

3421. نېچۇك ئەر سانالۇر مىگەر دۈشمىنى،
مىڭ غەيبەت قىلمىسا ئۇنى ھەر كۈنى.

3422. كۆر، ئىتتىن قاچقان ئۇ بۆرى بولۇرمۇ،
ئاڭلانسا كەيىندىن مىڭ ئىتنىڭ ئۈنى.

3401. غاپىل بولما، دۈشمەن كىچىك دەپ ئۆزۈڭ،
نېچۈن قورقىمەن دەپ، چوڭ قىلما سۆزۈڭ.

3402. ئەگەر بولسا دۈشمەن، بىخۇد يۈرمە سەن،
دۈشمەنگە دۈشمەن بول، دوستقا ئاچ يۈزۈڭ.

2047. كۆر، ئىتقا بولۇۋەرسە باش ئەرسلان،
بولۇر ئىتلار ھەم ئەرسلانسىمان.

2048. ئەگەر بولسا ئىت ئۇ ئەرسلانغا باش،
ئەرسلانمۇ بولۇپ قالۇر ئىتتەك ھامان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ رۇبائىيلىرى ھەققىدە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، شائىر ئۆز رۇبائىيلىرىنى، ئادەتتە، «نە دەيدۇ ئىشىتكىن»، بىر پازىل كىشى»، ياكى «نېمە دەيدۇ

ئاگلا، سەپ يارغان جەسۇر» دېگەنگە ئوخشاش بىرەر خىتابتىن كېيىن باشلىغاچقا، بەزى ئالىملار شائىرنىڭ بۇ رۇبائىيلىرى باشقا كىشىلەردىن نەقىل ياكى پارس - تاجىك تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان بولۇشى ئېھتىمال دېگەن قاراشقا كېلىپ قالغاندى. لېكىن، تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ رۇبائىيلىرىنىڭ مەزمۇن، شەكىل، ئۇسلۇب ۋە تىل جەھەتتىكى مىللىي ئالاھىدىلىكى ھەممىنى قايىل قىلىپ، ئاخىر بۇ رۇبائىيلار شائىرنىڭ ئۆز ئىجادى دېگەن قاراش ئۈستۈنلۈك قازاندى.

C. تەجنىس ۋە تۇيۇق

ئادەتتە ئاز ئۇچرايدىغان تەجنىس (ئومونىم سۆزلەردىن شېئىر تۈزەش سەنئىتى) مۇ «قۇتادغۇ بىلىك» تە نامايان قىلىنغان. مەسىلەن: «قىز» دېگەن سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ھازىرقى مەنىسىدىن تاشقىرى، «قىس»، «كەم»، «نادىر» دېگەن مەنىلەرنى بىرىدىغان ئومونىملىق سۆز بولۇپ ئېيتىلاتتى. شائىر بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ مۇنداق يازىدۇ:

564. بۇ مۇنداغ كىشىلەر بولۇر ئېزى قىز،
بۇ قىز قىزلىقى قىلدى قىز ئاتى قىز.

يەشمىسى:

مۇنداق كىشىلەر بەكمۇ قىس بولىدۇ،
قىس نەرسىلەر قىممەتلىكى ئۈچۈن قىزنىڭ ئېتىمۇ
قىز بولغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ھېساب» دېگەن سۆز «ساقىش» دېيىلەتتى. بۇ سۆز «ساق» ۋە «ئىش» دېگەن ئىككى سۆزنىڭ بىرىكمىسىدىن ياسالغان، شائىر بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ مۇنداق سۆز ئويۇنى قىلىدۇ:

2221. ھېساب ساقلىقىدىن ئاتالدى ساقىش،
كۆرەرسەن، ھېساب ئۇ ئۆزى بەك ساق ئىش.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئوردا (ساراي) «قارشى» دەپ ئاتىلاتتى. بۇنىڭدىن مۇنداق تەجنىس (سۆز ئويۇنى) تۈزەلگەن:

4246. بۇ بەگلەر ئۆيىنىڭ ئېتى «قارشى» دۇر،
بۇ «قارشى» ئەھلى ئۆزئارا قارشىدۇر.

«قۇتادغۇ بىلىك» تە تەجنىسنىڭ يۇقىرى تەرەققىيات شەكلى بولغان «تۇيۇق» نىمۇ ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن: «ئۆگ» دېگەن سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىم ئورنىدا كەلگەندە ئىدراك، سۈپەت مەنىسىدە كەلگەندە چوڭ، ئۇلۇغ، پېئىل بولۇپ كەلگەندە ماختىماق دېگەن ئۇقۇملارنى بىرەتتى. شائىر بۇ سۆزدىن پايدىلىنىپ مۇنداق بىر تۇيۇق ياراتقان:

1993. قايۇ ئەردە بولسا، ئۇقۇش بىرلە ئۆگ،
ئانى ئەر ئاتاغىل، نەچە ئۆگسە ئۆگ.

1994. ئۇقۇش، ئۆگ، بىلىك كىمدە بولسا تۇگەل،
ياۋۇز ئەرسە كەدتە، كىچىك بولسا ئۆگ.

يەشمىسى: كىمدە ئەقىل ۋە ئىدراك بولسا، ئۇنى ئەر دەپ ھېسابلا،
قانچە ماختىساڭ، ماختا؛ كىمدە ئەقىل، ئىدراك،
بىلىم جەم بولىدىكەن، ئۇنى يامان بولسا ياخشى،
كىچىك بولسا ئۇلۇغ، دەپ بىل.

## IV «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە ئارۇز ۋەزنى

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ شېئىرىي ۋەزنى مەسىلىسى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن بۇيان، دېگۈدەك بىرمۇنچە تۈركشۇناسلارنىڭ دىققەت - نەزەرىدىكى مۇھىم تېما بولۇپ كەلدى. يەنى بۇ داستان بارماق (ھىجا) ۋەزنىدە يېزىلغانمۇ، ياكى ئارۇز ۋەزنىدىمۇ دېگەن مەسىلىدىكى مۇنازىرىلەر خېلى زامان داۋام قىلدى. بىر قىسىم ئالىملار بۇ داستان تۈركىي خەلقلەرنىڭ مىللىي شېئىرىيەت ۋەزنى بولغان 11 بوغۇملۇق بارماق ۋەزنىدە يېزىلغان دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ قاراشتىكىلەرگە تۈركىيە ئالىمى نەجىپ ئاسىم بىلەن قوبۇلزادىلار ۋەكىللىك قىلاتتى. نەجىپ ئاسىم: «قۇتادغۇ بىلىك»، «ھەممىگە تونۇش بولغان تۈركىي شېئىر ۋەزنى 11 بوغۇملۇق بارماق ۋەزنىدە يېزىلغان» دەپ ئاشكارا ئېيتقان①. ھەتتا ئۇنىڭدىن بۇرۇنراق ۋامبېرىمۇ شۇنداق تونۇشتا بولغان②.

مۇنداق قاراشتىكى ئالىملارنىڭ تايانغانچى بولغان ئاساسى ئىككى: بىرىنچىدىن، 11 بوغۇملۇق بارماق ۋەزنى تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمكى مىللىي شېئىر ۋەزنى بولۇپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى شېئىرلار بۇنى ئىسپاتلايدۇ ۋە «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىر دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولغانلىقتىن، بۇ ئىككى كىتابتىكى شېئىرلاردا ۋەزىن ئوخشاشلىقى بار دېمەكچى؛ ئىككىنچىدىن، تۈركىي شېئىرنىڭ بارماق ۋەزنى بىلەن ئەرەب شېئىرىيىتىدىكى ئارۇز ۋەزنى بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى، يەنى تۈركىي تىلنىڭ بەزى فونېتىك خۇسۇسىيەتلىرى ئارۇز قائىدىسىگە چۈشمەيدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى بەزى مىسرالارنىڭ ئارۇز قائىدىسىگە تولۇق چۈشمىگەنلىكى بۇنىڭ بىر دەلىلى دېمەكچى.

ھالبۇكى، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ۋەزنى ھەققىدە نۇرغۇن تەتقىقات يۈرگۈزگەن

① نەجىپ ئاسىم: «تۈرك تارىخى»، 1898 - يىل نەشرى، 259 - بەت.
② م. فۇئاد كۆپرۈلۈ: «تۈرك ئەدەبىياتى تارىخى»، 1980 - يىل، ئىستانبۇل، 170 - بەت.

ئالىملار بۇ ئىككى خىل ئاساسنىڭ ئەمەلىيەتتىن چەتلەپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. م. فۇئاد كۆپرۈلۈ «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئارۇز بىلەن يېزىلغانلىقىنى «ئىلىم دۇنياسى بىردەك ئېتىراپ قىلغان ھەقىقەتتۇر» دەپ، مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئۆتكەندىن كېيىن، «بۇ ئەسەر دۇنياغا كەلگەن ئەسىردە 11 بوغۇملۇق بارماق ۋەزنىنىڭ بەك ئاز قوللىنىلغانلىقىنى كېيىنچە «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىزگە كۆرسىتىپ بەردى» دەپ يازدى①. «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى بەزى مىسرالار ئارۇز قائىدىسىگە تولۇق چۈشمەيدۇ دېگەن مەسىلىگە ئۆزبېك ئالىمى قېيۇم كېرىموۋ «ئەگەر داستاندا ئارۇز قائىدىسىگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان مىسرالار بولغان بولسا، بۇ شۈبھىسىزكى، ئۇنى كۆچۈرگۈچىلەرنىڭ سەۋەنلىكى. چۈنكى، بۇ داستان مىلادى 11 - ئەسىردە يېزىلغان بولسىمۇ، بىزنىڭ قولىمىزدىكى نۇسخىلار پەقەت مىلادى 15 - ئەسىردە كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلاردىنلا ئىبارەت. بۇ كۆچۈرمە نۇسخىلاردا بەزى كەمچىلىك ۋە نۇقسانلارنىڭ بولۇشى چوقۇم، كۆچۈرگۈچىلەرنىڭ بەزى ‹ئۆزگەرتىش› لەرنى كىرگۈزۈپ قويغانلىقىمۇ تەبىئىي. ئەمما، بۇلار ئايرىم ھادىسىلەردىنلا ئىبارەت» دەپ ئوبدان جاۋاب بەرگەن②.

ئەمەلىيەتتە، ئارۇز ۋەزنىدىن خەۋەردار كىشىلەرگە «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ قايسى ۋەزىندە يېزىلغانلىقى ھېچقانداق سىر ئەمەس. مەلۇمكى، شېئىر مىسرالىرىدىكى ئۇزۇن ۋە قىسقا بوغۇملارنىڭ مەلۇم تەرتىپتە تەكرارلىنىشىدىن ياكى ئالمىشىشىدىن ھاسىل بولغان ۋەزىن ئارۇز ۋەزنى دەپ ئاتىلىدۇ. بوغۇم ئارۇز ۋەزنىدىمۇ بارماق ۋەزنىدىكىگە ئوخشاش مىسرانىڭ ئەڭ كىچىك ياكى ئەڭ ئاساسىي بۆلىكى ھېسابلىنىدۇ. بىراق، ئارۇز ۋەزنىدە مىسرا ئىچىدىكى بوغۇملارنىڭ سانى ۋە تۇراقلىرى ئەمەس، پەقەت ئۇلارنىڭ ئۇزۇن ۋە قىسقىلىقى ئۆلچەم قىلىنىپ، شۇ بوغۇملارنىڭ تەكرارلىنىشى ياكى ئالمىشىشىدىن ئارۇزغا خاس بىر خىل ئاھاڭ پەيدا بولىدۇ. ئادەتتە، ئۇزۇن بوغۇمنى «—» بەلگىسى بىلەن، قىسقا بوغۇمنى «V» بەلگىسى ياكى بىر چېكىت بىلەن ئىپادىلەش ئومۇم تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان بىر قائىدە بولۇپ قالغان:

مەسىلەن:

371. بودۇم ئەردى ئوقتەگ كۆڭۈل ئەردى يا،
كۆڭۈل قىلغۇ ئوقتەگ بودۇم بولدى يا.
(بويۇم ئىدى ئوقتەك، كۆڭۈل ئىدى يا،
كۆڭۈلنى قىلغۇچە ئوق، بويۇم بولدى يا).

بۇ بېيىتنى ئاشۇ قائىدە بويىچە سخېما بىلەن كۆرسەتسەك، مۇنداق ھالەت كېلىپ چىقىدۇ:

① يەنە شۇ كىتابنىڭ ئەينى بېتىگە قارالسۇن.

② «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىغا دائىر ئەسەرلەر تەرجىمىلىرىدىن تاللانما، 1 - جىلد، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 166 - بەت.

| | | | |
|---|---|---|---|
| بودۇم ئەر | دى ئۇقتەگ | كۆڭۈل ئەر | دى يا |
| V — — | V — — | V — — | V — |
| كۆڭۈل قىل | غۇ ئۇقتەگ | بودۇم بول | دى |
| V — — | V — — | V — — | V — |

مۇزىكا ئىلمىدە نەغمە ئاھاڭلىرى نوتا بىلەن بەلگىلەنگىنىگە ئوخشاش، ئارۇز ئىلمىدە شېئىر ئاھاڭلىرى «تەفئىلە» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل شەكىل بىلەن بەلگىلىنىدۇ. «تەفئىلە» شەرتلىك ھالدا ئەرەب يېزىقىدىكى ف، ع، ل ھەرپلىرى بىلەن كۆرسىتىلىپ، «فعل» شەكلىدە يېزىلىدۇ. بۇ شەكىل تۈرلۈك ھەرىكەتلەر ۋاستىسى بىلەن فەئىل، فەئەل، فەئۇل دەپ ئوقۇلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئارۇزنىڭ ۋەزىن ئاساسلىرى ھاسىل بولىدۇ. شۇ ئاساسلارنىڭ بىرىكىشى ياكى ئايرىلىشىدىن رۇكن (يەنى مىسرالارنى تەشكىل قىلغۇچى ئەڭ چوڭ ئامىل) ھاسىل بولىدۇ. ئارۇز ۋەزنىدىكى شېئىر مىسرالىرى ئۈچ، تۆت، ھەتتا بەش رۇكندىن تەركىب تېپىشى مۇمكىن. ئارۇز ۋەزنىدىكى رۇكنلار 30 خىلغا يەتسىمۇ، ئاساسلىقى، فەئۇلۇن، فائىلۇن، مەفائىلۇن، فائىلاتۇن، مۇستەفئىلۇن، مەفئۇلاتۇ، مەفائىلاتۇن، مۇتەفائىلۇن دەپ ئاتىلىدىغان سەككىز خىلدىن ئىبارەت. ئەنە شۇنداق رۇكنلارنىڭ ئەينەن ياكى مەلۇم ئۆزگىرىشلەر بىلەن تەكرارلىنىشىدىن بەھىرلەر ھاسىل بولىدۇ. بەھىر ئارۇز ۋەزنىدىكى شېئىر ئۆلچەملىرىنىڭ ئاساسىي تۈرلىرى بولۇپ، ئارۇز ئالىملىرى ئۇلارنى 19 خىلغا يەكۈنلىگەن.

شۇ بەھىرلەرنىڭ بىرى مۇتەقارىپ بەھرى بولۇپ، بۇ بەھىرنى ھاسىل قىلىدىغان رۇكن فەئۇلۇن (V — —) رۇكنىدۇر. بۇ رۇكن بىر بېيىتتە ئەينەن سەككىز قېتىم تەكرارلانسا مۇتەقارىپ بەھرىنىڭ سالىم (يەنى ساق، تولۇق) شەكلى ھاسىل بولىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئاخىرىغا ئىلاۋە قىلىنغان ئۈچ لىرىك پارچىنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچىسى بىلەن ئايرىم بېيىتلەر ئەنە شۇ سالىم بەھىر ۋەزنىدە يېزىلغان. مەسىلەن:

6567. قامۇغ ئارزۇ بولدۇم كىشى بولمادىم مەن،
قالى بولسا ئارزۇم يۈزىگە باقايى.

يەنى: جىمى ئارزۇغا يەتتىم، كىشى تاپمىدىم مەن،
بۇ ئارزۇغا يەتسەم، يۈزىگە باقاي مەن.

بۇ بېيىتنىڭ سىخېما ۋە رۇكنلىرى مۇنداق بولىدۇ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| قامۇغ ئار | زۇ بولدۇم | كىشى بول | مادىم مەن |
| (فەئۇلۇن) | (فەئۇلۇن) | (فەئۇلۇن) | (فەئۇلۇن) |
| V — — | V — — | V — — | V — — |
| قالى بول | سا ئارزۇم | يۈزىگە | باقايى |
| (فەئۇلۇن) | (فەئۇلۇن) | (فەئۇلۇن) | (فەئۇلۇن) |
| V — — | V — — | V — — | V — — |

فەئۇلۇن رۇكنى ئەينەن تەكرارلانماي، ھەر مىسرانىڭ ئاخىرىدىكى بىر ئۇزۇن

بوغۇم قىسقارتىلسا، مۇتەقارىب بەھرىنىڭ مەقسۇر (قىسقارتىلغان) ۋەزنى — فەئۇل (يەنى V —) ھاسىل بولىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» كە ئىلاۋە قىلىنغان ئۈچ لىرىك پارچىنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچىسى بىلەن پەقەت ئىككى بېيىت مۇتەقارىبنىڭ سالىم (تولۇق) بەھرى ۋەزنىدە يېزىلغاندىن تاشقىرى، قالغان 13 مىڭ نەچچە يۈز مىسرانىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ مەقسۇر (قىسقارتىلغان) بەھرى ۋەزنىدە، يەنى

| فەئۇلۇن | فەئۇلۇن | فەئۇلۇن | فەئۇل |
|---|---|---|---|
| V — — | V — — | V — — | V — |

ۋەزنىدە يېزىلغان.

دېمەك، «قۇتادغۇ بىلىك» ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا تۇنجى قېتىم سىستېمىلىق ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان يىرىك داستان بولغانلىقى بىلەنمۇ مۇھىم شېئىرىي قىممەتكە ئىگە.

* * *

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئارۇز ۋەزنىدە شۇ قەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلىپ چىققانلىقى، بىر تەرەپتىن، بۇ داستان شائىرىنىڭ ئارۇز ۋەزنىدە يازغان تۇنجى ئەسىرى (ياكى دەسلەپكى تەجرىبىسى) بولماي، بەلكى ئارۇز ۋەزنى بىلەن ئۇزۇن يىللىق مەشغۇللانغانلىقىدىن دېرەك بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇر (تۈركىي) تىلىنىڭ ئارۇز ۋەزنى بىلەن ھېچقانداق توقۇنۇشۇپ قالىدىغان يېرى يوقلۇقىنى، يەنى ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئارۇز ۋەزنىدە ھەرقانداق يىرىك ئەسەرلەرنىمۇ يازغىلى بولىدىغانلىقىنى، ھەتتا بۇ ۋەزىننىڭ ئومۇمەن تۈركىي (تىللىق) شېئىرىيەتتىكى مىللىي ئۇسلۇبلارنىڭ بىرى بولۇشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم نامايان قىلدى. دەرۋەقە، «قۇتادغۇ بىلىك» تىن باشلاپ بىر-نەچچە ئەسىرلەردىن بۇيان ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق شائىرلار ئىجادىدا، ھەتتا خەلق قوشاقلىرىدا ئارۇز ۋەزنى بارماق ۋەزنى بىلەن بىر قاتاردا بۈگۈنگە قەدەر مىللىي ۋەزنلەرنىڭ بىرى بولۇپ كەلمەكتە.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغانلىقىنىڭ ھېچبىر تاسادىپىي ھال ئەمەسلىكىنى يەنە شۇ نۇقتىدىنمۇ ئىسپاتلاش مۇمكىنكى، مىلادى 722 — 792 - يىللاردا ياشىغان ئەرەب ئالىمى ئىمام خېلىل ئىبنى ئەخمەتنىڭ «ئىلمىي ئارۇز» ناملىق كىتابى دۇنياغا كېلىپ، ئىلىم ئەھلىگە تەسىر كۆرسىتىشتىن بۇرۇنلا تۈركىي خەلقلەرنىڭ بېيىت، قوشاقلىرىدا بەزى ئارۇز ئامىللىرى مەۋجۇت ئىدى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ساقلانغان بىرمۇنچە بېيىت ۋە قوشاقلار بۇنىڭ دەلىلى، مەسىلەن:

كەلسە قالى قاتىغلىق،
ئەرتەر تەيۇ سەرىنگىل.
ئۆزلەك ئىشىن بىلىپ تۇر
ئانچا ئاگار تىرەنگىل.

يەشمىسى: ساڭا قاتتىق كۈن كەلسە، بۇمۇ كېتەر دەپ سەۋر قىل،
زاماننىڭ ئىشىنى بىلىپ تۇر، ئۇنىڭغا شۇنچىلىك تاقابىل تۇر.

بۇ قوشاق «ئىلمىي ئارۇز» دا يەكۈنلەنگەن رەجەز بەھرىنىڭ بىرتارماق ۋەزنى بولغان

| | | | |
|---|---|---|---|
| مۇستەفئىلۇن | فەئۇلۇن | مۇستەفئىلۇن | فەئۇلۇن |
| — V — — | — — V | — V — — | — — V |

ۋەزنىگە چۈشىدۇ، يەنى

| | | | |
|---|---|---|---|
| كەلسە قالى | قاتىغلىق | ئەرتەر تەيۇ | سەرىنگىل |
| — V — — | — — V | — V — — | — — V |
| ئۆزلەك ئىشىن | بىلىپ تۇر | ئانچا ئاگار | تىرەنگىل |
| — V — — | — — V | — V — — | — — V |

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بۇنىڭدا بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى روكن مۇستەفئىلۇندىن، ئىككىنچى ۋە تۆتىنچى روكن فەئۇلۇندىن تەركىب تاپقان. بۇ قوشاقنىڭ تىلىغا دىققەت قىلغان كىشى ئۇنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» تىن خېلى بۇرۇنقى زامانلارغا مەنسۇپلۇقىنى كۆرۈۋالالايدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ۋەزنى مەسىلىسىدە شۇنى ئالاھىدە قەيت قىلىپ ئۆتۈش لازىمكى، بەزى ئالىملار بۇ داستاننىڭ فىردەۋسى «شاھنامە» سى بىلەن ئوخشاش ۋەزىندە يېزىلغانلىقىغا قاراپ، «قۇتادغۇ بىلىك»، «شاھنامە» گە تەقلىد قىلىنغان دېگەن قاراشتا بولۇشقان. مۇنداق قاراشنى ئەمەلىيەتتىن بەكمۇ چەتنىلىشىپ كەتكەن چاكىنا قاراش دېسەك، مۇبالىغە قىلىنغان بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ ئىككى كىتابنىڭ ۋەزىن جەھەتتىكى ئوخشاشلىقى بىرىنىڭ يەنە بىرىگە تەقلىت قىلىنغانلىقىغا ئاساس بولالمايدۇ. خۇددى قېيۇم كېرىموۋنىڭ ئېيتقىنىدەك، «شاھنامە» بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك» مەزمۇن جەھەتتىن تامامەن ئوخشاشمايدىغان ئىككى كىتابتۇر. «قۇتادغۇ بىلىك» باي تۈركىي تىل بىلەن يېزىلغان ئورىگىنال بەدىئىي ئەسەر. ئەگەر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆز ئىجادىي ئەمگىكى بولمىغان بولسا، «شاھنامە» نىڭ ھەرقانچە تەسىرى بولغان تەقدىردىمۇ، «قۇتادغۇ بىلىك» دۇنياغا كەلمىگەن بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ۋەزنى پەقەت (يالغۇزلا) «شاھنامە» نىڭ ۋەزنى بولماي، شەرق ئېپوپېيىلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئورتاق مەۋجۇت بولغان شەرق شېئىرىيىتى ۋەزنىدۇر①. رۇس ئالىمى س. ن. ئىۋانوۋنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرى تېخىمۇ دىققەتكە سازاۋەر: «تۈركىي ئەدەبىيات پەقەت تەقلىدتىنلا ئىبارەت، ئەمەلىيەتتە، پارس - تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ «ياش ھەمشىرىسى» دەيدىغان لاۋزا قاراشلارمۇ بولغان. «قۇتادغۇ بىلىك» ھەققىدىكى ئىنچىكە تەتقىقاتلار مۇنداق سەپسەتىلەرگە بېرىلگەن ئەڭ ياخشى رەددىيىدۇر.»②

مەسئۇل مۇھەررىر مەھەممەت شاۋۇدۇن

---

① «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىغا دائىر ئەسەرلەر تەرجىمىلىرىدىن تاللانما، 1 - جىلد، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 169 - بەت.

② س. ن. ئىۋانوۋ: «يۈسۈپ بالاساغۇنىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىكى» توغرىسىدا، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ رۇسچە تەرجىمىسى، 1983 - يىل، موسكۋا.

ئابدۇللا مەتقۇربان

# بالىلىرىمىز مۇشۇنداق ئەسەرگە مۇھتاج

چاتما چوڭچەك — «يالغانچى تۇسۇق» نىڭ ئالدىنقى 5 بابى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1992-يىللىق 3-سانىدا ئېلان قىلىنغاندىن بۇيان، بۇ ئەسەرنى مەن بىرنەچچە قېتىم ئوقۇدۇم. ئۇنى ھەر بىر قېتىم ئوقۇغىنىمدا، ئۇنىڭدا يېڭىچە بىر خىل ئۆزگىچىلىك ھېس قىلدىم، بولۇپمۇ ئۇنىڭدىكى ئۆزگىچە خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە قىلىنغان تۇسۇق ئوبرازى مېنى ئىختىيارسىز قىزىقتۇردى، بەكمۇ يىراقتا قالغان بالىلىقىمنى ئەسلەتتى، ئوغلۇم ھەققىدە ئويلاندۇردى، ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ يېقىن كەلگۈسىدىكى بىر نامايەندىسى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردى.

I

بۇ ئەسەردە ئاپتور تۇسۇق ئوبرازىنى سۈرەتلىگەندە، ئادەتتىكى بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە ئۇچراپلا تۇرىدىغان زور تارىخىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي مەسىلىلەرنى ئۆسمۈر ۋە گۆدەكلەر ۋۇجۇدىغا يۈكلەپ قويىدىغان ئۇسۇلدىن ساقلىنىپ، بۇنداق مەسىلىلەردىن تۇسۇقنى ئازاد قىلىۋېتىدۇ. نەتىجىدە 12 ياشلىق تۇسۇق ناھايىتى ئەركىن ھالدا ئۆزىنىڭ بالىلارغا خاس خاراكتېرىنى نامايان قىلىدۇ. كۆكدالا يېزىسىنىڭ بىپايان ئېكىنزارلىقى، كۆز يەتكۈسىز ئورمانلىقلىرى تۇسۇقنى ئەركىن ھەرىكەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. تۇسۇق بۇ يەردە چاپقۇر ئات، ناخشىچى قۇشلار، ئىشلەمچى ھەسەل ھەرىلىرى، قورقۇنچاق بوز توشقان، قىزىلكۆز قارا مايمۇن ۋە ھېيلىگەر تۈلكە قاتارلىق ھايۋانلار بىلەن ئۇچرىشىدۇ، ھايۋانلار بىلەن بولغان تۈرلۈك قىزىقارلىق مۇناسىۋەتلەر جەريانىدا تۇسۇق پۈتكۈل تەبىئەت بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئەمما ھالقىلىق پەيتلەردە، يەنى تۇسۇقنىڭ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا ئۇ ھامان ئۆزىنىڭ ئادەم نەسلى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ، ئادەمگە خاس ئەقىل-پاراسىتى، بالىلارغا خاس چېچەنلىكىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، ھامان يېڭىپ چىققۇچى ئورۇنغا ئۆتىدۇ. بۇ ئارقىلىق چوڭ جەھەتتىن ئالغاندا، ئادەمنىڭ تەبىئەتتە تۇتقان ئورنى بىلەن ئەقىل-پاراسىتىنىڭ

رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. بۇ مەزكۇر ئەسەردىكى باللارنى ئەڭ قىزىقتۇرىدىغان، كۈچلۈك جەلپ قىلىدىغان، شۇنداقلا ئۇلاردا ئىشەنچ تۇرغۇزىدىغان ۋە بۇ خىل ئىشەنچنى ئاشۇرىدىغان ئاساسىي ئامىلدىن ئىبارەت.

تۇسۇق خاراكتېرىنىڭ ئاساسىي بەلگىسى — يالغانچىلىق. تېما جەھەتتىن ئالغاندا، بۇ ئەسەر ئەخلاقىي تەربىيە تېمىسىغا بېغىشلانغان. دەل ئاشۇ ئەخلاق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، يالغانچىلىق باللارغا نىسبەتەن توغرا بولمىغان ئادەت ھېسابلىنىدۇ، ئەمما بىزنىڭ تۇسۇق دەل ئاشۇ يالغانچىلىققا تايىنىپ، چاپقۇر ئاتقا مىنىۋېلىپ، يولنى قىسقارتىدۇ، قۇشلارنى ناخشا مۇسابىقىسىگە سېلىپ قويۇپ، ئۆزى كۆڭۈل ئاچىدۇ؛ ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ ھەسىلى بىلەن قورسىقىنى تويغۇزۇۋالىدۇ، ئېيىققا مىنىۋېلىپ، مەھەللىدىكى باللار ئالدىدا باتۇرلۇقىنى كۆز-كۆز قىلىدۇ، ھايۋانلار پادىشاھلىقىغا بوز توشقاننى سەمرىتىش ھەققىدە شېئىر نامىدىن يالغان ئېلان چىقىرىپ، نۇرغۇن ئېسىل يېمەكلىككە ئىگە بولىدۇ. سەنئەت ئۆمىكى تەشكىللەپ، ئويۇن كۆرسىتىش نامى بىلەن ئالدىن ھەق ئېلىۋېلىپ، كۆپ پۇل ئوندۇرۇۋالىدۇ، يالغاندىن مۇخبىر بولىۋېلىپ، مايمۇنلار يۇرتىدىكى ئاجايىپ ئىشلارنى كۆرىدۇ، ھېيلىگەر تۈلكىنىڭ ئەدىبىنى كېلىشتۈرۈپ بېرىدۇ... تۇسۇقنىڭ ئەقىل-پاراسىتى دەل ئۇنىڭ ئايىغى چىقمايدىغان يالغانچىلىقلىرىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئەمما شۇ نەرسىگە دىققەت قىلىش كېرەككى، ئاپتور تۇسۇق ئوبرازى ئارقىلىق ھەرگىزمۇ باللار ئەقىل-پاراسىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن تۇسۇقتەك يالغانچى بولۇش كېرەك دېگەننى تەشەببۇس قىلمايدۇ. تۇسۇق ئوبرازىنى ئىنچىكە كۆزەتكەندە، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يالغانچىلىق بىلەن زېرەكلىك بىرىكىپ كەتكەندەك بىلىنىسىمۇ، ئەمما يالغانچىلىق بىلەن زېرەكلىك تامامەن ئىككى نەرسە. تۇسۇق ۋۇجۇدىدىمۇ شۇنداق. ئاپتور ھەقىقەتەنمۇ تۇسۇق ۋۇجۇدىدىكى ئەقىل-پاراسەت بىلەن ئۇنىڭ زېرەكلىكىدىن سۆيۈنىدۇ، ئۆز نۆۋىتىدە ئۇنىڭ يالغانچىلىقىنىڭ توغرا بولمىغان ئادەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئاپتور ئەسەردە بۇ خىل خاھىشچانلىقنى ئاشكارا، ئېنىق ئىزاھلىمىغان بولسىمۇ، ئۆسمۈر كىتابخانلار بۇ ئەسەرنى كۆرۈش جەريانىدا ئاپتورنىڭ تۇسۇق ئوبرازى ئارقىلىق يالغانچىلىقنى تەنقىد قىلىپ، ئۇنىڭ زېرەكلىكىنى ماختىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ. يەنى مەزكۇر ئەسەرنىڭ يوشۇرۇن مەزمۇنى دېيىشكە بولىدۇ. ئاپتور تۇسۇق ئوبرازىنى كۆپ تەرەپلىمە خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى يالغانچىلىق بىلەن زېرەكلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئالاھىدىلىكنى بىرىكتۈرۈپ تەسۋىرلەيدۇ. بۇ، تۇسۇق ئوبرازىنىڭ مۇرەككەپلىكى، يەنى ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ ئوبرازنىڭ ئېستېتىكا مەنىسىدىكى گۈزەللىكى باللىرىمىزغا نىسبەتەن روشەن ئەينەكلىك رول ئوينايدۇ. باللىرىمىز بۇ ئەينەككە قاراپ، بىر سۆزلۈك — راستچىللىق ۋە پېسىل ئەخلاق قاتارلىقلارنىڭ ئىنسان قەلب گۈزەللىكىنىڭ مۇھىم ئامىلى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايدۇ.

ئەدەبىيات يولى ھەممە تەرەپكە تۇتىشىدۇ. شۇڭىلا بۇ يولدىن كېلىۋاتقانلار ۋە كېتىۋاتقانلارنىڭ سانىنى بىلىپ بولمايدۇ. بۇ بىر ياخشى ئەھۋال. لېكىن شۇنچە كۆپ يولۇچىدىن ئۆز سەپىرىنى بالىلىرىمىزغا ئاتىغانلارنىڭ سانى بارماق بىلەن سانىۋالغۇدەكلا ئاز. 10 — 15 يىل ئىلگىرى بالىلىرىمىز بۇغىدا ئابدۇللا قاتارلىق شائىرلىرى بىلەن پەخىرلىنەتتى. ئەمما ئۇ كىشىلەر ئىجادىيەتتە بەلگىلىك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەندىن كېيىنلا بالىلىرىمىزنى ئۇنتۇپ كەتتى. ھازىر قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ مەشىق يەتلىرىنى بالىلىرىمىزغا بېغىشلىغان ۋاقىتلىرى دەل ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ مەشىق مەزگىللىرى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. ھازىر ئەدەبىيات يولىنىڭ بالىلار كوچىسىدا مېڭىۋاتقانلار بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بالىلىرىمىزغا تەقدىم قىلىغانلىرى بالىلىرىمىزنىڭ ئۆز ئەدەبىياتىدىن كۈتكەن تەلەپلىرىدىن خېلىلا يىراق. «تارىم غۇنچىلىرى»، «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» دە ئېلان قىلىنىۋاتقان ئەسەرلەرنىڭ خېلى كۆپچىلىكىنىڭ مەزمۇن سالمىقى بەكلا ئېغىر، كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرى يېتەرسىز؛ يالىڭاچ پەند-نەسىھەت خاراكتېرى كۈچلۈك، بىلىم خاراكتېرى ئاجىز. شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ۋە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ بالىلارغا بېغىشلىغان پروگراممىلىرىدىكى بەزى نومۇرلاردىمۇ يۇقىرىقى ئەھۋال خېلىلا ئېغىر. ئەسلىدە بالىلار ئەدەبىياتىدا چەكلەنگەن رايون ۋە پېچەتلەنگەن ساھە مەۋجۇت ئەمەس.

يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، بالىلىرىمىز بەزىدە ئاتا-ئانىلاردىن سەھەر تۇرۇپ مەكتەپكە ماڭسا، كەچ قايتىپ يەنە خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە تاپشۇرۇق ئىشلەيدۇ. ئۇلارنىڭ يۈكى ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۇلار دەرس ئارىلىقى ۋە دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا كەيپىياتنى كۆتۈرۈپ دەم ئالدۇرىدىغان، روھلاندۇرۇپ زېھنىنى ئاچىدىغان قىزىقارلىق، يېنىك بەدىئىي ئەسەرلەرنى ئوقۇسا، ئۇلارنىڭ مەنىۋى ساغلاملىقى ئاشىدۇ.

نەزەرىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بالىلار ئەدەبىياتىغا تەۋە ئەسەرلەردە بالىلار تۇرمۇشى تەسۋىرلىنىشى، ئەسەرلەر بالىلارغا بىۋاسىتە بېغىشلىنىشى كېرەك. بۇنىڭدا بالىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكى، قىزىقىشى، بولۇپمۇ بالىلار پسىخىكىسىغا ئەھمىيەت بېرىش ئالاھىدە تەلەپ قىلىنىدۇ. تەسەۋۋۇرنى مەلۇم ياشتىكى بالىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىگە ماس ھالدا ئەركىن پەرۋاز قىلدۇرغاندىلا، يۇقىرىقى تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىققىلى بولىدۇ. توسۇقنىڭ كۆكدالادا ھەر خىل ھايۋانلار بىلەن شەكىللەندۇرگەن مۇناسىۋىتى، ئۇنىڭ بۇ جەرياندا ئىپادىلىگەن تۈگىمەس يالغانچىلىقلىرى، شۇ يالغانچىلىقلىرىنى ۋاسىتە قىلغان ئەقىل-پاراسىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاپتورنىڭ ئەركىن تەسەۋۋۇرىنىڭ مەھسۇلى ھېسابلىنىدۇ. بۇ تەسەۋۋۇر ئەسەر ۋەقەلىكىنى قانات يايدۇرۇشتىن باشقا كىتابخاننىڭ تەسەۋۋۇرىنى ئويغىتىش ۋە يېتەكلەش رولىغا ئىگە. كىتابخاننىڭ تەسەۋۋۇرى ئاپتور تەسەۋۋۇرىغا ئەگىشىپ بارغانسېرى كېڭىيىپ ۋە چوڭقۇرلىشىپ بارىدۇ. توسۇقنىڭ تەگ

تۇشلىرىلا ئەمەس، ئۇنىڭدىن چوڭ ياشلىق باللارمۇ، ھەتتا قۇرامىغا يەتكەنلەرمۇ بۇ
ئەسەردىن ھوزۇرلىنىدۇ. ئۆز ئۆۋىتىدە بۇ ئەسەرنى تۇسۇقتىن كىچىك باللارمۇ، مەسىلەن،
يەسلى يېشىدىكى باللارمۇ چۈشىنەلەيدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، «يالغانچى تۇسۇق»
باللار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىنى غىدىقلاش، ئويغىتىش ۋە يېتەكلەش خاراكتېرىگە ئىگە
ئەسەر. باشقىسىنى قويۇپ تۇرايلى، مېنىڭچە مۇشۇ نۇقتىنىڭ ئۆزىلا بۇ ئەسەرنىڭ ئەڭ چوڭ
مۇۋەپپەقىيىتى ھېسابلىنىدۇ. باللارنىڭ تىلى ۋە ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ، بۇنداق مۇۋەپپەقىيە-
يەتكە ئېرىشىش ئاسان ئەمەس. بۇ، يازغۇچىدىن يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت ۋە يېتەرلىك بەدىئىي
دىت تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق دىت ئاپتورنىڭ ۋەقە، ئېپىزوت ۋە دېتاللارنى ئورۇنلاشتۇرۇش،
بايان قىلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىدا ئىپادىلىنىدۇ. بىزنىڭ ئاپتورىمىزدا
دەل مۇشۇ جەھەتتە ئۆزگىچىلىك بولغاچقا، «يالغانچى تۇسۇق» مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان.
بۇ ئەسەر بىر پۈتۈنلۈك نۇقتىسىدىن چۆچەك دەپ ئاتالسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىكى ئورغۇن
ئېپىزوت ۋە دېتاللار ناھايىتى كۈچلۈك مەسەل خاراكتېرىگە، لەتىپە خاراكتېرىگە ۋە
يوشۇرۇن دېداكتىكا خاراكتېرىگە ئىگە. ئۇنىڭدىكى چۆچەك، مەسەل، لەتىپە ۋە دېداكتىك
ئامىللار بىرلىشىپ بىر پۈتۈنلۈك ھاسىل قىلغان. يەنە بىر تەرەپتىن، تۇسۇقنىڭ ھەر خىل
ھايۋانلار بىلەن ھاسىل قىلغان مۇناسىۋەتلىرى ناھايىتى تەبىئىي تۈس ئالغان، ئۇنىڭدىن
ئاپتورنىڭ زورلاش ۋە مەجبۇرلاش خاھىشىنى ئۇچرىتىش ياكى ھېس قىلىش مۇمكىن
ئەمەس. بۇ خىل تەبىئىيلىك باياندىكى راۋانلىقنى شەكىللەندۈرگەندىن باشقا، ئەسەردە
يەنە باشتىن- ئاخىر قىزىق دراماتىك كەيپىياتنىمۇ شەكىللەندۈرگەن. تۇسۇقنىڭ ھايۋان-
لاردىن سەنئەت ئۆمىكى تەشكىللىگەنلىكى، ئەركەك شىرنى ئالداپ ھېيلىگەر تۈلكىگە
تەزىم قىلدۇرغانلىقى قاتارلىق ئېپىزوتلار مۇبالىغىدەك بىلىنىسىمۇ، ئەمما بىز بۇ ئىشلارنى
قىلىۋاتقان بالىنىڭ 12 ياشقا كىرگەنلىكىنى، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئاددىي ئىكەنلىكىنى تولۇق
نەزەرگە ئالساق، يۇقىرىقىدەك ئىشلارنىڭ پۈتكۈل ئەسەردە ئاپتور ياراتقان بەدىئىي
زېمىندا يۈز بېرىشى تامامەن مۇمكىنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز. يەنە بىر
تەرەپتىن، تۇسۇقنىڭ ئەيىبى يالغانچىلىقتا، ئەمما ئۇ ھەرگىز دۆت- گاللۋاڭ ئەمەس. ئەگەر
يالغانچىلىقنى تۇسۇقنىڭ ئەيىبى دەپ مۇقىملاشتۇرساق، بۇ خىل ئەيىب ئۇنىڭ زېرەك-
چېچەنلىكىنى ياپالمايدۇ. ئاپتورنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي دىتى بۇ ئەسەردە ئۆزگىچە
بىر خىل بەدىئىي زېمىن يارىتىپ ۋە بۇ زېمىننى قاپلاپ تۇرىدىغان بەدىئىي مۇھىت
شەكىللەندۈرۈپ، قارىماققا مۇبالىغىدەك بىلىنىدىغان بەزى ئىشلارنى ناھايىتى تەبىئىي
بولغان مۇمكىنچىلىك ۋاسىتىسى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقارغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئەسەر-
دىكى مەزمۇن، يەنى ئاپتورنىڭ ئۆسمۈر كىتابخانلارغا قاراتقان ئەخلاقىي تەربىيىسى
بىپايان تەبىئەتتە تەبىئەتتىن ھوزۇرلىنىش، كۆڭۈل ئېچىش داۋامىدا تۇسۇقنىڭ تەبى-
ئەتتىكى تۈرلۈك ھايۋانلار بىلەن تەبىئىي ھاسىل قىلغان قىزىقارلىق مۇناسىۋەتلىرى
ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. باللىرىمىزنىڭ ياش ئالاھىدىلىكلىرى، ئۇلارنىڭ
دەرس ئارىلىقى ۋە دەرستىن سىرتقى بوش ۋاقىتلىرى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، بۇ ئەسەر
ئۇلارغا ھەجىم جەھەتتىنمۇ ماس كېلىدۇ. ئەسەر كىچىك ماۋزۇلار ئارقىلىق بىرقانچە

بۆلەككە بۆلۈنگەن، ھەر بىر بۆلەك ئايرىم ھێكايىلىق خۇسۇسيەتكە ئىگە. بۇنداق ھێكايىلار تۇسۇقنى مەركىزىي ھالقا قىلغان ئاساستا ئۆزئارا باغلىنىپ بىر ئورگانىك گەۋدە ھاسىل قىلىدۇ. گەرچە ئەسەر 3 - شەخس تىلى بىلەن يېزىلغان بولسىمۇ، تۇسۇقنىڭ ئىش - پائالىيىتى ۋە ھێسسىياتى خۇددى ئۇنىڭ ئۆز بايانى ئارقىلىق بێرىلگەندەك راۋان ئىپادىلەنگەن. بۇ نۇقتىدا ئاپتور ئۆز ھێكايىسىنى باشتىن-ئاخىر ئىخچام جۈملىلەر، ئاددىي، چۈچۈك، چۈشىنىشلىك تىل ئارقىلىق بايان قىلىشقا تىرىشقان. ئۇنىڭدا بالىلارغا يات چۈشىنىكسىز ئىبارىلەر، زێرىكەرلىك مۇلاھىزىلەر ئۇچرىمايدۇ. قىسقىسى، بالىلىرىمىز دەل مۇشۇنداق ئەدەبىي ئەسەرلەرگە مۇھتاج.

II[I]

بىز «يالغانچى تۇسۇق» نى كۆرۈش ئارقىلىق بالىلارغا بێغىشلانغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ قانداق بولۇشى كێرەكلىكىنى بىلدۇق. بۇ ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇنى «تارىم» ژۇرنىلىدىن كۆچۈرۈپ ئێلىپ، ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ دەرستىن سىرتقى ئوقۇشلۇقى ۋە يەسلى بالىلىرىنىڭ دەرسلىكى قىلىشقا بولىدۇ. ئەمما بۇ مەنىۋى جەھەتتىن چاكقاپ كێتىۋاتقان بالىلىرىمىزنىڭ چاكقاقلىقىنى قاندۇرۇپ كێتەلمەيدۇ. بالىلىرىمىزنىڭ تەسەۋۋۇرى «يالغانچى تۇسۇق» تەك ئەسەرلەر بىلەن ئويغىنىۋاتىدۇ. بالىلىرىمىز تۇسۇققا ئەگىشىپ تێخى ئەمدىلا كۆكدالادا سەيلى قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار كۆكدالادىكى قىلىن ئورمانلىقنىڭ، باراقسان تاغلارنىڭ ئاجايىپ سىرلىرىنى تێخىچە تولۇق بىلىپ كێتەلىگىنى يوق. بىرنىڭ تۇسۇق شۆبىيتستىيە يازغۇچىسى سێلما لاگىرلوفنىڭ نىلىسغا قارىغاندا تێخىمۇ ئەۋزەل شارائىتتا ۋە نۇرغۇن ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە. شۇڭا تۇسۇق تەگتۇشلىرى ۋە ئىنى - سىڭىللىرىنى دەريا، دێڭىزلارنىڭ تەكتىگە، كائىنات بوشلۇقىغا باشلاپ بێرىشى مۇمكىن. بىزنىڭ ئۈمىدىمىزمۇ شۇ. شۇنداق بولالىغاندا، تۇسۇقنىڭ ھێكايىسى كۆڭۈل ئێچىش ۋە تەبىئەتتىن ھۇزۇرلىنىشتىن باشقا كۈچلۈك بىلىم خاراكتێرىگىمۇ ئىگە بولىدۇ، شۇ چاغدا ئۇنىڭ ھێكايىسى تێخىمۇ مۇكەممەل تۈس ئالىدۇ ۋە باي مەزمۇنغا ئىگە بولىدۇ. تۇسۇق شۇ چاغدا پۈتكۈل ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ زێھنىنى يەنىمۇ ئاچىدىغان، كۆڭۈل ئێچىش ئىچىدە تەربىيىلەپ مول بىلىمگە ئىگە قىلىدىغان بەدىئىي ئوبرازغا، ئۇلارنىڭ ياخشى يېتەكچىسىگە، ياخشى دوستىغا ئايلىنالايدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرێھىم

مەريەم تۇردى

# يوقاپ كەتكەن ئايال

(ھېكايە)

خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن بېيجىڭغا كەلگىنىمگە بىر ھەپتىدىن ئاشتى. بۈگۈن تاماق يېگەچ ئازراق ئايلىنىپ كېلەي دەپ «شىنجاڭ كەنتى» گە كەلدىم. بۇ يەر پۈتۈنلەي شىنجاڭدىن كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ تىجارەت قىلىشى ئۈچۈن ئېچىپ بېرىلگەن مەخسۇس بازار ئىدى. بازارنىڭ كۆلىمى كىچىكرەك بولسىمۇ، ناھايىتى ئاۋات ئىدى. ھەربىر ئاشخانا ئالدىدىكى چوڭ - كىچىك ئۈنئالغۇلاردىن ئاڭلىنىۋاتقان يېقىملىق ناخشا - مۇزىكىلار، ھېسامنىڭ چاقچاقلىرى، ئاشپەزلەرنىڭ قىزغىنلىق بىلەن خېرىدار چاقىرغان ئاۋازلىرى بۇ كىچىككىنە بازارنى ئاجايىپ جانلاندۇرۇۋەتكەنىدى. بۇ يەرگە شىنجاڭدىن كەلگەن ھەرقانداق ئادەم شۇ تاپتا ئۆزىنى خۇددى ئۆز يۇرتىدا تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالاتتى.

ئارىلاپ كېلىۋېتىپ، ئۇدۇلدىكى ئاشخانا ئالدىدىكى كىچىك تاختايغا يېزىلغان «ئەتە يەنە كېلىڭ» دېگەن خەتكە كۆزۈم چۈشتى. مەن ئۆز - ئۆزۈمچە: بۈگۈن كىرمىگەن ئادەم ئەتە يەنە قانداق كېلىدۇ؟ قارىغاندا بۇ ئاشخانىغا بىر كىرگەن ئادەم مېھرىنى ئۈزەلمەي، ئەتىسى يەنە كېلىدىغان ئوخشىمامدۇ؟ بىر كىرىپ بىلىپ باقمايمەنمۇ، دەپ ئويلىدىم-دە، ئۇدۇل ئاشخانىغا كىردىم. ئىشىكتىن كىرىشىمگىلا ئاپئاق ماسكا تاقىۋالغان ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال مېنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئالدىمغا كەلدى، لېكىن كېلىپ بولۇپلا گويا ئوۋچىدىن ئۈركۈگەن كېيىكتەك ھودۇقۇپ كەتتى ۋە شارتتىدە كەينىگە بۇرۇلۇپلا كۆز ئالدىمدىن غايىب بولدى. مەن بۇ ئايالنىڭ غەلىتە قىلىقىدىن ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدىم.

ئاشخانا ئىچىدە ماسكا تاقىۋالغىنى نېمىسى، يەنە كېلىپ مېنى كۆرۈپلا ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتىدا؟ بېشىغا ئاق شاپاق دوپپا كىيىۋالغان 16 - 17 ياشلاردىكى ئوغۇل بالىنىڭ:

— ئاكا، ئىسسىق چاي ئىچسىلە. نېمە تاماق يەيلا؟ — دېگەن مۇلايىم ئاۋازى مېنى گاراڭ ھالەتتىن قۇتۇلدۇردى. تاماقنى يەپ بولۇپلا ئۇدۇل ياتاققا قايتىپ كەلدىم. ئاشخانىدىكى ھېلىقى ئايالنىڭ

غەلتە قىلىقلىرى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى. ئۇ كىم، مېنى كۆرۈپ نېمانچە ھولۇقۇپ ئۆزىنى چەتكە ئالدۇ؟ دېگەن سوئال كاللامنى پۈتۈنلەي چىرمىۋالدى. مەن ئۇنىڭ تەقى - تۇرقىنى كۆز ئالدىمدىن بىر قۇر ئۆتكۈزدۇم. بىراق، ماڭا تونۇش بولغان بىرەر ھەرىكەت ياكى بەلگىنى دەماللىققا سېزەلمىدىم. ئۇ چاچلىرىنى بۇدۇر قىلىپ، كۆزلىرىگە سۈرمە سۈرۈۋالغانىدى. توغرا، ئۇنىڭ كۆزلىرى، ماڭا تونۇش بىر جۈپ كۆزنى... ئەمدى ئېسىمگە كەلدى. ئەينى ۋاقىتتا يېقىملىق نۇر يېغىپ تۇرىدىغان ئۇ كۆزلەردىن بىر خىل ئەندىكىش، مەيۇسلۈك، ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى بىرىكىپ كەتكەن ئاجايىپ بىر نۇر چاقنايتتى...

*  *

ئۇنىڭ ئىسمى چىمەن بولۇپ، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم ئېلىزاتنىڭ ئايالى ئىدى. ئۇ خېلىلا كېلىشكەن، خۇش خۇي، مېھماندوست، ئۆي ئىشلىرىغا پىششىقان ئايال ئىدى. ئۇزۇن سۇمبۇل چاچلىرى زىلۋا بويىغا ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى. مەن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە دائىم بېرىپ تۇراتتىم. گەرچە ئۇلار ئىككى بالىسى بىلەن تۆت جان بىر ئادەمنىڭ مائاشىغا قاراشلىق بولسىمۇ، تۇرمۇشى ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ئۆتەتتى. بىر - بىرىنى ئىززەت قىلىشاتتى. مېنىڭ نەزىرىمدە بۇ بىر بەختلىك ئائىلە ئىدى. كېيىن مەن خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كەتتىم - دە، شۇندىن كېيىن ئالاقىمىزمۇ ئۈزۈلۈپ قالدى. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەندە يۇرتداشلاردىن بىرىنى ئۇچرىتىپ قالدىم. مەن ئۇنىڭدىن ئېلىزاتنىڭ ھال - ئەھۋالىنى سورىغىنىمدا، ئۇ ئېغىر بىر ئۇھ تارتىپ:

— سىز ئېلىزاتنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى تېخى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟ ئېلىزات ئۆتكەن يىل ئۆلۈپ كەتتى. بولغۇلۇقنىڭ ھەممىسى ئايالى بىلەن ئىككى بالىسىغا بولدى. ھەي، ئۇ بىچارىلەرنىڭ كۈنى ناھايىتى تەس، — دېدى.

— مەن بۇ كۈتۈلمىگەن شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ تۇرغان جايىمدا قېتىپلا قالدىم. بىرقانچە كۈنگىچە كېلىمدىن ھېچ نەرسە ئۆتمىدى. ئولتۇرسام - قوپسام ئېلىزات ۋە ئۇنىڭ بالا - چاقىلىرى كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى... خىزمەتلەر ئالدىراش بولغاچقا، يۇرتقا بېرىپ، چىمەن ۋە بالىلىرىنى يوقلاپ كېلىشكە مۇمكىنچىلىك بولمىدى. يۇرتتىن كەلگەنلەردىن چىمەننىڭ ھال - ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇردۇم. ئاڭلىشىمچە چىمەننىڭ خىزمىتى بولمىغاچقا، ئاھالىلەر كومىتېتىدىن ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈپ «يېڭىنۇر» كىنوخانىسى ئالدىدا ۋېلىسىپىتلارغا قاراپ، شۇنىڭدىن كىرگەن كىرىم بىلەن تۇرمۇشنى قامداشقا شارائىت يارىتىپ بېرىپتۇ. چىمەن تۇرمۇشقا پىششىقان ئايال بولغاچقا، ئاشۇ ئازغىنە كىرىمى بىلەن ئەپلەپ - سەپلەپ كۈنىنى يامان ئەمەس ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇنىڭغا ئۇياق - بۇياقتىن لايىقمۇ چىقىپتۇ. بىراق ئۇنىڭ يات ئەرنىڭ ئالدىدا ئىككى بالامنىڭ بوينىنى قىسىپ قويمايمەن، دەپ قايتا ياتلىقمۇ بولماپتۇ.

ئارىدىن يەنە 12 يىل ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتىنى كۆرۈۋېتىپ ئادەم ئىزدەش ئېلانىدا چىمەننىڭ رەسىمىنى كۆرۈپ، ئۆز كۆزۈمگە ئىشەنمەي قالدىم. ئەمما، رەسىمدىكى ئاشۇ بىر جۈپ كۆز ماڭا شۇ قەدەر

تونۇش ئىدى. ئېلاننى تەپسىلىي ئوقۇپ چىقتىم. ئېلاندا چىمەننىڭ 84 - يىلى 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، قايتىپ كەلمىگەنلىكى ... يېزىلغانىدى. ئېلاننى ئوقۇپ بولۇپ ھەم ھەيران بولدۇم، ھەم ئازابلاندىم. ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟ بىچارە باللىرىچۇ، ئۇلار نېمىلەر بولۇۋاتىدىغاندۇ؟ چىمەن نېمىدەپ ئۆيىدىن چىقىپ كەتكەندۇ - ھە؟ ئۇنىڭ روھىي ھالىتىدىن چاتاق چىقتىمۇ - يا؟ خام سۈت ئەمگەن ئادەم بالىسىنى ئازمايدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ كاللامدا ھەر خىل تەسەۋۋۇرلار كېزەتتى. مەن تەخمىنلىرىمنىڭ ھېچقايسىسىنى جەزملەشتۈرەلمىدىم. نەچچە كۈنگىچە ئويلاندىم. يۇرتقا بېرىپ باقماقچىمۇ بولدۇم. بىراق، شۇ كۈنلەردە ئايالىم كېسەل بولۇپ بالنىستتا يېتىپ قالغاچقا، «ھەركىم ئۆز غېمى بىلەن» دېگەندەك، ئۆيدىن چىقالمىدىم. مانا ھەش - پەش دېگۈچە بەش يىل ئۆتۈپ كەتتى. بالا - چاقىلىرىمنى ئېلىپ يۇرتۇمغا كەلدىم. شۇ چاغدىلا چىمەننىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپتىم.

چىمەن: باللار كۈندىن - كۈنگە چوڭ بولۇۋاتىدۇ. ۋېلىسىپىت ھېيدەپ تاپقان بۇ ئازغىنە كىرىم بىلەن باللارنى قاتارغا قوشقىلى بولمىغۇدەك، ھازىر جېنى بارلا ئادەم ھەرىكەت قىلىپ بېيىۋاتىدۇ. مەنمۇ بىر ئاز قەرز ئېلىپ بولسىمۇ سودىگەرچىلىك قىلىپ باقاي دەپ، بانكىدىن ئون مىڭ يۈەن پۇلنى قەرزگە ئېلىپ، يۇرتتىكى ئىككى سودىگەر ئايال بىلەن بىللە، ئىچكىرىگە مال ئالغىلى كەتكىنىچە قايتىپ كەلمەپتۇ. بىللە كەتكەن ئىككى ئايال بىر ئايدىن كېيىن قايتىپ كەپتۇ. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ چىمەنسى گۇاڭجۇغا بېرىپ، پۇللىرىنى ئالدامچىغا ئالدۇرۇپ قويغان كۈنىنىڭ ئەتىسى چىمەننىمۇ يىتتۈرۈپ قويۇپتۇ. ئون نەچچە كۈن ئىزدەپ يا تىرىكىنى، يا ئۆلۈكىنى تاپالماي، ئاخىرى ئامالسىز قايتىپ كەپتۇ ...

قاتتىق گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن خىياللىرىم ئۈزۈلۈپ قالدى. كۆزۈمنى ئاچسام كەچ كىرىپ قاپتۇ. ئورنۇمدىن تۇردۇم. بېشىمنىڭ ئاغرىقى پەسلەپ خېلىلا يېنىكلىشىپ قاپتىمەن. سىرتقا چىقتىم. كوچىدىكى ھەممىلا ئادەمنىڭ چىرايىدا شادلىق ئالامەتلىرى جىلۋە قىلاتتى. مەن كىشىلەر توپى ئىچىدىن چىمەننى ئۇچرىتىپ قالىدىغاندەك، ئەتراپقا قارايتتىم. خىيالىمدا ئۇنى كۆرگەندەك بولدۇم. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن پەرىشانلىق، غەم بۇلۇتلىرى قاپلىغان چىرايىدىن مىسكىنلىك چىقىپ تۇرغاندەك قىلاتتى ...

ئەتىسى مەن ھېلىقى ئاشخانىغا يەنە باردىم، ئۆگۈنىسىمۇ باردىم. بىراق، چىمەننى ئۇچرىتالمىدىم. ئۇ ئاشخانىدا كۆرۈنمەيتتى. ئاخىرى ھېلىقى ئوغۇل بالىدىن چىمەننىڭ تۇرار جايىنى سورىۋېلىپ، ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيىنى تاپتىم. مەن ئىشىكنى يېنىك چەكتىم، ئۆي ئىچىدىن ھېچقانداق شەپە ئاڭلانمىدى. يەنە چەكتىم. يەنىلا شەپە بولمىدى. ئاخىرى بولماي ئىشىكنى قاتتىقراق ئۇرۇۋىدىم، ئۆيدىن بىر ئايالنىڭ ئاۋازى كەلدى:

— كىم؟ كىمنى ئىزدەيسىز؟

مەن ئۇنىڭ ئاۋازىدىن چىمەن ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردۈم.

— مەن ... كامىل، سىزنى ... ئىزدەيمەن، — ئۆي ئىچى يەنە جىمىپ كەتتى.

مەن بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن، ئىشكنى يەنە چەكتىم.

— چىمەن، ئىشكنى ئېچىڭ. مەن... مەن ئېلزاتنىڭ ئاغىنىسى كامىل بولىمەن.

ئۆي ئىچىدىن تاراقلىغان ئاۋاز كەلدى، ئارقىدىنلا:

— بۇ يەردە چىمەن دەيدىغان بىرى يوق، سىز ئېزىپ قاپسىز. بۇ يەردىن تېز كېتىڭ! ئېرىمنىڭ مىجەزى ئوسال ئادەم. ھېلى قايتىپ كەلسە، بۇ يەردە تۇرغىنىڭىزغا پۇشايمان يەپ قالىسىز...

— چىمەن ماڭا قاراڭ، مېنىڭ يۈز-خاتىرەمنى قىلمىسىڭىز مەيلى، ئۆلۈپ كەتكەن ئاغىنەمنىڭ، ئىككى بالىڭىزنىڭ يۈز - خاتىرىسى ئۈچۈن بولسىمۇ ئىشكنى ئېچىڭ. مەن سىزنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرەي، سىزنىڭ بۇ دۇنيادا تېخى ھايات ئىكەنلىكىڭىزنى يۇرتقا، باللىرىڭىزغا خۇش خەۋەر قىلىپ يەتكۈزەي...

— تولا چىشىمغا تەگمەڭ، مەن سىزنى تونۇمايمەن. ئەگەر ئىشكىمدە يەنە بېزىرىپ تۇرسىڭىز، ھېلى ئېرىم قايتىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرگۈلۈكىڭىزنى كۆرىسىز...

چىمەن ئىشكنى زادى ئاچمىدى. نائىلاج قايتىپ كەتتىم. ئەتىسى يەنە كەلدىم. چىمەن ئىشكنى يەنە ئاچقىلى ئۇنىمىدى. توۋا، بۇ چىمەن راستىنلا ئېلىشىپ قالدىمۇ - نېمە؟ يۇرتنى، ئىككى بالىسىنى تاشلاپ بۇ يەرگە كېلىۋېلىپ، يەنە تېخى غېمىدە يوق «يولدىشىم بار» دەپ ئولتۇرىدىغۇ. مەن قىسقىغىنە بىر پارچە خەتنى يېزىپ، ئىشكنىڭ تۇتقۇچىغا قىستۇرۇپ قويۇپ قايتىپ كەتتىم. خەتنىڭ ئاخىرىسىدىغا ئۆزۈمنىڭ تۇرار جايىمنىڭ ئادرېسىنى يېزىپ قويدۇم. ئەتىسى ئۇنى كېلىپ قالارمىكىن دەپ ھېچ يەرگە چىقماي ياتاقتا بولدۇم. كۈن پاتقىچە چىمەننىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى. مەن سەل ئۈمىدسىزلەندىم. كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ، بىر تال تاماكىنى ئوت تۇتاشتۇرۇۋېلىپ بالكونغا چىقتىم. سوغۇق شامال يۈزلىرىگە ئۇرۇپ تۇراتتى. ئاسماندا ئاندا-ساندا يۇلتۇزلار چىمىرلاشقا باشلىدى. نۇرلۇق ئاي ئەجدىھا شەكلىدە سوزۇلۇپ ياتقان سەددىچىن سېپىلىغا نۇر چېچىپ، ئۇنى تېخىمۇ ھەيۋەتلىك، سۈرلۈك تۈسكە كىرگۈزگەندى.

بىر چاغدا ئىشكنىڭ تىرىقىدە ئېچىلدى. ئارقىدىنلا:

— ئۆيدە ئادەم بارمۇ؟ — دېگەن مۇلايىم بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ چىمەننىڭ ئاۋازى ئىدى. مەن بالكوندىن ئىتتىك ياتاققا كىردىم ۋە:

— كىرىۋېرىڭ، مەن بار، — دېدىمدە، ئالمان - تالمان چىراغنى ياقتىم. چىمەن ياتاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇراتتى.

— مەن سىزنى چوقۇم كېلىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم، — دېدىم بىر ئىستاكان سوغۇق ئىچىملىكنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ، — قېنى ئۇسسۇزلۇق ئىچىڭ.

ئارىمىزنى بىر پەس جىمجىتلىق باستى. چىمەن سوغۇق ئىچىملىكتىن بىر يۇتۇم ئىچكەندىن كېيىن:

— خېتىڭىزدە مېنى ئوبدانلا ئەيىبلەپسىز، بۇ بەلكىم مەن ئۈچۈن ھەقلىقتۇر. بىراق سىز ھازىر مېنى چۈشەنمەيسىز! ئەسلىدە مەن سىز بىلەن كۆرۈشمەكچى ئەمەس ئىدىم، لېكىن نۇرغۇن ئويلىنىپ، ئاخىرى قېشىڭىزغا كەلدىم. بۇ پەقەت سىز-

نىڭ ئالدىڭىزدا ئۆزۈمنى ئاقلاش ئۈچۈن
ئەمەس، بەلكى ئىككى بالام ئۈچۈن ...

ئۇ يانچۇقىدىن قول ياغلىقىنى چىقى-
رىپ كۆزلىرىدىن تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان
ياشلىرىنى سۈرتكەچ، ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن
قىسمەتلەرنى سۆزلەشكە باشلىدى:

ــ دۇنيادا پاكلىقنى سۆيمەيدىغان
ئادەم بولمىسا كېرەك، ھەرقانداق بىر
ئادەم بۇ دۇنياغا پاك يارالغان. شۇڭا ئۇ
ئالەمگىمۇ پاك كېتىشنى خالايدۇ. لېكىن
ھايات سەپىرىدە ماڭا ئوخشاش بەخت-
سىزلەر ھەر خىل قىسمەتلەرگە دۇچ كېلى-
دىكەن. بۇنىڭغا بەزىدە باشقىلار سەۋەبچى
بولسا، بەزىدە ئۆزى سەۋەبچى بولۇپ
قالىدىكەن. مومام دائىم «ئادەم بالىسى
تۇغۇلۇپ ئۆلگىچە سەللا بىخەستەلىك
قىلسا، يېمىگىنى پوق، كىرمىگىنى دوزاخ
قالمايدۇ» دەيتتى. بۇ مېنىڭ ھاياتىمدا
ئىسپاتلاندى. كامىل، مېنىڭ ئۆيدىن نېمە
مەقسەت بىلەن چىقىپ كەتكەنلىكىمنى
سۆزلەپ ئولتۇرمىساممۇ، بۇنىڭدىن خەۋىرى-
ڭىز باردۇر. مەن گەپنى ئۇزارتماي،
گۇاڭجۇدىنلا باشلاي.

بىز ئۈچىمىز گۇاڭجۇغا كەلدۇق.
گۇاڭجۇ ئاجايىپ گۈزەل ھەم چوڭ شەھەر
ئىكەن. مەن شۇچاققىچە يۇرتتىن ئايرىلىپ
باقمىغاچقا ھەم سودا ئىشلىرىدىن خەۋىرىم
بولمىغاچقا، ھەمراھلىرىمدىن بىر قەدەممۇ
ئايرىلمىدىم. كۆڭلۈمگە: ئۇلار نېمە ئالسا،
مەنمۇ شۇنى ئالاي، دېگەننى پۈكۈپ
يۈردۈم. بىر كۈنى ھەمراھلىرىمدىن بىرى
گۇاڭجۇدا تۇرۇشلۇق تونۇش سودىگەرلەر-
دىن بىرئاز ئۇچۇر ئىگىلەپ كېلەي دەپ
چىقىپ كېتىپ، كەچتە خۇشال قايتىپ كەل-
دى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا:

ــ سىلەرگە خۇش خەۋەر، بۇ قېتىم-
قى سەپىرىمىز خېلىلا ئوڭۇشلۇق بولىدىغاندەك قىلىدۇ،
مەن بۈگۈن ئاجايىپ ئوبدان بىر سودىنى
ئالاقىلىشىپ قويۇپ كەلدىم. ئەگەر بۇ
ئىشىمىز پۈتۈشۈپ قالىدىغان بولسا، قولى-
مىزدىكى پۇل ئىككى ھەسسە كۆپىيىدۇ، ــ
دېدى.

بىز ئەتىسى ئەتىگەندە سودىلىشىدىغان
جايغا كەلدۇق. بۇ جاي شەھەرنىڭ سىرتى-
دىراق ئىكەن. بىز ئەگرى - توقاي كوچى-
لارنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئىككى قەۋەتلىك
بىر بىنانىڭ ئالدىغا كېلىشىمىزگە، بىر
خەنزۇ بىزنى ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئىچ-
كىرى - تاشقىرى ئىككى ئېغىزلىق بىر ئۆيگە
باشلاپ كىردى. ئىككى ھەمراھىم ئۇنىڭ
بىلەن ئۇزۇن سۆزلەشكەندىن كېيىن،
ماڭا:

ــ چىمەن، بىز باھادا ئوبدان
كېلىشىپ قالدۇق. بىر گرام ئالتۇن 70
يۈەندىن توختىدى. بۇ كىشى پۇلنى تاپ-
شۇرساڭلار مالنى قولۇڭلارغا دەرھال
ئۆتكۈزىمەن دەيدۇ. ئىككىمىز ئالدىدىغان
بولدۇق. سەنچۇ؟ ئالساڭ پۇلنى بىراقلا
تاپشۇرايلى، ــ دېدى. بىز ھەر بىرىمىز
بىر تۈمەندىن جەمئىي ئۈچ تۈمەن
پۇلنى ھېلىقى خەنزۇغا بەردۇق. ئۇ
قولىمىزدىن پۇللارنى ئېلىپ ئالدىرىماي سا-
ناپ بولغاندىن كېيىن:

ــ سەل تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار. مەن
مالنى ئېلىپ چىقاي، ــ دەپ ئىچكىرىكى
ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بىز بىر - بىرىمىزگە
قارىشىپ ئولتۇردۇق. ئارىدىن 15 ؛ 20 ــ مى-
نۇت ئۆتۈپ كەتتى. ھېلىقى ئادەم چىقى-
مىدى. مەن پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا ئاۋايلاپ
مېڭىپ بېرىپ، ئىچىدىكى ئۆينى تىڭشىدىم.

ئۆي ئىچىدە ئادەم بارلىقىدىن بىرەر شەپە ئاڭلىنمىغاندىن كېيىن، يۈرىكىم بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك قىلىپ ئىختىيارسىز ۋارقىرىۋەتتىم:

— ئىچىدىكى ئۆيدە ئادەم يوق! ئۇ قېچىپتۇ!

بۇ گەپ بىلەن ھەمراھلىرىم دەرھال يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۈچىمىز بىراقلا ئۆيگە ئۈسۈپ كىردۇق. ئۆيدە ئادەم تۇرماق ئۇنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. بىز ئالاقزادىلىك ئىچىدە ئۆينىڭ بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىغىچە قاراپ چىقتۇق. ئۇدۇلدىكى دېرىزە ئوچۇق تۇراتتى. دېرىزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۆمۈر رامدا بىر تال ئارغامچا ساڭگىلاپ تۇراتتى. بىز ئالدىنىپتۇق. ئۈچىمىزنىڭ چىرايلىرىدا قان قالمىدى. ھەتتا ھۆكىرەپ يىغلاشقىمۇ مادارىمىز يەتمىدى... بىز بىر-بىرىمىزگە تاپا-تەنە قىلىشتۇق، ئۇ ئالدامچىنى قارغىدۇق. ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ، جاجىسىنى بەرمەكچى بولدۇق. بىراق، بۇ ئادەم دېڭىزدىن ئۇنى قانداقمۇ تاپقىلى بولسۇن. بىز قانۇن ئورگانلىرىغا ئەرز قىلدۇق. بىراق بىزدە بىرەر ئېنىق ئىسپات بولمىغاچقا، قانۇن ئورگانلىرىدىكىلەرمۇ ئامالسىز قالدى. بىز ئاخىرى چىققان كۆز ئورنىغا چۈشمەپتۇ، دېگەندەك پۇلىمىزنىڭ تېپىلمايدىغانلىقىغا كۆزىمىز يەتكەندىن كېيىن، يېلى چىققان توپتەك سولىشىپ ياتاققا قايتىپ كەلدۇق. يانچۇقىمىزدا پەقەت بىرقانچە كۈنلۈك تۇرمۇش خىراجىتىگە يەتكۈدەك پۇلدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى. كېلىمىزدىن يا بىر تامچە سۇ، يا بىر چىشلەم نان ئۆتمەيتتى. ئۈچىمىز ھېچ نەرسە يېمەي ياتاققا سولىنىپ ياتتۇق: نېمە قىلارىمىزنى بىلمەيتتۇق... سائەت قانچە بولغانلىقىنىمۇ بىلمەيمەن. بىر چاغدا بېشىمنىڭ قاتتىق ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كارىدورغا چىقتىم. يۈز-كۆزلىرىمنى سوغۇق سۇ بىلەن يۇيۇپ ئۆزۈمنى سەگىتمەكچى بولدۇم-دە، ئوڭ قول تەرەپتىكى سۇخانىغا كىردىم. سۇخانىدا بىر ئۇيغۇر ئەر كىشى يۈز-قوللىرىنى يۇيۇۋاتقانىكەن. ئۇ كىشىنى كۆرۈپ، خۇددى بىرەر ئۇرۇق-تۇغقىنىمنى كۆرگەندەك خۇش بولۇپ كەتتىم. ئۆز يۇرتۇمدا بولغان بولسام، يات ئەرلەرگە ھەرگىزمۇ سۆز ئاچمىغان بولاتتىم: ئەمما، ماڭا يەر شارائىتى يات، ئادەملىرىمۇ يات، تىلىمۇ يات، ئۇنىڭ ئۈستىگە بېشىمغا مۇشۇنداق ئېغىر كۈن چۈشكەن شارائىتتا ئۇچراپ قالغان بۇ ئادەمگە دەردىمنى تۆكۈپ راسا يىغلىۋالغۇم كەلدى. بىراق، نومۇس قىلىپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. قارىماققا ئۇ خېلىلا دۇرۇس ئادەمدەك كۆرۈندى. شۇڭا مەن ئالدى بىلەن گەپ ئاچتىم:

— سىزمۇ مۇشۇ مېھمانخانىدا تۇرامسىز؟

ئۇ بۇرۇلۇپ مېنىڭ ئۈستىبېشىمغا بىر قۇر سەپسالغاندىن كېيىن، ئوچۇق چىراي بىلەن جاۋاب قايتۇردى:

— ھەئە، 404-ياتاقتا، ئىسمىم كېرەم. سىزچۇ؟

— مەن... سىز بىلەن بىر قەۋەتتە ئىكەنمىز. 401-ياتاقتا، ئىسمىم چىمەن بولىدۇ.

— ھە، چىمەن دەڭ، ئۆزىڭىز يالغۇزما؟

— ياق، يەنە ئىككى ھەمراھىم بار.

— سىلەر سودا بىلەن كەلگەنما؟

— ھەئە... ياق...

— نېمە بولدىڭىز؟ چىرايىڭىز بىر قىسملا بولۇپ كەتتىغۇ؟ بىر يېرىڭىز ئاغرىـ

ۋاتامدۇ ـ يا؟

مەن ھودۇقۇشقا باشلىدىم. مېنىڭ بۇ
ھالىتىمدىن ئۇ سەل ئەجەبلەنىدى بولىغاي،
ماڭا قاراپ تۇرۇپ قالدى. كېيىن يۈز-
قوللىرىنى سۇرتۇۋېتىپ مۇلايىم قىياپەتتە:

— ئەگەر مېنى يات كۆرمىسىڭىز ياتى-
قىمغا كىرىپ بىردەم ئولتۇرۇپ چىقىڭ.
ئۆزۈم يالغۇز، — دېدى.

مەن ھېچقانداق ئىككىلەنمەستىن ھې-
لىقى ئادەمنىڭ ياتىقىغا كىردىم. بىز خېلى
ئۇزۇن پاراڭلاشتۇق. مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ
پۈتۈن ئەھۋالىمنى ئەينەن سۆزلەپ بەردىم.
ئۇ ماڭا بەكمۇ ئىچ ئاغرىتقان قىياپەتتە بىر-
مۇنچە تەسەللىي بەردى ۋە ئۆزىنىڭ سودا
بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىغا ئون يىل بول-
غانلىقىنى، يۇرتىدا بىرقانچە دۇكىنى بارلى-
قىنى، ئۆزىنىڭمۇ ماڭا ئوخشاش بىرقانچە
قېتىم ئالدانغانلىقىنى، لېكىن تال-
لىغان يولىدىن قەتئىي چېكىنمەي، سەۋر-
تاقەت بىلەن ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ،
ئاخىر مۇشۇ كۈنگە ئېرىشكەنلىكىنى سۆزلەپ
بەردى. مېنىڭ بىر قېتىم مەغلۇبىيەتكە
ئۇچراپلا، بۇ يولدىن چېكىنمەسلىكىمنى،
ئۆزىنىڭ ماڭا يېقىندىن ياردەمدە بولىدىغان-
لىقىنى بىلدۈردى. ئاندىن كەچلىك تاماقنى
بىللە يەپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدى. مەن
ياتاققا كىرىپ ھەمراھلىرىمنى تاماق يەپ
كېلىشكە شۇنچە زورلىغان بولساممۇ، ئۇلار
قەتئىي ئۇنىمىدى. مېنىڭمۇ بىلىشىپ سىناش-
مىغان يات ئەر بىلەن بىرگە چىقىشىمغا نا-
رازىلىق بىلدۈردى. شۇ چاغدا مەن ئۇلار-
نىڭ سۆزىگە كىرسەم بوپتىكەن، دەپ ھازىر-
غىچە پۇشايمان يەيمەن... — چىمەن يەرگە
قاراپ بىر پەس خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ
قالدى. ئاندىن كېيىنى داۋاملاشتۇردى، —
ئۇ مېنى شەھەرنىڭ سىرتىغىراق جايلاشقان
شىنجاڭلىق بىر يەككە تىجارەتچىنىڭ ئاش-
خانىسىغا باشلاپ باردى. بىز تاماقنى يەپ
بولۇپ پاراڭلاشقاچ پىيادە مېڭىپ ياتاققا
قايتىپ كەلدۇق. مەن ئۇنىڭغا بىر مۇنچە
رەھمەت ئېيتىپ ياتىقىمغا مېڭىشىمغا، ئۇ:

— چىمەن، ياتىقىمغا كىرىپ بىرئاز
ئولتۇرۇپ چىقىپ كەتسىڭىز بولمامدۇ؟!
ئۇخلايدىغانغا تېخى خېلى بالدۇرغۇ، — دېدى
يالۋۇرغان تەلەپپۇزدا. مەن ئۇنىڭ ئۇ تەل-
پىنى رەت قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. چۈن-
كى ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى جايىدا، ئۆزىنى
تۇتقان، ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىكەنلىكىگە
ئىشەنگەنىدىم. شۇڭا، بوپتىلا، ياتاقتا
ئىچىم سىقىلىپ ئولتۇرغىنىمدىن كۆرە بىر-
دەم ئولتۇرۇپ چىقساممۇ چىقاي دېدىم ـ دە،
ئۇنىڭ ياتىقىغا كىردىم. بىز يەنە تاغدىن-
باغدىن پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. ئۇ ماڭا
ئۇسساپ قالغانسىز، دەپ بىر ئىستاكان سو-
غۇق ئىچىملىك قۇيۇپ بەردى. مەن پەقەت
شۇنى ئىچكىنىمنىلا بىلىمەن، ئەتىسى كۆ-
زۈمنى ئاچسام، ئۇنىڭ بىلەن بىر كارىۋاتتا...

مەن ئۆز ـ ئۆزۈمدىن قاتتىق يىرگەن-
دىم، نەپرەتلەندىم... ئەمدى ئىككى بالام-
نىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن، دەپ چاچ-
لىرىمنى يۇلدۇم، يۈزلىرىمنى تاتىلاپ قان-
تىۋەتتىم، ئۇ بولسا مېنى چىڭ قۇچاقلىۋې-
لىپ، يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— خۇدا ھەققى، ئۇنداق قىلماڭ
چىمەن! مەن سىزنى دەپسەندە قىلىش
نىيىتىدە بۇنداق قىلمىدىم. سىزنى چىن
يۈرىكىمدىن ياخشى كۆرۈپ قالدىم. مېنىڭ
بالا ـ چاقام يوق، سىزنىڭمۇ يولدىشىڭىز
يوقكەن. بىز ئىككىمىز بىر بولساق، بۇنىڭ
نېمە يامىنى بار؟ مەندە پۇل دېسە

بار، باللارنى بىللە باقىمىز، مەن پۇلدار
خوتۇنلارنى كۆپ كۆرگەن. لېكىن ماڭا
ئۇنداق خوتۇنلارنىڭ لازىمى يوق. ماڭا
پەقەت سىزلا لازىم... سىزلا. چىمەن ماڭا
ئېچىڭىز ئاغرىسۇن. ئەگەر سىز ماڭا ماقۇللا
دېسىڭىز، ئۆمۈر بويى قۇلىڭىز بولۇپ كې-
تەي... بۇندىن كېيىن مەن سىزگە باشپاناھ
بولىمەن. سىز سودا قىلمەن دەپ جاپا
تارتىپمۇ يۈرمەيسىز. مېنىڭ بۇ يەردە بېجى-
رىدىغان ئازراق ئىشلىرىم بار. شۇ ئىشلارنى
بىر تەرەپ قىلىپ بولۇپ، سىز بىلەن بىللە
يۇرتىڭىزغا بېرىپ، ئەل-جامائەتنىڭ ئالدىدا
كاتتا توي قىلىپ بېرىمەن. سىزنىڭ بال-
ىڭىز مېنىڭ بالام. سىز پەقەت «كېرىم مې-
نىڭ ئېرىم» دېسىڭىزلا بولدى، ھەممە ئىش
يۈرۈشۈپ كېتىدۇ. ھېلىقى قەرزلىرىڭىزنىمۇ
مەن تۆلۈۋېتىمەن...

ئۇنىڭ ياغلىق سۆزلىرى مېنى ئاخىرى
ئېرىتتى. مەن ھەر قانچە دېيىشىپمۇ ئۇنىڭغا
تەڭ كېلەلمىدىم. ئاخىرى تەقدىرىمنى
ئۇنىڭغا باغلاشقا مەجبۇر بولدۇم. شۇنداق قى-
لىپ ھەمراھلىرىم بىلەن قايتا ئۇچرىشىشقا
گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام يۈزۈم چىدىمىدى.
ئەتىسى بىز ئوغرىلىقچە باشقا مېھمانخانىغا
يۆتكىلىپ كەتتۇق. مەن بىرەر ئايغىچە يا-
تاقتىن چىقماي يوشۇرۇنۇپ يۈردۈم، كېرىم
سودا دوگووورلىشىمەن دەپ ئەتىسى چىقىپ
كەتسە، كەچ قايتىپ كېلەتتى. بەزىدە كۈن-
لەپ-كۈنلەپ ياتاقتىن چىقماي ئولتۇراتتى.
تى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئىككى ئايمۇ
ئۆتۈپ كەتتى. مەن تېزرەك قايتىپ كېتىش
ھەققىدە سۆز ئاچسام، ئۇ:

— توختاپ تۇر! مېنى ئالدىراتما!
سودا ئىشى دېگەن نازۇك ئىش، سەللا بې-
خەستەلىك قىلساڭ، ساڭا ئوخشاش زىيان
تارتىدىغان گەپ. ھازىر دېگەن يەتتە ياش-
تىن يەتمىش ياشقىچە ھەممىسى پۇل دەپ
چېپىپ يۈرۈيدۇ، پۇل تاپماق شۇنداق
ئاسان ئىش دەمسەن؟ خەق سېنى يەيمەن
دەيدۇ. سەن خەقنى يەيمەن دەيسەن.
ئىشىكتىن چىقساڭلا ئىش ئوڭىغا ماڭىدىغان
ئىش يوق. يەنە 15 كۈن تەخىر قىل.
ئىشلار بىر تەرەپ بولسىلا يۇرتقا قايتى-
مىز، — دەپ مېنى بەزلەيتتى. ئۇنىڭ قان-
داق سودا قىلىدىغانلىقى، قانچىلىك پۇلى
بارلىقىنى مەن بىلمەيتتىم. ئارىدىن ئون
نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى كې-
رەم بەكمۇ كەچ قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ
چىرايى باشقىچىلا كۆرۈنەتتى. ئۇ ئىشىك-
تىن كىرىپلا:

— چىمەن، سودىمىزدا بىرئاز چاتاق
چىقتى، بۇنداق دېسەم بەك ئەنسىرەپمۇ
كەتمە، ئەگەر ئەتىگىچە قايتىپ كېلەلمىسەم
كاۋاپچىلار بازىرىغا بېرىپ، «غوپۇر قاپاق»
دېگەن كىشىنى ئىزدىسەڭ، شۇ كىشى ساڭا
ياردەم قىلىدۇ، — دېدى-دە، ياتاقتىن ئال-
دىراش چىقىپ كەتتى. مەن ھېچ نەرسىنى
ئاڭقىرالماي قالدىم. تاڭ ئاتقۇچە كۆز يۇ-
ماي كېرەمنىڭ غېمىنى يەپ، ئۇنىڭدىن
ئەنسىرەپ چىقتىم. تاڭمۇ ئاتتى. كېرەم
قايتىپ كەلمىدى. چۈشكىچە ساقلىدىم، كەل-
مىدى... مەن تەقەززالىق بىلەن دېرىزىدىن
سىرتقا قاراپ ئولتۇراتتىم، تۇيۇقسىز ئىشىك
چېكىلدى. مەن كېرەم قايتىپ كەلدى، دەپ
ئويلاپ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتىم.
ئىشىك ئالدىدا كۆتەكۈچى قىز تۇراتتى. ئۇ:

— سىلەر تېخى ماڭمىدىڭلارما؟ — دەپ
سورىدى مەندىن. مەن سەل ئەجەبلىنىپ:

— نەگە؟ — دەپ سورىدىم.

— يولداشىڭىز يۇرتقا قايتىدىغان بول-

دۇق دەپ، تۈنۈگۈن ھەممە رەسمىيەتلەرنى ئۆتەپ بولدىغۇ،— دېدى.

— بۇ گەپنى ئاڭلاپ قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمەي قالدىم. پۈتۈن زېمىن پىرقىراۋاتقاندەك بېشىم قېيىپ، كۆزلىرىمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. مەن ھەممىنى چۈشەندىم: ئاھ، خۇدا، كېرەممۇ مېنى ئالداپتۇ-دە! ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن؟ يۇرتقا قايتاي دېسەم يېنىمدا بىر تىيىن بولمىسا، يا قونار جايىم بولمىسا، ئاخىرى نائىلاج كاۋاپچىلار بازىرىغا بېرىپ «غوپۇر قاپاق» دېگەن كىشىنى ئىزدەپ تاپتىم. بۇ ئادەم مېنى كۆرۈپلا:

— كېلىڭ، كېلىڭ خانقىز، سىزنىڭ كېلىشىڭىزنى تۆت كۆزۈم بىلەن كۈتۈپلا تۇراتتىم،— دېدى كۆزلىرىمگە ھاياسىزلارچە تىكىلىپ. ئۇنىڭ بىرنەچچە ئاي سۇ يۇقى كۆرمىگەندەك قاسماقلىنىشىپ كەتكەن يۈزلىرىنى پۇرچاقتەك دانىخورەك قاپلاپ كەتكەنىدى. ئېيىقنىڭكىدەك قوپال قوللىرى ۋە تىرناقلىرىنىڭ چۆرىلىرىگە سىڭىپ كەتكەن ماي يۇقى ئادەمنى تېخىمۇ يىرگەندۈرەتتى. ئەسلىدە بۇ ئادەمنى «غوپۇر قاپاق» دېگەندىن كۆرە «غوپۇر قاسماق» دېيىش تازا لايىق بولاركەندۇق. بۇ ئادەمنىڭ تەقى-تۇرقىدىنلا ياخشى ئادەم ئەمەسلىكى چىقىپ تۇراتتى. شۇڭا مەن ئۇنىڭ قېشىدىن تېزرەك كەتمەكچى بولۇپ، دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ، چاندۇرماي مۇلايىم ئاھاڭدا:

— غوپۇر ئاكا، مەن سىزنى ئاۋارە قىلماي، ئۇدۇل ياتاققا قايتىپ بېرىپ، كېرەمنى شۇ يەردە ساقلاي،— دېدىم.

ھېلىقى قاسماق چىرايىنى بىردىنلا ئۆزگەرتىپ:

— ۋاي خانىمەي! پۇلىنى مەن تۆلىسەم، سىلى كېرەمنى ساقلامالا؟! ماڭا قالسىلا خانىم، كېرەمنى ئەمدى بۇ شەھەردىن تاپالمايلا! ئۇ يالاڭتۆش ئەمدى سىلىگە ئۆزىنى ئەمەس، كۆلەڭگىسىنىمۇ تۇتقازمايدۇ. ئۇ تۈنۈگۈن قىماردا ئۇتتۇرۇپ قويۇپ، سىلىنى ماڭا مىڭ سومغا سېتىۋەتتى. سىلى ئەمدى مېنىڭ بولدىلا... ھا... ھا... ھا...— ئۇ مەغرۇرلۇق بىلەن كۈلۈپ كەتتى:

مەن يەنە تۇزاققا دەسسىگەن ئىكەنمەن. كېرەم دېگەن مۇناپىقنىڭ قارا يۈزلۈكىنى قارا، ھەي چىمەن، ئۆزۈڭگىمۇ ئازسەن. قاچانمۇ ئەقلىڭنى تېپىپ ئادەم بولارسەن،— مەن ئىچىمدە ئۆزۈمنى ئەيىبلەپ بىچارىلەرچە ئەتراپقا تەلمۈردۈم. غوپۇر قاپاق مېنى كاۋاپخانىنىڭ كەينىدىكى ياتاق ئۆيگە سۆرەپ ماڭدى. مەن تىركىشىپ ماڭماي تۇرۇۋالدىم. بىراق ئۇنىڭ كۈچلۈك ھەم قوپال قوللىرى گويا ئامبۇردەك بېلىمدىن قاماللاپ ئالدى. مەن خۇددى لاچىن سوققان توشقاندەك دۈگدىيىپلا قالدىم. ئۇ مېنى بىر تاغار پاختىنى كۆتۈرگەندەكلا ئاپىرىپ كارىۋاتقا ئاتتى. مەن ئۆزۈمنى ناھايىتى تېزلا ئوڭشىۋالدىم-دە، چەبدەسلىك بىلەن كارىۋاتتىن چۈشۈۋالدىم ۋە ياخشى گەپ تاشنى ئېرىتىدۇ، دەپ ئويلاپ غوپۇر قاسماققا يالۋۇرۇشقا باشلىدىم:

— خۇدا ھەققى، ماڭا رەھىم قىلسىلا ئاكا، ماڭا قىلغان ياخشىلىقلىرىنى بۇ ئالەمدە كۆرمىسىلە، ئۇ ئالەمدە بولسىمۇ كۆرەلا. مەندەك بىر ئاجىز ئايالغا رەھىم قىلىپ مېنى قويۇۋەتسىلە...

— نېمە؟ قويۇۋەتسىلە؟! سېنى قويۇپ بەرسەم، مىڭ سومنى نەدىن تاپىمەن؟ ئەگەر مەن بىلەن بىرگە ئۆتۈشنى خالىمىساڭ، مىڭ سومنى ھازىر ئالقىنىمغا سال، ئاندىن سېنى قويۇپ بېرىمەن.

ئۇنداق ياخشى گەپلەرنى قىلىپلا مەندىن قۇتۇلمەن دەپ چۆچۈرنى خام سانىما! سەندەك نېمىلەرنى مەن جىق كۆرگەن! — ئۇ بۇقىدەك ھۆركىرىدى. يالۋۇرۇش بىلەن ئۇنىڭ قولىدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىمغا كۆزۈم يېتىپ، ئىشىككە ئۆزۈمنى ئاتتىم. بىراق، غوپۇر قاسماقمۇ بوش كەلمىدى. ئۇ ئېتىلىپ كەينىمچە مېنى قامالاپ ئالدى - دە، يەنە كارىۋاتقا ئاتتى، ئاندىن رەھىمسىزلەرچە باش - كۆزلىرىمگە ئۇرغىلى تۇردى. بۇرنىمدىن ئاققان قان كىيىم - كېچەكلىرىمنى بويىدى. غوپۇر قاسماقنىڭ قولى تالدىمۇ قانداق پۇتلىرى بىلەن ئۇدۇل كەنگەن يېرىمگە تېپىشكە باشلىدى. دېمىنىڭ نالىلىرىمغا پىسەنتمۇ قىلىپ قويمىدى. يا خۇدا! ئۇنىڭ يۈرىكى تاشمىدۇ؟! ئۇ ياكى ۋەھشىي ھايۋاندىن تۆرەلگەنمىدۇ؟... مەن بار كۈچۈمنى يىغىپ ئورنىمدىن تۇرماقچى بولدۇم. ھېلىقى ئىپلاس بىر مۇشت سېلىۋېدى، ئوڭدامغا چۈشتۈم. كېيىنكى ئىشلارنى بىلمەيمەن... مەن بۇنداق خورلىنىپ، دەپسەندە بولۇپ ياشىغاندىن كۆرە ئۆلۈمنى ئەۋزەل بىلىپ ئۆلۈۋالماقچىمۇ بولدۇم. بىراق غوپۇر قاسماقنىڭ كۆزىدىن بىردەممۇ نېرى بولالمىدىم. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ چاڭگىلىغا چۈشتۈم، — چىمەن بىر پەس ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى، — مەن ئادەم قېلىپىدىن چىققان بۇنداق ئىپلاسلار ئۇ ئالەمدە دوزاخ ئوتىدا كۆيۈپ، ئۆز جازاسىنى تارتىدۇ، دەپ ئويلايتتىم، بىراق غوپۇر قاسماق بۇ ئالەمدە — مېنىڭ كۆز ئالدىمدىلا جازاسىنى تارتتى، ئۇ قىمار ئۈستىدە باشقىلارنىڭ پىچىقى ئاستىدا ئۆلدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا مەن ئۆز - ئۆزۈمگە ئىگە بولدۇم.

مەندە ھاياتقا نىسبەتەن يەنە ئۈمىد تۇغۇلدى. مەن ئەمدى ياشايمەن! ھەقىقىي ئادەم سۈپىتىدە ياشايمەن! مەن پۇل تاپىمەن دەپ بۇ يەرگە كېلىپ مۇشۇنچىۋالا سورۇقچىلىقلارنى تارتتىم. ئەمدى شۇ ھالىم بىلەن قۇرۇق قول بالىلىرىمنىڭ، يۇرتداشلارنىڭ ئالدىغا قانداق بارىمەن. شۇلارنى ئويلاپ، غوپۇر قاسماقتىن يوشۇرۇن يىغقان ئازراق پۇلنى ئېلىپ، بېيجىڭغا كەلدىم. جاھاندا ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر يەنىلا بار ئىكەن. بېيجىڭدا ئۇزۇندىن بېرى تىجارەت قىلىپ كېلىۋاتقان بىر نەچچە ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن سىز كۆرگەن ھېلىقى ئاشخانىنى ئاچتىم. باشقىلارنىڭ تونۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئامال بار كىشىلەردىن، بولۇپمۇ شىنجاڭدىن كەلگەنلەردىن چەتكە ئېلىپ يۈردۈم. مېنىڭ كېچە - كۈندۈز ئويلايدىغىنىم — قەرز ئالغان بىر تۈمەن پۇلنىڭ ئورنىنى قىلىپ، بالىلىرىمنىڭ قېشىغا تېزرەك بېرىش. ھازىر ئاشخانىمىزنىڭ ئوقىتىمۇ يامان ئەمەس بولۇۋاتىدۇ. پۇلنىڭ كۆپ قىسمىنى تەق قىلىپ بولدۇم. يەنە بىر مەزگىل ھەرىكەت قىلسام قەرزنى پۈتۈنلەي تۆلەپ بولىمەن. ئاندىن بالىلىرىم بىلەن جەم بولىمەن... بىچارە بالىلىرىم... — ئۇ ياغلىقى بىلەن كۆزلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ يەنە داۋاملاشتۇردى، — ھاياتىمدا شۇنچىلىك دەرد - ئەلەملەرنى تارتتىم، يەنە قانداق كۆرگۈلۈكۈم بار، بۇنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. ئەمما، مەن بۇندىن كېيىن ھەرقانداق مۈشكۈلاتچىلىككە يولۇقسام، ھەرگىزمۇ ئىلگىرىكىدەك تەمتىرەپ، گاڭگىراپ قالمايمەن، مەن ئەرلەرگە ئاياللارنىڭ ھەرگىزمۇ خالىسا ئۈزۈپ يەي-

دىغان شاختىكى ئالما، توڭلىسا يېپىنچا قىلىدىغان چاپان ئەمەسلىكىنى، ھاجىتى چۈشكەندە يۆتىگە سىپىۋالىدىغان، ھاجىتىدىن چىققاندىن كېيىن تاشلىۋېتىدىغان ساپما كەش ئەمەسلىكىنى، ئۇلارنىڭمۇ ئەرلەرگە ئوخشاشلا ياشاش ھوقۇقى بارلىقىنى تونۇتماقچى...

مۇشۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقىنىدا، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر خىل جاسارەت ئوتى يالقۇنلاۋاتقاندەك كۆرۈندى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا نۇرلۇق، بىراق ئىنچىكىلەپ قارىغاندا، بىرنەرسە يىللىق ئەلەم ۋە خورلىنىشنىڭ ئىزنالىرى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى.

— سىز يولدىشىڭىزنىڭ ئاغىنىسى بولغاچقا، بېشىمدىن ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ ھەممىسىنى سىزگە سۆزلەپ بەردىم. ھازىرچە ماۋۇ 200 كوي پۇلنى بالىلىرىمغا ئالغاچ بېرىڭ. مەن پات ئارىدا قايتىپ كېتىمەن.

مەن ئۇنى ئۇزىتىپ چىققاندا ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. ھاۋا تۇتۇق بولۇپ، ئاسماندا ئاندا - ساندا يۇلتۇزلار چىمىرلايتتى. تۇيۇقسىز ھاۋا قاتتىق گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىلدى.

— ياغمۇر ياغىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدىم مەن چىمەنگە قاراپ، — كۈنلۈك ئېلىۋالامسىز - يا؟

— بولىدى، ھاجىتى يوق. سىز كىرىپ كېتىڭ، — دېدى چىمەن، — ئەمسە يۇرتتا بېرىشلا بالىلىرىمنى ئىزدەڭ...

ئاسمان بارغانسېرى قارىيىشقا باشلىدى. يەنە بىر قېتىم چاقماق چاقتى- كەينىدىنلا ياغمۇر چۈشۈشكە باشلىدى.

— خوش، — دېدى چىمەن كەينىگە ئۆرۈلۈپ، — خۇدا بۇيرۇسا پات ئارىدا يۇرتتا كۆرۈشەرمىز.

چىمەن ياغمۇر بىلەن قوشۇلۇپ، مەڭزىنى بويلاپ ئېقىۋاتقان ياشلىرىنى سۈرتكىنىچە كېتىپ قالدى.

مەن بۇ دەردمەن، ئېچىنىش قەيسەر ئايالنىڭ كەينىدىن رازىمەنلىك ھېسسىياتى بىلەن قاراپ تۇرۇپ قالدىم.

ياغمۇر! يەنىمۇ بەكرەك ياغقىن! ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بارلىق دەرد - ئەلەملەرنى پاك - پاكىز يۇيۇپ چىقىرىۋەت!

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

ئابلىكىم ئابلىمەت

# يىتىملىك

(ھېكايە)

— بالام ئەكبەرجان، تاماق پىشتى، ئۆيگە كىر!

بۇ يېقىملىق ئاۋاز گويا قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك، بالىلارنىڭ قىزىق ئويۇننى چىپپىدە توختىتىپ قويدى. جاراڭلىق، ئىنچىكە ئاۋازدا قوشاق ئېيتىۋاتقان ئېغىزلار، توغلاقتەك سەكرەۋاتقان پۇتلار بىسىقىپ قالدى. ھەممەي-

لەنىنىڭ قورساقلىرى پىژىلدا ئاچقاندەك بولدى. ئەتراپ كۆگۈمگە ئورالغان، يولتۇزلار چاراقلاپ يېنىپ كەتكەن، ئورغاقتەك ئاي كۆكتە ئېسىلىپ تۇراتتى. ئانىلىرىنىڭمۇ ئۆزىنى تاماققا چاقىرىش ۋاقتى بولغانلىقىنى ھېس قىلىشقان باللار بىردىن-ئىككىدىن ياتاق تەرەپتىن ئايرىلىپ، ئۆيلىرىگە قاراپ ماڭدى.

ئابدۇنەبى خۇددى ياتاقنى قوغدايدىغان قاراۋۇلدەك يالغۇز قالدى. ئۇ قايسى تەرەپكە مېڭىشنى بىلمەيتتى. كۆزلىرى چاۋاك چېلىنۋاتقان ياپراقلارغا، سۇس ئاي نۇرىدا پەرق ئېتىش مۈمكىن بولمىغان يوچۇن نەرسىلەرگە قادىلىپ قالغانىدى. «بالام ئەكبەرجان، تاماق تەييار بولدى، ئۆيگە كىر!» بۇ ئاۋاز ئۇنىڭ قۇلىقىدىن كىرىپ تومۇر-تومۇرلىرىغا تاراپ كەتتى. ئەتىگەندىن بېرى ئۆرۈك يەپ كۆپۈپ كەتكەن قورسىقىنىڭ تېخىمۇ ئېچىپ كەتكەنلىكىنى سەزدى. بىر چاغلاردا ئانىسى ئۇنى شۇنداق چاقىراتتى. بىراق، ھازىر... ھازىر يوق-تە. بەلكىم ئەكبەرنىڭ ئانىسى لەگمەن ئەتكەندۇ، ئەكبەرگە گۆشلىرىدىن تاللاپ سېلىپ بەرگەن بولسا، ھوزۇرلىنىپ يەيدۇ-دە! ئۇنىڭ پۇتلىرى مەززىلىك پۇراق كېلىۋاتقان ئەكبەرنىڭ ئۆيى تەرەپكە توغرىلاندى. ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا قەدەملىرى بىردىن-بىردىن يۆتكىلىپ، يوغان دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە توختاپ قالدى. ئۆيگە نېمە دەپ كىرىش كېرەك؟ قورسىقىم ئېچىپ كەتتى دەپ كىرسە، ھەمراخان ئاچا تويغۇدەك لەگمەن بېرەتتى. بىراق... ئۇ ئورۇق، سېرىق يۈزلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ قالدى. ھېلىمۇ ھەمراخان ئاچامنىڭ تامىقىنى يەپ يۈركىلى ئىككى كۈن بولدى، مېھرىبانلىقتا ئۆز ئانامدىن قېلىشمىسىمۇ، بەربىر ئۆز ئانام ئەمەس... بۇگۈنمۇ قېلىنلىق قىلسام... ئۇ ئاغزىغا يىغىلىپ قالغان سېرىق سۈيىنى تەستە يۇتۇۋەتتى-دە، دەرۋازا تۈۋىدىن ئاستا-ئاستا يىراقلاشتى. ھاۋادا مەززىلىك لەگمەن پۇرىقى ئۇچۇپ يۈرەتتى...

«ئىشىك بېشىدا قارا مۈشۈك ئولتۇرىدۇ، بۇ نېمە؟» دېگەن تېپىشماقتا ئابدۇنەبىمۇ، ئەكبەرمۇ ۋە باشقىلارمۇ دەرھاللا «قۇلۇپ» دەپ جاۋاب بېرىشەتتى. مانا، ئابدۇنەبى ئۆز ئۆيى ئالدىغا كېلىپ ئىشىك بېشىغا ئېسىلغان «قارا مۈشۈك» نى كۆردى. «قارا مۈشۈك» ئۇنى ئۇمىدسىزلىككە پاتۇرۇپ قويدى.

— دادا، نەگە بارسىز؟ — دېگەنىدى ئۇ، دادىسى «قارا مۈشۈك» نى ئېسىۋاتقاندا.

— يىراققا، بالام.

— مېنىمۇ ئېلىپ بارامسىز؟

— ئۇماق بالام، ئۇ سەن بارىدىغان يەر ئەمەس.

— نېمىشقا؟!

— ئۇ يەردە مەن بۇغداي ئورىمەن، سەن ئىسسىققا چىدىيالمايسەن، قوزام.

— چىدىيالايمەن، بارايچۇ، دادا!

— ئوبدان بالام، گەپ ئاڭلا! سەن ياتاق تەرەپكە بېرىپ ئويناپ تۇر. بۇغداي ئورسام كىشىلەر ماڭا پۇل بېرىدۇ. ساڭا سامسا، كەمپۈت ئېلىپ كېلىمەن.

سامسا ئەجەب مەززىلىك، كەمپۈت بەك تاتلىق... ھەمراخان ئاچام ئەكبەرگە لەگمەن بېرىۋاتقاندۇ. ئانام ماڭىمۇ لەگمەن ئېتىپ بەرگەن، شۇنداق مەززىلىك ئىدى، «قوزام ئەمدى ئوخلا!» دەپ سۆيۈشلىرىچۇ، تېخى. ئانام نېمىشقا كېلىد-

ۋەرمەيدىغاندۇ؟ « داداڭ پۇل تاپقاندا بارىمەن!» دېگىنى نېمىسى؟ سالىنىڭ ئانىسىمۇ يامانلاپ كېتىپ، بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندە، «بالامنى كۆرگۈم كەلدى» دەپ، ئۆزى قايتىپ كەلدى. سالىمۇ، دادىسىمۇ هازىر مەززىلىك تاماق يەۋاتقاندۇ، ئانام-نىڭ مېنى كۆرگۈسى كەلمەمدىغاندۇ! مېنى قورسىقى ئاچقاندۇ، دەپ ئويلىمايدىكەن. ئاسماندىكى ئايمۇ بەزىدە باللىرى — يۇل-تۇزلارنى تاشلاپ كەتسە، يەنە كېلىدىكەن. ئۇ، باللىرىنى هەر كۈنى ئېمىتىپ قوياممۇ-دىكىنە! كۈن بەك ئەسكى، شۇڭا ئۇنىڭ باللىرى يوق. ئاۋۇ يۇلتۇز يۈگۈرۈپ كېتىۋاتىدۇ، قورسىقىنى تويغۇزۇپ بولغان ئوخشايدۇ... ئانام كىيىملىرىنى ياغلىقىغا چىگىپ كەتكەن كۈنى قار ياغقان... ورسىقىم...

ئابدۇنەبىنى كۈچلۈك ئەسنەك تۇتتى. كەچنىڭ سالقىن شامىلى ئۇنىڭ يېلىك كىيىملىرىدىن غۇيۇلداپ ئۆتۈپ باراتتى. قورساقلىرى ئېچىپ، ئۈچەيلىرى تارتىش-قىلى تۇردى. هەي، ئېسىت، ئەكبەرنىڭ ئۆيىگە كىرسەممۇ بولغانىكەن، لەگمەنگە تويۇۋالاتتىم. هازىر ھەممىسى ئۇيقۇغا كەتكەندۇ. ئەكبەرمۇ ئۇخلاۋاتقاندۇ، ئۇنىڭ قورسىقى توق، ئۆيى ئىسسىق. ئەكبەر-نىڭ قورسىقى دائىم توق بولغاچقا، ھەممى-مىزدىن بەلەن يۈگۈرەيدۇ، مەن ھەممىدىن كېيىن قالىمەن. ئەكبەر قوشاقنى يۇقىرى ئاۋازدا ئېيتالايدۇ، بىزگۈنكى قوشىقى ئەجەبمۇ چىرايلىقكەن.

چۆچۈرە، چۆچۈرە قاينايدۇ،
ئانام ماڭا بەرمەيدۇ.
بەرمىسىمۇ بەرمىسۇن...

ئاخىرىنى نېمە دېگەن بولغىيدى!؟ بەر-مىسىمۇ بەرمىسۇن... بەرمىسۇن... دادام ماڭا سامسا، كەمپۈت ئالغاچ كېلىدۇ... سامسىنىڭ گۆشى جىق، كەمپۈت ئەجەب تاتلىق... تاتلىق... دادا... دادا سامسا...

ئۇنىڭ ئۇيقۇ باسقان كۆزلىرى يۇمۇل-دى، بۇرنىدىن پۇشۇلداپ، چىقىۋاتقان ئىسسىق تىنىقلار شامالغا قوشۇلۇپ كەتتى. بەلكىم، ئانىسىنىڭ بۇرنىغا ئۇرۇلار...

ئەھەت ئابدۇراخمان

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

# تەھرىر تاغامغا خەت

(هېكايە)

هۆرمەتلىك تەھرىر تاغا.

مەن باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 2 - يىل-لىق (A) سىنىپىدا ئوقۇۋاتىمەن. بوۋامنىڭ دەپ بېرىشىچە توخۇ يىلى 9 ياشقا كىرىدى-كەنمەن. قايسى يىلى توخۇ يىلى بولىدۇ؟ بۇلارنى «توخۇ يىلى» دەپمۇ يىل بولامدۇ؟ بىلەمسىز، تەھرىر تاغا؟ سىز بىلىسىز، شۇنداقمۇ؟ ماڭا خەت يېزىپ ئۇگىتىپ قويىسىز، مەن بوۋامغا بىر ماختى-نىۋالايچۇ!

دادام ناۋاي بولغاچقىمىكىن مەن قۇرۇق نان يېيىشكە ئامراق. بىزنىڭ سى-

نىپتىكى دادىسى ناۋاي بولمىغان باللارنىڭ سومكىسىنى ئاختۇرسىڭىزمۇ ساپلا ناننىڭ ئۇۋۇقى چىقىدۇ. دادىسى ناۋاي ئەمەس باللارنىڭمۇ ماڭا ئوخشاش نان يېيىشكە ئامراق بولغىنى نېمىسى؟ ئۇلار: «فۇرقەت، سېنىڭ نېنىڭ بەك تاتلىق ھەم يۇمشاق» دەيدۇ. راست شۇنداق. دادام دۇكاندىن قايتقاندا ماڭا ئىسسىق نانلارنى ئالغاچ كېلىدۇ ياكى بولمىسا ئەتىگەندە مەكتەپكە ماڭغاچ يول ئۈستىدىكى دادامنىڭ دۇكىنىدىن ئۆزۈم تاللاپ تۇرۇپ ئېلىۋالىمەن.

مۇئەللىم يادا ئىملا يازدۇرغاندا ياكى ھېساب ئىشلەتكەن چاغدا مەن بىر قولۇمدا قېرىنداش تۇتۇپ خەت يازسام، بىر قولۇمدا نان تۇتۇۋېلىپ يەپ ئولتۇرىمەن. باللارمۇ يەيدۇ. دەرس ۋاقتىدا نان يېمەيدىغان باللارمۇ بار. ماھىنۇر مۇئەللىم بۇنداق ۋاقىتلاردا بىزنى بەك تەنقىدلەپ كېتىدۇ:

— بۇ نېمە قىلىق-ھە، دەرس ۋاقتىدا نان يەيدىغان؟ سىلەر توخۇمۇ يا كەچكىچە دانلاپ تويمايدىغان؟ نانلىرىڭنى سومكاڭغا سېلىش! ھۇ، تويمىغۇرلار... — دەيدۇ.

بەزى باللار نانلىرىنى سېلىۋېتىدۇ. بەزىلىرى يانچۇقىغا سېلىۋېلىپ، بىر چېتىدىن ئۈزۈپ ئېلىپلا كاپ ئېتىدۇ. بەزى كۈنلىرى مۇئەللىم خاپا بولۇپ، بىزنى تەنقىدلەپ، دەرسمۇ ئۆتەلمەي قالىدۇ. قېيىداپ سىنىپتىن چىقىپ كەتكەن ۋاقىتلىرىمۇ بولدى. ئەمما بىزنىڭ نان يەيدىغان ئادىتىمىز ئۆزگەرمىدى. ھەتتا بىر قىسىم قىزلارمۇ نان-پىرەنىكلەرنى ئەكىلىپ يەيدىغان بولدى. ئۇلار بوتۇلكىلاردا سۈت، چايلارنىمۇ ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بىزدەك دەرس ۋاقتىدا نان يەيدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيدى.

كېيىن بىز 2-سىنىپقا چىقتۇق. شۇ چاغدا بىزگە ھۆسنىيەن مۇئەللىم دەرسكە كىردى. بىز يەنە بۇرۇنقىدەك دەرس ۋاقتىدا نانلىرىمىزنى يەۋەردۇق. ئەمما ھۆسنىيەن مۇئەللىمدىن سەل قورقۇپ، ناننى يانچۇقىمىزدا ئۇشتۇپ ئېلىپ، قولىمىزدا ئاغزىمىزنى توسۇپ تۇرۇپ، چالا-بۇلا چايناپلا يۇتىدىغان بولدۇق. بىراق، ھۆسنىيەن مۇئەللىم نان يېگىنىمىزنى كۆرمىگەندەك بىزگە ھېچ نەرسە دېمەيتتى. شۇڭا بىز بارغانسېرى ئاشكارا يەيدىغان، قىزلارنى بوزدەك قىلىپ سۈت ۋە چايلىرىنى ئىچىۋالىدىغان بولدۇق. مۇئەللىم دەرس ئۆتۈۋاتقان بەزى سائەتلەردە سىنىپ ئىچىدە: «فۇرقەت، نېنىڭدىن ئازراق بېرە»، «رەيھان، چېيىڭنى ئەكىلە، بىر ئوتلىۋالاي» دېگەندەك ئاۋازلارمۇ ئاڭلىنىپ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا مۇئەللىم پارتا ئارىلىقىدىكى يولدا قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، گەپ قىلماي ماڭاتتى.

ھۆسنىيەن مۇئەللىم بىر كۈنى باللارنى يوقلىما قىلىپ بولغاندىن كېيىن بىزگە كۈلۈپ قاراپ:

— ساۋاقداشلار، بىز بۈگۈن 20 مىنۇت دەرس ئۆتكەندىن كېيىن ئارىلىقتا بەش مىنۇت پائالىيەت ئۆتكۈزىمىز. شۇڭا مۇشۇ 20 مىنۇت ئىچىدە باشقا ھەرىكەت قىلماي دەرسكە كۆڭۈل بۆلەيلى، بولامدۇ؟ — دېدى.

بىز «پائالىيەت ئۆتكۈزىمىز» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بولۇپ كەتتۇق. شۇڭا ھەممىمىز:

— بولىدۇ! — دەپ چاۋاك چېلىۋەت-

تۇق. دەرسكە كىرىشىپ كەتكىنىمىزدىن نان يېيىش پەقەت ئېسىمىزگە كەلمىدى. بالىلارمۇ نان يېمىدى. بىر چاغدا مۇئەللىم:

— قېنى ساۋاقداشلار، 20 مىنۇت توشتى، بىز پائالىيىتىمىزنى باشلايلى. سىلەر بۇنىڭ قانداق پائالىيەت ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ. بىز:

— ياق، بىلمەيمىز! — دەپ جاۋاب بەردۇق. مۇئەللىم:

— ھازىر چۈشتىن بۇرۇنقى 3-سائەتلىك دەرس ۋاقتى. سىلەرنىڭ ئەتىگەن ئۆيدىن چاي ئىچىپ كەلگىنىڭلارغا تۆت سائەتتىن ئاشتى. شۇڭا بىز ھازىر «نان يېيىش پائالىيىتى» ئۆتكۈزىمىز. قېنى، نان، چايلىرىڭلارنى ئېلىپ، بەش مىنۇت ئوزۇقلىنىڭلار، ئاندىن يەنە 20 مىنۇت دەرس ئۆتىمىز، — دېدى.

بىز خۇشال بولۇشۇپ، نان-چايلىرىمىزنى پارتا ئۈستىگە ئېلىپ يەپ-ئىچتۇق. ۋاقىت توشقاندا مۇئەللىم:

— بۈگۈنكى پائالىيەت مۇشۇنچىلىك بولسۇن، ئەتە يەنە داۋاملاشتۇرىمىز. ئەمما ساۋاقداشلار ناننى سومكىغا، يانچۇقلارغا ئەمەس، ئايرىم سۇلياۋ خالتىلارغا سېلىپ كېلەيلى. مەن ئەتە سومكا، پارتا ۋە يانچۇقلارنىڭ تازىلىقىنى تەكشۈرىمەن، — دېدى.

شۇندىن كېيىن بىز سومكا، پارتا، يانچۇقلارغا نان سالمايدىغان بولدۇق. مۇئەللىم بىزنىڭ سومكا، دەپتەر-كىتابلىرىمىزنى پات-پات تەكشۈرۈپ، سېلىشتۇرۇپ باھالايدىغان بولدى. تازىلىقتا، تەرتىپتە ئۈلگىلىك ئۆزئارا ئۆگىنىدىغان پائالىيەتنى يولغا قويۇپ، «قىزىل بايراق تاختىسى» چىقاردى. «نان يېيىش پائالىيىتى» نىمۇ بىر مەزگىل داۋاملاشتۇردى. بىر مەزگىلدىن كېيىن بۇ پائالىيەتنى تەنەپپۇس ۋاقتىغا ئورۇنلاشتۇردى. مەكتەپ بىر چوڭ ساماۋەر ئەكىلىپ ئوقۇغۇچىلارغا چاي قايناتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىز دەرس ۋاقتىدا نان يېمەي، كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىدىغان بولدۇق. ئالدىنقى مەۋسۇمدا بىزنىڭ سىنىپ تازىلىقتا كۆچمە قىزىل بايراققا ئىگە بولدى ۋە «مەكتەپ بويىچە ئەلاچى ئوقۇغۇچىلار ئەڭ كۆپ سىنىپ» بولۇپ مۇكاپاتلاندى. مەنچۇ؟ «ئۈچتە ياخشى» ئوقۇغۇچى بولۇپ تەقدىرلىنىپ، بوۋامنى بەكمۇ خۇشال قىلىۋەتتىم، تېخى.

تەھرىر ئاغا: سىز دەپ بېقىڭا، ماھىنۇر مۇئەللىم بىزگە خاپا بولۇپمۇ دەرس ۋاقتىدا نان يەيدىغان ئادىتىمىزنى ئۆزگەرتەلمىگەنىدى. ھۆسىيىن مۇئەللىم «نان يېيىش پائالىيىتى» نى يولغا قويۇپ تۇرۇپ، بۇ قىلىقىمىزنى ئۆزگەرتىۋەتتى. يەنە بىز بەك تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان، تەرتىپلىك بولۇپ كەتتۇق. بۇنىڭدىكى سىر نەدە؟ بوۋام مېنىڭ سورىغانلىرىمغا زادى جاۋاب بېرەلمىدى. مەن تەھرىر ئاغام نېمە دەپ جاۋاب بېرىدىكىن دەپ تەشنا بولۇپ كۈتۈۋاتىمەن.

سىزنى ھۆرمەتلەپ خەت يازغۇچى

2-يىللىق (A) سىنىپ ئوقۇغۇچىسى: فۇرقەت

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

**ئايمەمەت سايىپ**

# دوپپا

(ھېكايە)

قۇربان ھېيت يېقىنلاپ قالغاچقىمىكىن بۈگۈن يەكشەنبە بازار تازا قىزىپ كەتكەنىدى. كوچىلاردا ئادەم شۇنچە كۆپ، خېرىدارلارمۇ، دۇكاندار، تىجارەتچىلەرمۇ ھەممىسى ئالدىراشتەك كۆرۈنەتتى. تاراقشىپ سانىلىۋاتقان سىقىم-سىقىم پۇللار، ماگىزىنلاردىكى ئېسىل كىيىم-كېچەك، خىلمۇخىل رەختلەر، باققاللار رەستە بويىلىرىغا تۆكمە قىلىۋەتكەن سېغىزىي يازنىڭ نېمەتلىرى ... نەقەدەر باياشاتلىق، مەمۇرچىلىق-ھە.

ئالتۇنگۈل ئىككىمىز شۇنداق تۈيغۇدا كوچا ئارىلاپ كېلىۋاتىمىز. بىز بىر-بىرىمىزنى لايىق تېپىشىپ يۈرگەن. نەچچە ئايدىن بېرى ئاشكارا ھالدا سىرتلارغا چىقىپ، ياندىشىپ مېڭىشىمىز بۈگۈن تۇنجى قېتىم ئىدى. ئالتۇنگۈل يۈزلىرى يۇمىلاق، كۆزلىرى چوڭ، زامانىغا لايىق ياسىنىپ يۈرىدىغان، ئوچۇق-يورۇق قىز ئىدى. ئۆزۈڭنىڭ كۆڭلى چۈشۈپ قالغان قىز بىلەن بىرگە سىرتلارنى ئايلىنىش، پاراڭلىشىش نېمىدېگەن چوڭ خۇشاللىق-ھە. شۇ تاپتا كۆڭلۈم شۇنداق شېرىنلىك ئىلكىدە كىشىلەرنىڭ بىزگە ھەۋەس بىلەن نەزەر سېلىشىۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ تۇراتتى. بۇ ھالدىن سەل ئۇيالغاندەك بولساممۇ، يەنىلا شادىمان ئىدىم.

شۇنداق شېرىن تۇيغۇ ئىلكىدە سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرۇپ، بىنەزەر كېتىۋېرىپتىمەن. يېنىمغا قارىسام ئالتۇنگۈل يوق، مەن بىرەر ئۇياتلىق ئىش قىلىپ قويغان كىشىدەك ئەندىكىپ ئەتراپىمغا قارىدىم.

ئالتۇنگۈل ئون-يىگىرمە قەدەم نېرىدىكى يايمىكەشنىڭ ئالدىدا بىر نەرسە كۆرۈۋاتقانىكەن. مېنى كۆرۈپ قېشىغا چاقىردى.

نېمە كۆرۈۋاتقاندۇ؟ شۇ ھامان كۆڭلۈمگە بىر گۇمانلىق ئوي كېلىپ قالدى. قىز بالا دېگەننىڭ كۆزى لاتا-پۇتىدا. كوچا چۆگىلىگەنگە لايىق قۇرۇق قول يانغۇسى كەلمىگەنمىكىن، ياكى ھېيتلىققا بىر نەرسە ئالامدىكىن؟ ئۇ بىر نەرسە ئالسىمەن دېسە يانچۇقنى كوچىلىماي تۇرغىلى بولاتتىمۇ ئەمدى؟ قىممەت بىر نەرسىنى تۇتۇپ تۇرغان بولسىچۇ؟ ھېلىمۇ بۈگۈن خېلى پۇل خەجلىۋەتتىم. ئۆيدە ئولتۇرايلى دەپ چىڭراق تۇتسام بوپتىكەن بايا، قېشىغا بارمىسام تېخى...

مەن شۇنداق خىيال بىلەن قولۇمدىن سۆرىگەندەك ئۇنىڭ قېشىغا باردىم.

— بۇ دوپپىنى سىزگە ئالدىم، كىيىپ بېقىڭا!

مە ئۆز قۇلىقىمغا ئىشەنمەيلا قالدىم.

— بۇ ... بۇ...

مەن ھېلى ئويلىغانلىرىمدىن خىجىل بولۇپ زۇۋان سۈرەلمەي تۇرۇپ قالدىم.

— ھېيتقا ئاز قالدى، يالاڭباشتاق يۈرسىڭىز سەت تۇرىدىكەن.

مەن بۇ گەپنى ئاتا-ئانامنىڭ ئاغزىدىنمۇ نەچچە قېتىم ئاڭلىغانىدىم. دوپپا كىيگۈممۇ بار ئىدى. لېكىن قىزلارنىڭ نەزەرىگە ياقماسمەنمىكىن دېگەننى ئويلاپ، ئېرەنشىمەي كەلگەنىدىم. ئالتۇنگۈلنىڭ ئاغزىدىن بۇنداق گەپنىڭ چىقىشى خىيالىمغىمۇ كەلمىگەنىكەن.

مەن ئالتۇنگۈل تەڭلەپ تۇرغان دوپپىنى قولۇمغا ئالدىم. ئالتۇنگۈلنىڭ يېقىملىق چېھرى قولۇمدىكى دوپپىنىڭ چىمەن گۈللىرىدەك تېخىمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى.

پاشاگۈل ئىسمايىل

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

# يېگانە سۆيگۈ

## پەخىرىمدۇر قىز بولۇپ تۆرەلگەنلىكىم

قىلمايمەن پۇشايمان
قىز بولۇپ دۇنياغا كۆز ئاچقىنىمغا،
چىرقىراپ - چىرقىراپ
يەنە چىرقىراپ
چوڭ بولدۇم.
ھايات!
سۆيگۈ!
ئەقىدە! بۆلىقىدىن شەربەتلەر ئىچىپ.
قىز بولۇپ تۆرەلدىم
جۇڭخارىيە قىزىغا خاس.
قەلبىم
ئۆكرىنىش،
ئەپسۇستىن خالى.
چۈنكى سەن شۇنداق
ئاكام ياتقان قېرىندا!
يېتىپ چوڭ بولغان،
تالىشىپ ئېمىپ
بىللە بوي تارتىشقان.
كۈلمەن
قېنىپ - قېنىپ.
چۈنكى، ئازاب دولقۇنى
چۆكتۈرەلمىدى.
تۆرەلگەن ۋۇجۇدۇم
بىر ھەقىقەتتىن.
ۋىجدانىم ھۆكۈمران سەبىي قەلبىمگە
پەخىرىدۇر قىز بولۇپ تۆرەلگەنلىكىم.

## تىترەيدۇ ياپراق

تۆكۈلدى ياپراق ئون توققۇزىنچىسى
ھايات دەرياسى
رەھىمسىز ئېقىن،
دولقۇنلار تىكىلەر ماڭا
ۋە كېتەر يىراقلاپ
يۈرەككە قويغان ئارمانلىرى
چاقىدۇ يالقۇنلۇق چېقىن.

## كەچمىشلەرگە چىدالارسەنمۇ

ئېسىمدە بارمىدۇ بىر چىققان تاغلار،
قۇياشقا تەلمۈرگەن ئاشۇ بىر سەھەر.
تاشمۇ تاش قوغلىشىپ، ناخشا ئېيتىشساق،
سەھرانىڭ لاي سۈيى بولغانتى كەۋسەر.

سەن مېنى ئۇنۇتتۇڭ، لېكىن چۈشۈمدە،
يەنىلا ئايان شۇ قەسەم، شۇ سۆيگۈ.
ئارمىنىم توزىدى تۆتەكتەك ئۇنسىز،
توزىمىدى قۇرغۇر خىيالىي تۇيغۇ.

يۈرىمەن يېگانە ئېتىزلار ئارا،
ئۇپۇقتىن قىزىللىق يېيىلغان سەھەر.
كەچمىشلەر قېنىمسا چىدالارسەنمۇ؟
سۆيگۈنۈڭ يادىڭغا يەتكەندە دىلدار.

## باللىقىم كەلدى ئېسىمگە

ئەجەب بىر چاغ ئىدى ئەسلىسەم،
باللىقىم ئەركىن شوخلۇقۇم.
خالىي ئىدى دىلىم خىيالدىن،
كۈلۈپ - ئويناپ ئۆتكەن تولۇقۇم!

غەمسىز ئىدىم كۆڭلۈم شادىمان،
سەبىيلىكىم بولغاچقا ئوماق.
ئەمگىكىمدىن سۆيۈنگەچ كۆڭلۈم،
پۇرۇچلاردىن ياسايتتىم قورچاق.

تون توققۇز ياش چېغىمدا بۈگۈن،
ھىجران دەردى تولدى ئىچىمگە.
ئاھلىرىمدىن تاپالماي ۋىسال،
باللىقىم چۈشتى ئېسىمگە.

## شۇنداق قىزمەن

شۇنداق قىزمەن كۈلمەيدىغان،
سۆزۈمنى ئاز دېمەيدىغان
كۈلمىسەم
سۆزلىمىسەم
ياشلىق ھېسسى يوق دېسەن
مۇجەسسەملەنگەن
جىسمىمغە
تەزلىرىمدىن پەخىرلىك كۈلۈش.
كۆزلىرىمگە يوشۇرۇنغان،
سوئالىڭغا جاۋابلا بېرىش.
كۈلسەڭ قارايمەن —
كۈلگۈنۈم شۇ.
بولسىلا كىتاب
سۆيگۈنۈم شۇ.
شۇنداق قىزمەن كۈلمەيدىغان
ھەم ئۆزگىنى بىلمەيدىغان،
پىكىرداش دەپ بىلگەندىلا
مەغرۇرلۇقۇم يوقايدىغان.
شۇنداق قىزمەن
كۈلمەيدىغان،
سۆزۈمنى ئاز دېمەيدىغان.

## قىزلار يۈرىكى

چىدامىلىق، تاقەتلىك قىزلار يۈرىكى،
بىغۇبار پاكلىقى چاقنار كۆزىدە.
كەلسىمۇ مۇڭغا قەدەمدە قايغۇ،
يۇتۇپلا ئىچىگە ئۆتەر سۈكۈتتە.

## يىغلىما

كۆزلىرىڭ نە شۇنچە ياشلاندى دوستۇم،
ئېيتقىنا يىغانىڭ سىرىنى ماڭا!

نېمە ئۇ ھەسرەتلىك ئىڭراتقان سېنى،
قەلبىم شادلىقىنى بېرەي مەن ساڭا.

ھەقىقەت، مۇھەببەت دەمسىنا دوستۇم،
شۇمىدى كۆزۈڭدىن ياشنى چاچراتقان.
يىغلىما ئۇ ئۈچۈن ئەكەل قولۇڭنى،
باشلايمەن ھاياتقا دولقۇنلار ئاتقان.

كۆزۈڭنى ئاچقىنا كۈلۈپ تۇرۇپ بىر،
تەقدىرنىڭ چاقچىقى كەلدى يەنە بىر.
كۈتۈۋال ئۇنىمۇ شادلىققا ئوخشاش،
ئۇ ئۆلۈم بولسىمۇ قورقمىغىن ھېچبىر.

كۆزۈڭنى ياشلىما بىر مەھەل كەلسە
دەرد - ئەلەم لەشكىرى قىلىچ كۆتۈرۈپ.
ياشلىقىڭنىڭ ئۆتكە بولسا نىشانى
يەڭگۈلۈك ھەممىنى مەزمۇت تىك تۇرۇپ.

يىغلىما بىھۇدە ئاچچىق تولغىنىپ،
تۇمانىنى يارىدۇ قۇياش قىزدىرىپ.
ياشلىقنى ئۆگەتمە يىغىغا باشتا،
رېئاللىق ئالدىدا غەمكىن تاتىرىپ.

ئالىم ياۋا.

## كۈيلەرگە بۆشۈكتۇر شائىر يۈرىكى

### تاتلىق تەۋسىيە

خورسىنمىغىن ئۈمىدىم يەنە
يوللار تېخى ئۇزۇندۇر قەۋەت.
مەيۈسلۈككە باسمىغىن ئاياغ،
ئۈمىدىڭنى يوقاتما پەقەت.

سەھەردىكى تورغاي كۈيىدىن،
چۈشلىرىڭگە ئېلىپ ئال تەبىر.
شامالدىن سوراپ باققىنا،
تىنىقلىرىڭ كىملەردە ئەسىر.

يوقالغاندا سۆزۈك شېئىرغان،
قومۇش گۈللۈك پەردەك يېپىنى.
زەيتۇن چىشلەپ بارغان كەپتىرىم،
بېرەر چوقۇم كۆكۈچ يېپىنى.

يېقىلغاندا ھارغىن كۆلەڭگەم،
زەر قاپقاقلىق تۈگۈلۈكۈڭ ئۆزەر.

ناخۇن تەككەن تارنىڭ كۈيىدەك،
بوپ كېتىدۇ ۋۇجۇدۇم ئۆگرە.

ئېلىپ كەلسە رەڭلەنگەن ئۇپۇق،
تەشۋىشىڭنىڭ ئاسمىنىغا ئاي.
لەۋ كۈيىدىن تاتارغان ماكان،
چۈشلىرىڭدىن ئالالارمۇ جاي.

### ئازابلارغا تولدى دۇنيايىم

كىملەر ماڭا قولىنى سوزار،
يالماپ كەتسە كۆزۈك دولقۇنى.
چېكەتكىلەر چۈشۈمنى بۇزار،
ئاسمىنىمغا ئاي چىققان كۈنى.

خىياللارنىڭ ئوقىغا ئەسىر،
سۈكۈتلەرگە مىنگەشكەن تىنىق.
گۈل بەرگىدىن كۆچكىنىمدە ئاي،
كۆرۈنەرمۇ يۇلتۇزۇم ئېنىق.

دۇنيايىمنى ئازابقا بوغقان،
قەيەردە سەن قەلەم قاشلىقىم.
مىسرالارغا سىڭدۇ تۈندە،
يۈرەكتىكى ئىسسىق ياشلىرىم.

**گۈلباھار مۇسا**

### پارچە

توخۇدىن سورىساڭ داڭگال غېمىدا،
ئۆچكىچۇ شەكسىزكى جاڭگال غېمىدا.
ئات ـ كالا ئەزەلدىن مېھنەتكە كۆنگەن،
شىر، يولۋاس ياشايدۇ چاڭگال غېمىدا.

# قەلب ئۈنچىلىرى

### ئىز ئىختىرۇپ يۈرمەيدىكەن جۈپ كۆزلەر

قىش پەسلىدە سۇس ئاپتاپقا قاقلىنىپ،
ئولتۇرىمەن ھويلىمىزنىڭ ئىچىدە.
ھېس قىلسامدۇ ئۇستۇمدىكى قىسمەتنى
تەققاس قىلىپ ئېيىپ پاتقان كېچىگە.

چاچمايدىكەن يالغۇز قەلب ئالەمگە
تۈن كېچىنى يورۇتقۇدەك نۇر يالقۇن.
ئاڭلانماسكەن يىراقلارغا توۋلاشلار،
يالغۇز ئاۋاز بولغاچ كۈچسىز ھەم سولغۇن.
ئۆتتۈلمەسكەن بەختلىك كۈن قەدرىمۇ،
خۇشال يۈرگەن توققۇزى تەل چاغلاردا.
ئىز ئاختۇرۇپ يۈرمەيدىكەن جۈپ كۆزلەر،
باھار پەسلى بىرگە بولغان باغلاردا.

### تاڭ شامالىرىغا خىتاب

مەستخۇش بولۇپ دوشىزلاندى ئۆتكۈر سەزگۈلەر
لەيلەپ يۈرەر ئاسمىنىمدا جۈت تۇمانلىرى.
يوقاپ كەتتى قەلبىمدىكى مۇقەددەس كۈيلەر،
تېپىپ كەلگىن سەن ئۇنى ئەي تاڭ شامالىرى.

تىترىمەكتە ياپراقلاردەك دىلىدىكى سۈرەت،
ئورىماقتا شېرىن دەردلەر قەلبىمنى قات ـ قات.
ئۆچۈرۈپ كەل نىگارنى ئەي تاڭ شامالىرى،
مۆجىزىلەر كۈلۈپ باقسۇن ماڭىمۇ ھەيھات.

ئايدىڭدىكى مەجنۇنتالنىڭ شۇۋرلاشلىرى،
زەرداب بولغان يۈرەكلەرگە بولالماس شىپا.
يورۇتقىنىسەن تۈنلىرىمنى تاڭ شامالىرى،
باشلاپ كېلىپ جانانىمدىن بىر ئالەم زىبا.

ئابلەت روزى

## كىملەر ساڭا سالام قىلىپ ئۆتەركىن

نېمە ئىشتۇ چۈشۈپ كەتتىڭ تەختتىن،
شۇ كۈنىلا ئورۇقلاپسەن ياغاچتەك.
سەن ئايرىلىپ ئەمەل دېگەن بەختتىن،
سالپىيىپسەن، قورۇلۇپسەن چاناچتەك.

دېگەنتىمغۇ بىر خىل ئۆتمەس بۇ جاھان،
تۇغۇلۇشمۇ ئىنسان ئۈچۈن بىر قېتىم.
كەلگەن مېھمان كېتىپ قالار ھەر قاچان،
ئەمەل بىلەن تۇغۇلمىغان ھېچ كىشىم.

كېرىلگەنتىڭ ئەمەل تۇتقان چېغىڭدا،
ساڭا ئىدى تەخسىكەشلەر بەك يېقىن.
ئەمەل ئەمەس ئەل مۇھىمدۇر قاراپ باق،
ئەمدى كىملەر سالام قىلىپ ئۆتەركىن؟

ھۆرمەتى

## سۆيگۈ

سۆيگۈ خەنجەر، سۆيگۈ ئەقىل، سۆيگۈ يول،
سۆيگۈ بىلەن يېتەر ھەركىم ئارمانغا.
سۆيگۈ جاندۇر ھايات ئۈچۈن يارالغان،
سۆيگۈ تۇتاش، پارلاق، نۇرلۇق ئىقبالغا.

سۆيگۈ بولماي ئىجادلىق يوق ھېچ ئىشتا،
سۆيگۈ بىلەن يېتەر قولۇڭ ئاسمانغا.
لېكىن جاننى ئالدۇرىدۇ ئالقانغا،
سۆيگۈ كۆنمەس زەر ئالتۇنغا، بايلىققا.

سۆيگۈ نۇردۇر، تەقدىرىڭنى يورۇتار،
سۆيگۈ ساڭا ھەرخىل يولنى راسلايدۇ.
سۆيگۈ تىنىق، ئەزرائىلدۇر (ئېھتىمال)،
سۆيگۈ ئۆلسە ئوت يۈرەكمۇ مۇزلايدۇ.

ئامانگۈل ئېلى

## ئايدىڭدىكى يېڭى كۆي

ئايدىڭ كېچە ئۇزۇك - ئۇزۇك ئۆكسۈشلەر،
پەريادىمۇ ئاسماندىكى يۇلتۇزنىڭ.
پەنجىرىگە يامىشىقلىق ھىلال ئاي،
قانىتىنىڭ پارچىسىمۇ ئاق قۇنىڭ؟

سېنى ئىزدەپ كەتكەن ئىدى ھەسرىتىم،
بولارسەنمۇ كۆز يېشىمنىڭ دىلكىشى؟
ئەڭ ئاخىرقى تەنھا قالغان يۇلتۇزنىڭ
بىلەلمىدىم كىم بولاركىن سىرداشى؟

ئۆگزەمگە قونغانىدى بىر چاغدا،
پەيلىرىنى يىتتۇرۇۋەتكەن شۇ ئاق قۇ.
ئەجەب يەنە ئۇچۇپ يۈرەر بىمالال،
توۋا، دېدىم قاناتلىرى ساپ - ساققۇ؟

غېرىبانە ئۇخلاپ قالسام ئەگەردە،
ھېچ بىلمەيمەن كىم قوياركىن ئەللەيلەپ.
پەنجىرەڭنى سۆيۈپ كەتكەن گۈل ئاينى،
قارىچۇقۇمغا سىلىنۇالدىم قەدىرلەپ.

ئايدىڭ كېچە ئۆزۈك - ئۆزۈك ئۆكسۈشلەر،
ھەسرەتلىرىم يۈرەر قاڭقىپ ئەندىكىپ.
بىرتال يېشىم نۇر قولىنى سوزغانچە،
ئاق دالىدا تۇرار سېنى سېغىنىپ!

رەيھانگۈل غوجابدۇل

## ۋەتىنىم

تەنلىرىم چېتىلغان سېنىڭ تېنىڭگە،
كۆيلىسەم كۆيۈمسەن، تولۇلسام ناخشام.
ئەجدادىم قانلىرى ئاقار تومۇردا،
ۋەتەنسىز — مۇردىسەن، دېگەنتى ئاتام.

بىباھا باغرىڭدا ئۆستۈم ئەركىلەپ،
شەربەتتەك خۇي بەردى شەربەت باغلىرىڭ.

مەن ئۈچۈن شېئىردۇر، ھاياتتۇر، نۇردۇر،
سايلىرىڭ، باغرىڭ، ئېگىز تاغلىرىڭ.

سەن مېنىڭ ئانامسەن ئاپئاق روماللىق،
ئەسىرگە تەڭ بولار سەندە كۈنلىرىم.
سەن بىلەن دۆڭلىرىم بولىدۇ چوققا،
سەن بىلەن ئېچىلار قىزىل گۈللىرىم.

چوپانى

# ئىككى غەزەل

## مەن بار

سېنىڭدەك، سەن ئۈچۈن ئوتقا ئۆزۈمنى ئاتقىلى مەن بار،
ئوتۇڭدا كۈل بولۇپ خەستەك، لېۋىڭغا پاتقىلى مەن بار.

ئەجەلنىڭ ئۆۋىتى كەلسە ساڭا، تەشۋىش يۇتۇپ يۈرمە،
سالامىم بىرلە ئەزرائىل پۇتىدا ياتقىلى مەن بار.

مۇھەببەت — سۆيگۈ، مېھرىمدە قىران روھىڭغا بەل باغلاپ،
ساڭا ھەرنە كېرەك بولسا جېنىمنى ساتقىلى مەن بار.

ئەگەر ئالۋۇنغا يەم بولسا ئېتىڭ چۆللەردە ئارماندا،
غۇرۇرۇم بىرلە مەيەڭگە ئۆزۈمنى قاتقىلى مەن بار.

نېنىڭغا چاپلىشىپ قالسا ساماۋى كۆلكە، نەس تۇيغۇ،
ئۇنى قەھرىمنى يا ئەيلەپ داۋاملىق ئاتقىلى مەن بار.

دېرىلدەپ تىترىسەڭ قىشتا قالا قەلبىمنى، مېھرىمنى،
ناۋادا چاڭقىساڭ مۇز بوپ تومۇزدا قاتقىلى مەن بار.

رىئال تۇرمۇشىمىز — ئوت ـ يالقۇن، ياشا ئىسسىق كەبى قەيسەر،
بۈيۈك پەزلىڭگە پەزلىمنى ۋاگون قىپ چاتقىلى مەن بار.

## تەڭرىگە

ماڭا بەرگەندىكىن تەڭرى، جىمى تاقەتنى جەم ئەيلەپ،
نېمىشقا مۆڭ ياراتمايسەن بۈيۈك قەلبىمنى چەم ئەيلەپ؟

پىغان ـ ئاھىم قويىۇپ بەرگەچ ئەرش تۈۋرۈكلىرىگە دەز،
كۆزۈمگە كۆلكە ئورناتتىڭ، كېچە كۆلكەمنى نەم ئەيلەپ.

يىراق لەشكەرلىرىدىم بۇزغاچ كۆڭۈل خۇش ۋاقلىقىڭنى بىر،
مېنى زەپ مۆھتەرەم قىلدىڭ ئەلەم، ھىجرانغا يەم ئەيلەپ.

ناماز ئوقۇشقا باشلاپتىم نىگار قارىچۇقىدا ئەمدى،
ماڭا شەيتاننى يار قىلدىڭ ۋىسال ھەققىدە غەم ئەيلەپ.

مۇھەببەت — كۈچ، ئەقىل، قۇدرەت! بۇنى بىلمەي خاتا قىلدىڭ،
بېرىپ سۆيگۈ چوپانىغا، «ئەقىل، قۇدرەتنى كەم ئەيلەپ».

ئەنۋەر ياقۇپ

## دوستۇمغا سۆز

بىزلەر ئەمدى چوڭ بولدۇق، جاھان كۆرۈپ ئوڭ بولدۇق،
كىچىك دېمەس كۆرگەنلەر يىگىت دىيدۇ ئۇلۇغلاپ.
نامىمىزغا لايىقراق ئىش قىلايلى ئوگىشلىپ،
ياماننىقنى جايىغا قويايلى بىز قۇلۇپلاپ.

سېنىڭدىمۇ بار ئېۋەن، مېنىڭدىمۇ يوق ئەمەس،
دوستۇم بولساڭ كۆرسەتكىن سەندىن خورسەن بولمەن.

مەن ئەمەسمەن ماختىسا كۆككە ئۇچقان ھاماقەت،
ئەنقىدلەردىن مەن تېخى تولۇن ئايدەك تولىمەن.

سېنىڭ ئۇچۇن ئاز - تولا سۆزلەپ قوياي قوبۇل قىل،
ھەر ماكاندا ھەر زامان غۇرۇرۇڭنى ساقلىغىن.
ياخشىلىق ھەم يامانلىق قوشۇلمىسۇن سېنىڭدە،
خۇشامەتتىن يىراق بول ھەقىقەتنى ياقلىغىن.

بۇ دۇرەمىزۇ ئاڭلىدىم، بىرەيلەننى كۆپتەردىك،
تەلۋە قۇيۇن خۇيىنى شۇنچە ئوبدان ئۆستەردىك.
جىدەل بىلەن غەۋغاغا خوردا بولغان ئەزەلدىن،
شۇ ياۋايى پەيلىگە ياخشىلىقتىن تۆس بەردىڭ.

يامان بىلەن دوست بولساڭ يالمىسىغا قالىسەن،
دۈشمىنىڭگە ئوق بېرىپ، دوستنى يەكسان قىلىسەن.
يامانلاردىن يا بويى قاچ دېگەنغۇ كونىلار،
ھېكمەتلەرنى تىڭشىماي يۈرەكلەرنى تىلىسەن.

ۋەھشىيلىكمۇ شەرەپمۇ؟! تونۇشتۇردۇڭ دوستۇم دەپ،
بولۇپ كەتتىڭ ئۇنىڭكى خىزمىتىدە پايپېتەك.
ئۇ ھۆرپىيىپ ھەدىمگە ئوخشاپ قالسا قاۋانغا،
يىرگەنمەيسەن، ئارقىدىن ئەگىشىسەن بوپ ھەلەك.

ئۆز قوۋمىنى تونۇماي، غالجىر ئىتتەك تالىسا،
دېدىڭمىكىن ئۇنىڭدىن يەتمەس ماڭا ھېچ ئازار.
ئەزىز كۆرۈپ ئۆزىنى، ئۆزگىلەرنى چەيلىمە،
خېرىدار دۇر ئۇنىڭغا قايسى دۇكان قاي بازار؟

يامانغا يار بولۇپسەن خىسلىتىڭنى يوقىتىپ،
ئوكشىۋالغىنى ئۆزۈڭنى بولسۇن سەندە ئىپتىخار.
ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ پەرقى پەقەت ئېتىقاد،
ئېتىقادلىق ئادەمگە شەرەپ ياغار، نۇر ياغار.

تۇرسۇنتوختى مەتتوختى

## ئۈجمە كۆكۈل

كېچىلىرى ئۇخلىماي
ئايغا قارايمەن.
كۆيۈپ قايتۇ دېمەڭلار

كۈننى قارايمەن.
كۈن ئۆرلىسە، تەلمۈرۈپ
گۈلگە قارايمەن.

# پىشكەللەر

**شۈكۈر يالقىن***

## بۇزۇلمايدىغان تېلېفون

ئۆيىدىكى تېلېفوندىن پات - پات چاتاق چىقىپ، سۆزلەشكىلى بولمايدىغان بولۇپ قالغىنىدىن خاپا بولغان قوشنىسى موللا نورۇزغا:

— زادى مۇشۇ تېلېفوننى يېڭىلىۋالسام بولمايدىغان بولدى، — دەپتۇ.

— يېڭىسىنى نەدىن ئالسەن؟ — دەپ سوراپتۇ موللا نورۇز.

— تېلېفون باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن ئالماقچىمەن.

— ياق، ئۇ يەردىن ئالما، بەربىر چاتاق چىقىدۇ.

— ئۇنداقتا، نەدىن ئالسام چاتاق چىقمايدۇ؟

— تېلېفوننى كىنو ياسايدىغان جايدىن ئال، نېمىشقا دېسەڭ، كىنودىكى ئارتىسلار قاچان بولمىسۇن، تېلېفون بەرسە شۇ زامانلا جاۋاب كېلىۋېرىدۇ، — دەپتۇ موللا نورۇز.

## پۈتۈن بىر بويۇن

موللا نورۇز بىر كىلوگرام گۆش ئالماقچى بوپتىكەن، قاسساپ پۈتۈن بىر بويۇننى بىر كىلوگرامغا توغرىلاپ تارتىپ بېرىپتۇ. موللا نورۇز گۆشنى ئېلىپ، قاسساپقا «رەھمەت، رەھمەت» دەپ قايتا - قايتا ئېگىلىپ تەزىم قىلىۋېرىپتۇ.

بۇنداق ئارتۇقچە مىننەتدارلىقتىن ئەجەبلەنگەن قاسساپ:

— نېمانچە تولا رەھمەت بۇ؟! — دەپتۇ.

— ياق، بۇرادەر، — دەپتۇ موللا نورۇز، — مەن ئۆتكەندە پۈتۈن بىر قوي ئېلىپ، ئارانلا بىر بويۇنغا ئىگە بولالىغانىدىم. ھازىر بىر كىلوگرام گۆش ئېلىپ، پۈتۈن بىر بويۇنغا ئىگە بولۇۋاتىمەن. مەن خۇش بولماي كىم خۇش بولسۇن!

---

* ئۆتكەن ساندا ئاپتور «لاتەپپىلا پىغۇچى» بولۇپ قالغان.

# «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ ئارقىلىق ئوقۇتۇش كۇرسىغا 2 ـ قارارلىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئېلانى

تۇنجى قارارلىق كۇرسىمىز ئاپتورلار ئارىسىدا كەڭ ۋە ئاكتىپ تەسىر قوزغىدى. بىر مۇنچە ئەقسامى ئىگىلىرى بايقالدى، بەلگىلىك تەربىيىگە ئىگە بولدى. ھەۋەسكارلارنىڭ تەلىپىگە بىنائەن بۇ كۇرسنى يەنە داۋاملىق ئاچماقچىمىز. كۇرسىمىز ئوقۇتۇش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا داۋاملىق ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، بۇ قاراردا ئوقۇتۇش شەكلى ۋە ئۇسۇللىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئەچۈن تىرىشىدۇ.

1. مەقسەت: ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ خەت يېزىش. يۈز تۇرانە سۆزلىشىش. ئەسەر ئېلان قىلىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر بىلەن ئالاقىلىشىش ئارقىلىق كۇرسانتلارنىڭ بەدىئى ئەسەرلەردىن ھوزۇر ئېلىش ئىقتىدارى ۋە ئىجادىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، بەدىئى ئىجادىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش. ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت.

2. ئوقۇش مۇددىتى: 8 ئاي (1993 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1994 ـ يىل 4 ـ ئايغىچە)، مۇددەت توشقاندا ئوقۇش تۈگىتىش گۇۋاھنامىسى بېرىلىدۇ.

3. سىنىپلار تۈرى: نەسرىي ئەسەرلەر، شېئىر ۋە ئوبزور بويىچە ئۈچ خىل سىنىپقا ئايرىلىدۇ.

ئىجادىيەتكە ھەۋەس قىلغۇچىلار ۋە يېزىقچىلىق ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى خالىغۇچىلار ئوقۇش تارىخى. يېشى ۋە كەسپىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئوقۇشقا تىزىملانسا بولىدۇ.

4. ئوقۇتۇش شەكلى: ① شائىر، يازغۇچى، ئوبزورچى، مۇھەررىرلەردىن تەركىب تاپقان يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار تاپشۇرۇقلار (مەشىق ئەسەرلەر) نى تەكشۈرىدۇ، تاللاپ نەشرگە تەييارلايدۇ ياكى خەت ئارقىلىق يېتەكلەيدۇ. ② «كۇرسانتلار ئەسەرلىرىدىن» سەھىپىسى ئەسەر ئېلان قىلىش مۇنبىرى ۋە ئاساسلىق ئوقۇتۇش ماتېرىيالى قىلىنىدۇ. «دۇنيا ئەدەبىيات ئېقىملىرىغا نەزەر»، «ئەدەبىياتتىن ساۋات»، «توختاملىق سەھىپە» (ئۆزى ھەق تۆلەيدىغان) قاتارلىق سەھىپىلەر كۈچەيتىلىدۇ ياكى يېڭىدىن ئېچىلىدۇ. كۇرسانتلار ئەسەرلىرى ھەققىدىكى باھا ۋە ساۋات خاراكتېرلىك ماقالىلەر ئېلان قىلىنىدۇ. ③ ماتېرىيال ۋە خەت ئەۋەتىلىدۇ. ھەر بىر كۇرسانتقا «تارىم» ژۇرنىلى، «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت گېزىتى» بىر نۇسقىدىن ھەقسىز ئەۋەتىلىدۇ. بەزى كۇرسانتلارغا خەت ئارقىلىق يېتەكلەش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

تاپشۇرۇقلار 9 ـ ئايدىن باشلاپ كۆرۈلىدۇ. 10 ـ ساندىن باشلاپ 2 ـ قارار كۇرسانتلار ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنىدۇ. ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرگە قەلەم ھەققى بېرىلىدۇ. كۇرسانتلار ئەۋەتكەن ئەسەرلەردىن تاللانغانلىرى ئېلان قىلىنىدۇ. نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغانلار قەلەمكەشلەر يىغىنلىرىغا قاتناشتۇرۇلىدۇ، يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا تونۇشتۇرۇلىدۇ.


5. ئوقۇش ھەققى: نەسرىي ئەسەرلەر سىنىپى 140 يۈەن، شېئىر ۋە ئوبزور سىنىپى بىردەك 120 يۈەن (1 ـ قارار كۇرسقا قاتناشقانلار قايتا قاتناشسا 20 يۈەن ئېتىبار بېرىلىدۇ، تاپشۇرۇقلىرى ئالدىن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ). كوللېكتىپ تىزىملاتقۇچىلار 10 دىن ئاشسا باھادا ئېتىبار بېرىلىدۇ. ئوقۇش ھەققى پوچتا چېكى ئارقىلىق ئەۋەتىلىشى، ئەۋەتكۈچىنىڭ ئىسىم فامىلىسى، ئادرېسى، پوچتا نومۇرى ئېنىق يېزىلىشى كېرەك.

6. تىزىملىتىش ۋاقتى: ئېلان چىقىرىلغان كۈندىن باشلاپ 10 ـ ئايغا قەدەر.

خەت ـ چەكلەرگە: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي دوستلۇق يول 22 ـ قورۇ «تارىم» ژۇرنىلى ئوقۇتۇش مەركىزىگە تېگىدۇ، دەپ يېزىلىشى كېرەك.

پوچتا نومۇرى: 830000

**«تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى**




《塔 里 木》 文学月刊（维吾尔文）

TARIMAMONTHLY LITERATURE JOURNAL
IN UIGHUR LANGUAGE

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订阅、零售：各 地 邮 局 所

1993 ـ يىل 6 ـ سان (388 ـ سان)، 43 ـ يىل نەشرى.
تۈزگۈچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.
ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 ـ قورۇ. تېلېفون نومۇرى: 416214.
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى، شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ.

国际统一刊号：ISSN 1002－9044 ISSN 1002 ـ 9044 خەلقئارالىق بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:

国内统一刊号：CN 65－1010／I CN 65 ـ 1010 / I مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
邮发代号：58－66 定 价：2.00元 پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 66 ـ 58، باسما تاۋاق: 10، باھاسى: 2.00 يۈەن
邮政编码：830000 پوچتا نومۇرى: